مەملىكەت بويىچە 100 نۇقتىلىق ژۇرنال
مەملىكەتلىك سەرخىل ژۇرناللار سېپىگە كىرگەن ژۇرنال
شىنجاڭ بويىچە ئىجتىمائىي پەن تۈرىدىكى مۇنەۋۋەر ژۇرنال

MIRAS (HERITAGE) OF UYGHUR FOLK CULTURE



MIRAS 美拉斯 MIRAS

# ميراس

4
2006

ISSN 1004-3829



تارىم خاتىرىلىرى

يالقۇن ھابىل فوتوسى






قوش ئايلىق ژۇرنال 2006 - يىل 4 - سان

(ئومۇمىي 96 - سان)

## ئالىم بولساڭ ئالەم سېنىڭكى

سەنئەت پىسخىكىسىدىن ئۆلى دىيارىغا بىر نەزەر..................مىجىت ناسىر (1)

«ئاق بوز ئات» چۆچىكى ۋە ئۇنىڭدىكى روھنى باشقا شەيئىگە بەند قىلىش مۇتىفى توغرىسىدا..........................مۇھەممەد ئىمىن ئاتاۋۇللا (15)

ئۇيغۇرلاردا چاي مەدەنىيىتى.......................ئابلىز مۇھەممەد سايرامى (51)

ئۇيغۇر خەلق رىۋايەتلىرىدىكى قەھرىمانلىق روھ توغرىسىدا ..........................................گۈلنار تالىپ (72)

## ئادەت قىرىماس

تارىم خاتىرىلىرى.......................................يالقۇن ھابىل (11)

## كەچمىش - كەچۈرمىشلەر

كۆلكە داۋانلىرى.............................................ماخمۇت مۇھەممەد (20)

جۇڭغارىيە ئوچېركلىرى.......................چوقان ۋەلىخانوف (چاررۇسىيە) (34)

## ھەر گۈلنىڭ پۇرىقى باشقا

يەر شارىلىشىش تىل مۇھىتىدىكى غەربىي دىيار مەدەنىيىتى........................................................................شۆھرەت مۇھەممەد (58)




باش مۇھەررىر:

**يۈسۈپ ئىسھاق**

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:

**مۇختار مۇھەممەد**

جاۋابكار مۇھەررىر:

**نۇرنىسا باقى**

**باشقۇرغۇچى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى

**تۈزگۈچى:** «مىراس» ژۇرنىلى تەھرىراتى

ئۈرۈمچى شەھىرى دوستلۇق جەنۇبىي يولى 22 - نومۇر، 14 - قەۋەت

TEL: ( 0991) 4554017

«شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى باسما ئىشلىرى مەركىزىدە بېسىلدى

ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ

جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى:

CN65- 1130 / I

خەلقئارالىق نومۇرى:

ISSN1004 - 3829

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 60 _ 58

پوچتا نومۇرى: 830001

E-mail: mirasuyghur @126.com

چەت ئەلگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: 1130BM

باھاسى 5.00 يۈەن

ناق ئاينىڭ 20 - كۈنى نەشر قىلىنىدۇ

**بىزنىڭ ئۆرانىمىز ـــ مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت !**

**بىزنىڭ قوغدايدىغىنىمىز ـــ ئىلغار مىللىي مەدەنىيەت !**


ۋەتەنگە بولغان مۇھەببەت قانچە پۇلغا يارايدۇ..............گۈلشات تەلئەت (68)


## كۈلكە ـــ جان ئوزۇقى


يۇمۇرلار......................................................خۇرسەنئاي مەمتىمىن (ت) (70)


## يورۇق يۇلتۇزلار


فولكلور مەدەنىيەت تەتقىقاتىدىكى تۆھپىكار..............سادىر تۇرسۇننىياز (76)


# 我们要抢救传统文化

# 我们要保护传统文化

# 我们要弘扬传统文化


主编:
玉素甫.依莎克
副主编:
穆合塔尔.穆罕默德
责任编辑:
努尔尼沙.巴克

主管:新疆维吾尔自治区文学艺术界联合会
编辑:《美拉斯》杂志社(乌市友好南路22号文联14层)
电话:(0991)4554017
印刷:新疆日报社印务中心
发行:乌鲁木齐邮局
订阅:全国各地邮局
国内统一刊号:CN65—1130/I 国外统一刊号:ISSN1004—3829 邮政代号:58—60
**E-mail: mirasuyghur@126.com**
海外发行代号:1130BM
邮编:830001
定价:5.00元


## 主要目录


从艺术的角度看伊犁人 ........................ 米吉提纳斯尔(1)
塔里木纪事 .................................. 亚力坤阿比力(11)
论民间故事《大青马》灵魂转移母题 ......... 买买提明阿塔乌拉(15)
笑的历程 .............................. 买合穆德穆罕默德(20)
维吾尔族的茶文化 ................... 阿不力孜买买提赛拉米(51)
全球化语境下的西部文学 ......................... 宋家宏(58)
论维吾尔传说故事中的英雄精神 ............. 古丽娜尔塔里甫(72)
为民俗文化研究作出贡献的人 ........... 沙迪尔图尔逊尼亚孜(76)


مۇقاۋىدا: ئۇيغۇر قىزى. كىيىمنى دۆلەتلىك 1 ـ دەرىجىلىك كىيىم لايىھىلىگۈچى خانىش ھاپىز لايىھىلىگەن. يۈسۈپجان تۇرسۇن فوتوسى


Chief editor: Yusup Is'haq
Deputy chief editor: Muhtar Muhammed
Responsible editor: Nurnisa Baki



Responsible Commission: Xinjiang Uyghur Autonomous Regional Federation of Literary and Art Circles
Editor: "Miras" (Heritages) editorial department
22# 14 floor southern frendship road Urumqi Xinjiang China
Printer: xinjiang newspaper press center
Distributioner: Urumqi post officePost offices of the whole country
Print number at home: CN65-1130/I
Print number abroad: ISSN1004-3829
PostCode: 58 - 60
International Standart Book Number: 1130BM
Post Number: 830001
Tel: (0991 4554017
Price: 5¥


**جۇڭگو شىنجاڭ ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتىنىڭ «ئىنسانىيەت ئاغزاكى ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسىنىڭ ۋەكىللىك ئەسىرى» قىلىپ بېكىتىلگەنلىكىنى قىزغىن تەبرىكلەيمىز!**

# سەنئەت پىشخىكىسىدىن ئۇلى دىيارىغا بىر نەزەر

مىجىت ناسىر

رايونىمىزنىڭ خىلمۇخىل تەبىئەت دۇنياسى، ئۇزاق تارىخىي جەريانلاردا خەلقىمىزگە ئاتا قىلغان، نۆۋەتتە دۇنيا مىللەتلىرى ئۆزىنى تونۇشتۇرۇشتا ئىپتىخار بىلەن تىلغا ئالىدىغان، خاراكتېرىمىزدىكى سەنئەتلىك ۋە يۇمۇرىستىك پىسخىكا، مىللىتىمىزدىكى مەڭگۈ ئۆزگەرمەس، بەلكى تەرەققىي قىلىدىغان گەۋدىلىك بولغان مەنىۋى بايلىق ھېسابلىنىدۇ.

بىز خەلقىمىزنى ئادەتتە سەنئەتخۇمار مىللەت دەيمىز. بۇنىڭغا يۇمۇرىستىك، خۇش پېئىل مىللەت دېگەن مەزمۇننى قېتىشقىمۇ بولىدۇ.

بۇ ئىككى خىل پىسخىكا بىر ـ بىرىنى شەرت قىلىدىغان، تولۇقلايدىغان يىلتىزداشلىققا ئىگە. سەنئەتكارلار كۆپىنچە يۇمۇرلۇق بولغىنىدەك، يۇمۇرلۇق مىللەتمۇ سەنئەتنى چۈشىنىدىغان، قەدىرلەيدىغان كېلىدۇ.

كىشىلەردىكى پىسخىك ئورتاقلىق ھېسسىياتتىكى ئورتاقلىقتىن كېلىدۇ. ھېسسىياتتىكى ئورتاقلىق مۇھەببەت ـ نەپ‍ـ رەتتىكى ئورتاقلىقنى بەلگىلەيدۇ.

ئىنساندىكى ئۆزگىرىش ئالدى بىلەن ھېس ـ تۇيغۇدىكى، يەنى نېمىدىن لەززەتلىنىش ـ نەپرەتلىنىش، نـېـمـىـنـى



www.uyghurkitap.com



ياقتۇرۇش ـ ياقتۇرماسلىقتىن باشلىنىدۇ.

تارىختىن بېرى ئورتاق ھېسسىيات، ئېستېتىك غىدىقلىنىش ئارقىلىق بىزنىڭ ئورتاق مەقسەت بىرلىكىمىزنى پەيدا قىلىپ، ئەۋلادمۇ ئەۋلاد ساقلىنىپ كەلگەن بىباھا ئەنئەنىۋى سەنئىتىمىزنى ۋە يۇمۇرلۇق ئالاھىدىلىكىمىزنى چۈشىنىپ قەدىرلىشىمىز، ئۇنىڭغا ئىجابىي ۋارىسلىق قىلىشىمىز، ئۇنى دەۋر تەلپى بويىچە ئىلمىي راۋاجلاندۇرۇشىمىز مەۋجۇتلىقىمىزنىڭ مۇھىم بىر ئاساسىدۇر.

يۇمۇرىستىك خاراكتېر ھەققىدە كىشىلەرنىڭ چۈشەنچىسى بارغانسېرى ئاشماقتا.

ھاياتتا كۆڭۈللۈك ياشاشنىڭ بىر شەرتى بولغان يۇمۇرىستىك پسىخىكىنىڭ يۇقىرالار، ھەتتا ئەربابلارنىڭ ھاياتىغىچە ئەھمىيىتى گەۋدىلەنمەكتە.

قايسىبىر ئەلنىڭ گۈزەل مەلىكىسى ئاخىر بىر يىگىتنىڭ ئىككى ـ ئۈچ ئېغىز يۇمۇرىستىك سۆزىنىڭ تەسىرىدىن ئۇنىڭغا ياتلىق بولغان ئىكەن. يەنە بىر خەلقئارالىق ئەربابنىڭ ئۆمۈرلۈك خىزمەتلىرى ئىچىدە، يۇمۇرىستىك خۇشخۇي مىجەزى ئۇنىڭ بىر زور نەتىجىسى سانالغان. يەنە بىرسىنىڭ نەق شۇ خاراكتېرىنىڭ يوقلۇقى ئىقتىدارسىزلىقىنىڭ بىر ئىپادىسى، دەپ قارىلىپ سايلامدا چۈشۈپ قالغان.

مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ ئاتاقلىق رىياسەتچىسى سۈي يوڭيۈەن يۇمۇرىستىك خاراكتېرى، قىزىقارلىق سۆزلىرى بىلەن ئەڭ ئالقىشقا ئېرىشكەن رىياسەتچى بولدى.

شىنجاڭ تېلېۋىزىيىسىنىڭ ئېكرانلىرىدا تۆت ـ بەش يىلدىن بېرى شۇنداق قىزىقارلىق كۆرۈنۈشلەر باشلىنىۋېدى، يۇمۇرىستىك تۇيغۇغا ئىگە خەلقىمىزنىڭ كۆڭلىگە ياقتى.

ياخشى سۈپەتلىك گېنلارنى كۆپەيتىپ، پسىخولوگىيىلىك مەنىۋى ئۇنۇم بېرىدىغان، ئىجابىي يۇمۇرىستىك خۇشاللىق بېغىشلايدىغان تۇرمۇش ئادىتىنى ئۆزىمىزدە يېتىشتۈرۈش بىر ياخشى خىسلەتلا ئەمەس، پەرزەنت تەربىيىسىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبى قىلىش تولىمۇ ئەھمىيەتلىكتۇر.

جەنۇبىي ـ شەرقىي شىنجاڭلارنىڭ شەھەر توقۇمىچىلىق، قول ھۈنەرۋەن، تېبابەتچىلىك مەدەنىيەتلىرىنىڭ قەدىمىيلىكى، تەرەققىياتتىكى ئالاھىدىلىكى بولغىنىدەك، يۇمۇرىستىك سەنئەت پىسخىكا پەرقى كىشىلەرنىڭ دېيىشىچە، نۆۋەتتە ئىلى خەلقىدە نىسبەتەن گەۋدىلىك ئىكەن.

مۇقام تەتقىقاتچىسى، سەنئەتكار ئابدۇللا مەجنۇن: ئىلى خەلقى چاقچاقتا ماھىر بولۇپلا قالماي، سەنئەتكىمۇ ئاشىق ئىكەن. ئاشىقى بار يەردە مەشۇقى چىقىدۇ، ئۇلار مۇزىكىنى سۆيۈپ مۇڭ بىلەن ئاڭلايدىكەن، دېگەنىدى.

ئۇيغۇرلارنىڭ پسىخىكىسىغا يۇمۇر، سەنئەت يۇغۇرۇلۇپ كەتكەچكە، ئۇلارنىڭ ھەر بىر تۇرمۇش رىتىمىدا مۇزىكا، يۇمۇر، خۇشخۇيلۇق تۆكۈلۈپ تۇرىدۇ. بۇ خەلق يۇمۇر، مۇزىكا مۇڭنى بەكمۇ قەدىرلەيدۇ. بۇ يەنىلا ئانا تەبىئەت، گۈزەل ۋادىنىڭ ، مۇنبەت تۇپراقنىڭ سوۋغىسى.

1992 ـ يىلى 4 ـ ئايدا ۋاڭ لېچۈەن شۇجى باشچىلىقىدىكى ئۆمەك ياپونىيە چاڭيى ئۆلكىسىنى زىيارەت قىلغاندا بۇ يەرنىڭ مەنزىرىسى ئىلىنىڭكىگە ئوخشايدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم. ئەتىسى دالادا بىر تورغاينىڭ بىر خىل تونۇش ئاۋازدا ئاسمانغا تىك ئۆرلەپ شۇڭغۇپ قايتىپ چۈشكەندىكى ئۇچۇش شەكلى، سايراش ئاۋازىنىڭ خۇددى ئىلى تورغىيىنىڭكىگە ئوپمۇئوخشاشلىقىنى كۆرۈپ تەبىئەتنىڭ مۆجىزىسىدىن ھەيران بولدۇم. كەچكى زىياپەتتە ساھىبخانلارنىڭ ئالاھىدە يۇمۇرىستىك، خۇشخۇي مىجەزى بىزنى شادلاندۇردى.

ئىلى خەلقى كەمبەغەل ـ باي، زىيالىي ـ دېھقان، مەيلى ئەمەلدار ـ پۇقرا بولسۇن، ئۆزئارا مۇناسىۋەتتە گۈزەل ئەخلاقنىڭ ئىپادىسى بولغان ئىنسانىي تەڭلىكنى ئەلا بىلىپ، چوڭ ـ كىچىك دەپ ئايرىماي كىشىلەرنى ھۆرمەت قىلىشقا دىققەت قىلىدۇ.

1995 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە چاپچالدا ئۆتكۈزۈلگەن چوڭ سورۇندا ئەتەي «ھېسامكا، سېنى يۆلەپ ئورنۇڭدىن تۇرغۇزۇپ قويدۇم، ئۇنتۇپ قالما» دېسەم، «سېنى ماڭا ئوخشاشلارنى يۆلەيدۇ دېمىسەك، نېمەڭگە سايلايمىز» دېيىۋىدى، كۈلكە كۆتۈرۈلدى، بەزىلەر ھەيران قالدى.

2000 ـ يىلى سالى، لەتى، ۋەلى، مىجىت ۋە باشقىلار بىلەن ئىلى دەرياسىدا چۆمۈلدۇق. 7 ـ 8 ياشلىق بىر بالا: «ئاكا، بۇ ئاتنى ساتماقچىدۇق، يانپېشىغا ئىسمىڭىزنى يېزىپ قويسىڭىز»دەپ چاقچاق قىلدى. بۇ ئەلۋەتتە مېنى تەڭ ئۆز كۆرۈپ، كۆڭۈل ئازادىلىكى بېرىۋاتقانلىقىنىڭ ئاددىي بىر مىسالى. پەقەت ماڭىلا قىلىنغان چاقچاقلاردىن ئون نەچ-



چىسى بۇ يەردىن تەرەپ ـ تەرەپكە ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈپ تاراپ كەتكەن. بۇنداق چاقچاق، يۇمۇرلار ھەركۈنى ئۈزۈلمەي چىقىپ تاراپ تۇردۇ.

1984 ـ يىلى ۋاڭ ئىنماۋ باشچىلىقىدىكى ئۆمەك ئامېرىكىنىڭ كالىفورنىيە شتاتىدا ئۈچ كۈن زىيارەتتە بولدۇق. بەزىلىرىمىز شىنجاڭ ئامېرىكىنىڭ كالىفورنىيىسىگە ئوخشايدىكەن دېيىشتۇق. نەزەرىمدە ئىلى ۋادىسىنىڭ ئېكولوگىيىلىك تەبىئىي ئەۋزەللىكلىرى ئۇنىڭدىن قېلىشمايتتى. ئاتاقلىق يازغۇچى ۋاڭ مىڭنىڭ قەلبىدە بۇ سېھـــرلىك تۇپراق، شۇ يەردىكى خاسلىققا ئىگە گۈزەل تۇرمۇش ئۇنىڭ بەدىئىي تەپەككۇرىنى بېيىتقانلىقىدىن ئۇنىڭ «ناخشا پىرى»، «ھەمراھ قىزنىڭ مۇھەببىتى»، «ئاھ، مۇھەممەد ئەمەت»قاتارلىق ئەسەرلىرىدە ئىلىنىڭ تەبىئەت ئۆزگىچىلىكى، ئىلى خەلقىنىڭ ئېتىملىق، يۇمۇرىستىك ھايات مەنزىرىسى يارقىن ئەكس ئەتكەن ئىدى. «ئىلىغا بارمىغانلار شىنجاڭنىڭ گۈزەللىكىنى بىلمەيدۇ» دېگەن ئوخشىتىش بىكار ئېيتىلمىغان بولسا كېرەك. ئىلى ۋادىسىغا كۆكتىن قارىساق، قۇياش نۇرى تاغ چوققىلىرىغا ئېسىلىپ تۇرغان پارنىڭ يوپۇغىدەك ـــ يىپەك پەردىسىدەك سىرلىق ھايات كارتىنىسىغا نەزەرىمىز چۈشۈپ مۇرەككەپ ھېسسىيات خىياللار قاينىمىغا پاتىمىز.

ئۈزۈلمەس ئېقىنلار، دەريا دولقۇنلىرى، ھۆل ـ يېغىن، مۇنبەت تۇپرىقى، تەبىئىي بايلىقى، خاس ئېكولوگىيىسى، بۇ يەردىكى كىشىلەرگە توقلۇق، شوخلۇق، روھىي ئېنېرگىيە، مۇزىكا، يۇمۇرىستىك ھايات مېلودىيىسى بەدىئىي تەپەككۇر ئاتا قىلىپ كەلگەن.

بۇلارغا ھەمراھ، غۇرۇرىنىڭ سىمۋول پاسبانىدەك مەڭگۈ سۈكۈتتە تۇرغان تەڭرىتاغ تىزمىلىرى، ئىلى دەرياسى ئېھتىمال «ئەۋرىشىم»دەك ئىلى خەلق ناخشىلىرىنىڭ تەبىئىي گارمۇنىيىسى ـــ ئىجادىيەت مەنبەسى بولۇپ كەلگەن.

سەرخىل جانلىقلار دۇنياسى، بۇلبۇل ناۋالىق گۈلباغلىرى، سۈزۈك، قۇياشلىق ئاسمىنى كىشىلەرگە ئېستېتىك زوق، لىرىك تۇيغۇ، مۇڭ بېغىشلاپ، مۇھەببەتلىك نەزمىلەر، شوخ كۈيلەرنىڭ تۇغۇلۇشىغا تەسىر كۆرسىتىپ تۇرغان بولۇشى مۇمكىن.

باغلارغا ياندىشىپ كەڭ كەتكەن دالا، پايانسىز يېشىل تۈزلەڭلىكلەر كىشىلەرگە روھىي ئازادىلىك، چەكسىز ئەركىنلىك ئاتا قىلغان. تەبىئىي گۈزەللىك، دەريالارنىڭ مەۋج ئۇرغان رىتىملىرى، بۇ مۇزىكىلىق دۇنيانىڭ مېلودىيىلىك لىنىيىسى قىلىنغان، دەل مۇشۇ ئامىللار دېڭىزدەك چوڭقۇر ھەم دولقۇنلۇق، سىلىق، يېقىملىق، ئېتىملىق، لەرزان باغ ـ دالا كۈيلىرىنىڭ ئىجاد قىلىنىشىغا سەۋەب بولغانلىقىنى چەتكە قاقمايمىز.

ئاشلىق ئېڭىزلىرىدا ياز بويى داۋاملىشىدىغان ئوڭ ـ تەتۈر قامام ئورمىلار، ئىككى ـ ئۈچ تولۇقلۇق مەڭگەن سامىنى ئايرىپ تېپىلىدىغان خارمانلار، مەھەللە ئېتىز ۋە ئىلى ـ ئۈرۈمچى يوللىرىدا قاتنايدىغان چاقلىرى تۆمۈر چەمبەرلىك ئېغىر يۈك ھارۋىلىرى، قار نېمىدە ھەيدىلىدىغان ئىككى ئاتلىق قوشلار ۋە ئۈچ قېتىم ھەپتىلەپ چالغىدا ئورۇلىدىغان بېدىلەر ۋە باشقا ئەمگەك مەنزىرىلىرىنى كۈيلەيدىغان ھارۋىكەش ناخشىلىرى داۋاملىق ئېيتىلىسىمۇ، ئەمما ئورما ناخشىلىرى، خامان ناخشىلىرى ئۇنتۇلۇپ كېتىش خەۋپىگە دۇچ كەلمەكتە. بارلىق ئەنئەنىۋى ئۇيغۇر خەلق كۈيلىرىنى تۇرمۇش سەھنىسىدىن چۈشۈرۈپ قويماي ئەۋلادلارغا ئۆتكۈزۈپ بېرىش بىزنىڭ تارىخىي ۋەزىپىمىزدۇر.

ياز ئايلىرى، بىر كۈنلۈك ھاياتنىڭ ئاخىرقى ساداسىدىن ياڭرىغان كۈيلەر، پۈتكۈل يېزىنى تەبىئىي بەدىئىي سەھنىگە ئايلاندۇرۇپ، ئىلى پىسخىكىسىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، مۇزىكىلىق ـ سەنئەتلىك بىر دۇنيانى يارىتاتتى.

بىر زامانلاردا شۇ كۈيلەرنى ئېيتقان پېشقەدەملەر تونۇش ئاۋازلاردىن «بۇ ئاتىلار ئېيتقان ناخشىلار ئىدى، پالانىلار ئورمىدىن يېنىپتۇ، پالانىلار خارمان ئاپتۇ» دېيىشىپ، ياشلىق ـ قىرانلىق چاغلىرىنى ئەسلىشىپ ئۆتكەن كۈنلەرنى ھېكايە قىلىشاتتى، بەزىدە كۆڭلى بۇزۇلۇپ كۆز يېشىمۇ قىلاتتى.

ئىلى خەلقى نۆۋەتتە زامانىمىزدىكى ھېسام ئاكا، نۇرتاي ھاجىم ۋە ئادىل ھوشۇردەك تۆھپىكارلارنى ئىختىيارىي

www.uyghurkitap.com



مەدھىيىلىگەندەك، بولۇپ ئۆتكەن ۋەقە ـ ھادىسىلەرگە قارىتا بەدىئىي سەنئەت بىلەن يۇمۇرىستىك شەكىلدە تېز ئىنكاس قايتۇرۇش ئەنئەنىسىگە ئىگە.

ئۇزاق ئۆتمۈشتە خەلقىنىڭ كۆچۈشى، ئېغىر ئالۋاڭ ـ ياساق، دەھشەتلىك زۇلۇم ـ ئېزىلىشلەر ھەم ھۆرلۈككە ئىنتىلىش مەزمۇن قىلىنغان قوشاقلار ۋە ئۇنىڭغا ماس ئايرىلىش، سېغىنىش، غېرىبلىق، مىسكىنلىك، ئاھۇزار ۋە ئىنگراشتەك ئىچكى مۇڭ تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان «كۆچ ـ كۆچ ناخشىسى»، «سېپىل ناخشىسى»، «سادىر ناخشىسى»، «ئۆستەڭ ناخشىسى»، «جۇنۇن»، «غۇنچەم»، «گۈلەمخان ناخشىسى»دەك كۈيلەر ھازىرغىچە ئېيتىلىپ كەلمەكتە. بۇ ناخشىلار بۈگۈنكى كۈندە ئۆتمۈش بىلەن ئەركىن دەۋرىمىزنى سېلىشتۇرۇپ، ئەۋلادلارغا ئىجابىي تەربىيە بېرىشتا ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرماقتا.

ئىلى خەلق ناخشىلىرىنىڭ ئاھاڭى، تېكىستى كۆپىنچە ھاياتتا بولۇپ ئۆتكەن مەلۇم تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە چوڭ ـ كىچىك ۋەقەلەرنى ۋە شۇ دەۋرنىڭ ئارقا كۆرۈنىشى، ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەرنى مەزمۇن قىلغاچقا، ئۇنىڭ تەسىر قىلىش كۈچىنى ھەم مۇزىكىلىق ھاياتىي قىممىتىنى ئاشۇرغان.

شۇڭا، بۇ ۋەقە، ئىشلاردىن ئاز ـ تولا خەۋەردار ھەم بىرقەدەر مۇزىكا سەۋىيىسىگە ئىگە كىشىلەر، بۇ ناخشىلار تېكىستسىز لا چالغۇلار بىلەن ئورۇندالسا، شۇ مەزمۇنلارنى ھېس قىلالايدۇ.

ئىلى كۈيلىرى تۇرمۇشنىڭ قاتلاملىرىغا شۇنچىلىك سىڭگەنكى، توي كۈنى يىگىتلەر ئۆيدىن چىققاندا، يولدا، قىزنىڭ ئىشىكى ئالدىدا ھەم قىزنى كۆچۈرۈپ ماڭغاندا، توي كۈيلىرى ئېيتىلىپ، قىز ـ يىگىتنىڭ ئىززىتى، توينىڭ ھۆرمىتى مەدھىيىلىنەتتى. ئۇيغۇرلارغا ئورتاق بولغان مەشرەپلەردە كۆپرەك كلاسسىك ۋە خەلق ناخشىلىرى ئورۇندىلىپ، كلاسسىك ناخشىلىرىمىزنى ـــ خەلق ناخشىلىرىمىزنى مۇستەھكەملەش، تولۇقلاش، كېڭەيتىش ئېلىپ بېرىلاتتى. ئېپتاردىن كېيىن باللار ئۆيمۇ ئۆي رامىزان ناخشىلىرىنى ئېيتىپ، چۈشكەن نەرسىلەر نامراتلارغا بېرىلىپ روزا قەدىرلىنەتتى، كىشىلەرگە ياردەم بېرىش، بىرلىك ھەم خەلقنى سۆيۈش تەربىيىسى سىڭدۈرۈلەتتى.

مەدەنىيەت ئالمىشىش جەريانىدا جەنۇبىي، شەرقىي شىنجاڭنىڭ بەزى ناخشا ـ كۈيلىرى ئىلى رايونىغا تارىلىپ، زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇنىڭغا ئىلى خەلقىنىڭ ئېستېتىك تۇيغۇ، ھېسسىيات مۇڭى ۋە ئۇسلۇبى سىڭىپ، ئۆزلەشتۈرۈش، مۇكەممەللەشتۈرۈش داۋامىدا ئىلى يەرلىك پۇرىقى كۈچىيىپ، ھەتتا كۈيلەرنىڭ ئىلى ۋارىيانتى شەكىللەنگەن، دېيىشكە بولىدۇ.

نۆۋەتتە، سەنئەت تەرەققىياتى، بېرىش ـ كېلىشنىڭ كۆپىيىشى بىلەن بەزى ئىلى كۈيلىرىنىڭ يىلتىزى قومۇل ـ تۇرپان، جەنۇبىي رايونلار ئىكەنلىكىنى ئەمدى بىلۋاتىمىز. بۇ ئىلى سەنئىتىنىڭ تەرەققىياتىدا مۇھىم رول ئوينىغان.

چاتما ناخشىلاردىن سىرت، بىر خىل مۇڭدىكى كۈيلەرگە يات ئاھاڭلار ئارىلاشسا، ھېسسىياتنىڭ ئوخشاش يۆنىلىشىدىن چەتنىگەچكە، نورمال ئېستېتىك لەززەتلىنىۋاتقان كىشىنىڭ ھېسسىياتىنى چەلكەشتۈرۈۋېتىدۇ، ھەتتا بىئارام قىلىدۇ.

نەق مۇشۇ پىسخىك نۇقتىدىن، ئادەم ھېسسىياتىنىڭ قوزغىلىش، كۆتۈرۈلۈش، پەسىيىش ۋە ئاخىرلىشىش قانۇنىيىتىگە ئاساسەن، ئىلى ناخشىلىرى مەلۇم ھېسسىيات يۆزلىنىشىگە، روھىي ئۆزگىرىشلەرگە ئۇيغۇن كۈيلەر بىرىكىپ مۇقام شەكلىگە كىرىپ، مۇقەددىمە مەرغۇللار بىلەن ئاخىرلىشىدىغان بىر نەچچە ناخشىلار بىر يۈرۈش كالوننا بويىچە ئورۇندىلىدۇ.

ياڭراق ھەم زىل، قوش ھەتتا پەدە يۆتكەلگەندىكى ئاۋازلار بىر تۈرلۈك نازۇك تەۋرەنمە مۇڭ بېرىش بىلەن بەكمۇ ماس كېلىدىغان يېتەكچى چالغۇ ساتار، تەمبۇر، دۇتار، غېجەك، ئىسكىرىپكا تەڭكەشتە ئورۇندىلىش ئىلى كۈيلىرىگە ئېستېتىك ھۆسن قوشۇپ، ئۇنىڭ سېھرىي كۈچىنى يەنىمۇ ئاشۇرغان. ئومۇمەن، ئۇيغۇر كۈيلىرى تەمبۇر، ساتار، غېجەك ئاساسىدىكى چالغۇلار بىلەن ئورۇندالسا مىللىي پۇراق يەنىمۇ كۈچىيىپ، يەنىمۇ يېقىملىق مۇڭ بېرىشى مۇمكىن.

نۆۋەتتە، غۇلجا تەۋەسىدە 300 دىن ئارتۇق تەمبۇر ماھىرى ۋە ھەۋەسكارلىرى خەلقىنىڭ مەنىۋى ئېھتىياجى ئۈچۈن خىزمەت قىلماقتا.

ئازادلىقتىن ئىلگىرىكى تەبىئىي بالايىئاپەتلەر، ئېچىنىشلىق كەچمىش ـ كەچۈرمىشلەر، ئىجتىمائىي داۋالغۇش، قىرغىنچىلىقلار مەلۇم سەلبىي تەسىرلەرنى كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ئومۇمەن كىشىلەرنى ئوخشاش تەقدىردە ئۈچراشتۇرۇپ، باتۇرلۇق، ھەققانىيەت، چىقىشقاق، ھەمسۆھبەت، كۆتۈرۈشلۈك، كەچۈرۈشلۈك، ئىناق ـ ئىتتىپاق، غەيرەت ـ جاسارەت ھەم مۇھەببەت ـ نەپرەتنى ئېنىق، پىداكارانە روھتا تەربىيىلىنىشكە ئوبيېكتىپ ئىجتىمائىي ئامىل بولۇپ كەلگەن. مانا شۇنىڭغا

ئوخشاش تۇرمۇش، ھايات، ئىجتىمائىيەتنىڭ تۈرلۈك قاتلاملىرىدىكى مەزمۇنلارنى ئىلى ئىجادىي ھەم خەلق كۈيلىرىدە ۋە ئۇنىڭ تېكىستلىرىدە كۆپ ئۇچرىتىمىز.

ئىلى ئىجادىي ۋە خەلق كۈيلىرى بولسۇن، قۇرۇلمىسىنىڭ سەنئەتلىك تىزىلىشى، باغلىنىشى، ھېسسىياتىنىڭ قويۇق، مىللىي پۇراقىنىڭ كۈچلۈكلىكى، مەزمۇنىنىڭ مول، يادرولۇق قىسمىنىڭ گەۋدىلەندۈرۈلۈشى؛ دولقۇنسىمان ئەۋجگە چىقىشى ۋە نازۇك ئەگىتمىلەر بىلەن ئۆرلىشى ـ پەسىيىشى؛ ياڭداش قوش مەنالارنىڭ كۆپلۈكى، ئورۇندىلىشىنىڭ مەردانە، رىتىملىق، لىرىكىلىق، مۇڭلۇق، ياڭراق، جاراڭلىق چىقىشى ۋە ئىستېتىك زوق بېرىشىنىڭ نەپىسلىكى ۋە قاراتمىلىقى بولغان تەربىيىۋى ئالاھىدىلىكى بىلەن گەۋدىلىنىدۇ. مانا بۇ پەرقنى ئانا تەبىئەت سېھرىي كۈچىنىڭ، مۇڭ قاتلىمىنىڭ چوڭقۇرلۇقى ۋە سەنئەتلىك پىسخىكىمىزنىڭ مۇزىكىلىق ئىپادىلىنىشى، دېيىشكە بولىدۇ.

كۆپىنچە كۈي تېكىستلىرىنىڭ بەدىئىۋى ئەمەس، بەلكى بەدىئىي، ئىجابىي تەربىيىۋى قىممىتىنىڭ يۇقىرىلىقى، ھاياتلىق، نەپىس ۋە ئاممىباباپلىقى، ئوبرازلىق ئوخشىتىش، ۋاستىلىك ئىپادىلەشنىڭ مەنىدارلىقى ۋە مەزمۇنىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، لىرىكىلىق تەسىرىنىڭ قويۇقلۇقى ۋە باشقا ئالاھىدىلىكلىرى ئىلى كۈيلىرىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى يەنىمۇ ئاشۇرغان. بۇ كۈيلەرنى ئىگىلەش تەس، ئەمما بىلگەنسېرى، ئېيتقانسېرى، ئاڭلىغانسېرى كىشىنىڭ شۇنچە ياقتۇرۇپ قېلىشىمۇ شۇ ئاللاردىن بولسا كېرەك. نۆۋەتتە، زامانىۋى تەشۋىقات ئۇسكۇنىلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، جەنۇب ـ شىمال خەلقى ئارىسىدا باشقا كۈيلەرگە ئوخشاشلا ئىلى كۈيلىرىگە ئېھتىياجنىڭ ئېشىشى بۇنىڭ بىر مىسالى.

ھېسام قۇربان ئاكىنىڭ 70 يىللىقىدا نەچچە كۈن يۇمۇر، چاقچاق، مۇزىكا ـ كۈيلەرنىڭ ئىچىدە يۈردۇق. دەريا بويىدىكى بىر سورۇندا، بىزنىڭ يېتۈك ئالىمىمىز ئىمىن تۇرسۇن ئاكا: «مانا شۇ دەريا دولقۇنلىرى، كۆرۈنگەن ئورمانلىق تاغلار، مۇنبەت تۇپراق، گۈزەل مەنزىرىلەر ئىلى خەلقىدە ئۆزگىچە يۇمۇرىستىك سەنئەتلىك خاراكتېرنى يېتىلدۈرگەنىكەن» دېگەنىدى. ئەنگلىيىدىكى داڭلىق دۆرھام ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى داۋىد بۇ پائالىيەتتە بىرگە بولغانىدى. چالا تەرجىمە، كۈلكە، سازلارغا قاراپ «بىزمۇ يۇمۇر، مۇزىكىنى ياقتۇرىمىز. نۇرغۇن ئەللەردە بولدۇم، لېكىن سىلەردەك خەلقنى كۆرمەپتىكەنمەن. مەدەنىيەتلىك ئىكەنسىلەر، ھەيرانمەن. سىلەرنىڭ بۇنچىلىك خۇشخۇي، يۇمۇرىستىك سەنئەتلىك ھاياتىڭلارنىڭ تەسىرىدىن كېچىلىرى ئەر ـ ئايال ئىككىمىز ياخشى ئۇخلىيالمايۋاتىمىز. بىر نەرسە يېزىشنى ئويلاۋاتىمىز» دېگەنىدى.

يەنە جەمئىيەتتە يۇقىرى ئابرۇيغا ئىگە، ئەل ئېتىراپ قىلغان سەركەردىلەر، مەرىپەتپەرۋەر ئالىملاردىن:

ئەخمەتجان قاسىمى، ئاكا ـ ئۇكا مۇسابايوفلار، ھېسام قۇربان، ھوشۇر ئىسلام، نۇرتاي ھاجىم؛

ئەدىبلەردىن: زۇنۇن قادىر، لۇتپۇللا مۇتەللىپ، تېيىپجان ئېلىيوف، زوردۇن سابىر، نۇرىيە ئىلاخۇن، مۇھەممەدجان راشىدىن، جالالىدىن بەھرام، ئابدۇراھمان قاھار، مەمەتجان سادىق، مەمتىمىن ھوشۇر، توختاش بەكرى، غەيرەت ئاسىم، ئابلىكىم ھەسەن.

سەنئەتچىلەردىن: كارۇشاڭ ئاخۇنۇم، زىكرى ئەلپەتتا، قاسىمجان قەمبىرى، ئابدۇۋەلى جارۇللا، ھۇسەنجان جامى، مۇساجان روزى، غىياسىدىن بارات، ئابلىكىم ئابدۇللا، پاشا ئىشان، داۋۇتجان ناسىر، ئابلىز شاكىر، ئەبەي تۇردى، سەنۇبەر تۇرسۇن؛



ياشلاردىن: نىغمەت راخمان، مەرھابا نۇرمۇھەممەد. مانا شۇ تۇپراقتىن ئىرسىي قان، دەسلەپكى ـ كېيىنكى، بىۋاسىتە ـ ۋاستىلىك تەربىيە ۋە پسىخىك تەسىرلەرنى قوبۇل قىلغان. بۇ گۈزەل يۇرت غۇلجىنىڭ (مىڭلاق، ئىلىبالىق، ئىلا شەھرى) 10 ـ ئەسىردىن بۇرۇنلا نامى ئاتالغان. 1169 ـ يىلى قايتا بىنا قىلىنغان، 1867 ـ يىلى ئىلى سۇلتانلىقى قۇرۇلغان، ئون يىل (1871 ـ 1881) چارروسىيە بېسىۋالغان. ئىلگىرى ـ كېيىن چاغاتاي، جۇڭغار خاقانلىقى، چىڭ سۇلالىسى (بۇ ۋاقىتتا ئىلى ھاكىمبەگ مەھكىمىسى تەسىس قىلىنغان)، كېيىن جۇڭخۇا مىنگو ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن، 1888 ـ يىلى غۇلجا ناھىيىسى قۇرۇلغان. بۇنىڭدىن 1952 ـ يىلى غۇلجا شەھرى ئايرىلىپ

www.uyghurkitap.com



چىققان، ئىلگىرى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ، ھازىر ئىلى قازاق ئوبلاستىنىڭ مەركىزى قىلىنغان، رايونىمىز مەدەنىيەت، سودا تەرەققىياتىغا تەسىر كۆرسەتكەن قەدىمي شەھەر چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە جەنۇبىي شىنجاڭدىن 47 مىڭ ئۇيغۇر ئاھالىسى كۆچۈرۈپ كېلىنگەن ۋە يەرلىك ئۇيغۇرلار بىرىكىپ، ئىلى ئۇيغۇرلىرىنى شەكىللەندۈرگەن.

1773 ـ يىلى بەيتۇللا مەدرىسى ھەم 19 ـ ئەسىر ئاخىرى 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرى ئاساسەن يەڭنىي مەكتەپ (دەرنەك)، ئىشچىلار تېخنىك، دارىلمۇئەللىمىن مەكتەپلىرى، 1936 ـ يىلى ئىلى مىللەتلەر گىمنازىيىسى قۇرۇلغان. 1949 ـ يىلى جەمئىي 22 مەكتەپ 9613 ئوقۇغۇچىدىن ھازىرقى ئىسلاھات دەۋرىگە كەلگەندە شەھەرگە قاراشلىق مەكتەپلەردىن جەمئىي 76 مەكتەپ 50501 ئوقۇغۇچىغا يەتكەن. ئەينى يىللاردا ئاتىلار كومىتېتى ۋە ھەر خىل ئىقتىسادىي شىركەتلەر قۇرۇلۇپ يېڭى مائارىپقا ياردەم بېرىلگەن. يەنە ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، قازاقچە، ئۆزبېكچە، موڭغۇلچە، رۇسچە، تاتارچە مەكتەپلەر ئېچىلىپ شىنجاڭنىڭ مائارىپ تەرەققىياتىدا مۇھىم رول ئوينىغان.

1913 ـ يىلى جۇڭگو ئۆزى قۇرغان 11 تېرە، كاۋچۇك زاۋۇتى ئومۇمىي كاپىتالىنىڭ %80 گە تەڭ كېلىدىغان، يىلىغا 640 مىڭ پارچە تېرە ـ تاۋار ئىشلەپ چىقىرالايدىغان، ئوتتۇرا ئاسىيا بويىچە كۆلىمى چوڭ ئىلى تېرە زاۋۇتى غۇلجىدا قۇرۇلۇپ پۈتۈن شىنجاڭنىڭ مىللىي سانائىتى ۋە خەلقئارا سودا تەرەققىياتىغا زور تۆھپە قوشقان. يەنە شۇ دەۋرلەردە غۇلجىدا ئوت ئېلېكتر ئىستانسىسى، ئۇن زاۋۇتى، تارماق سانائەت كارخانىلىرى قۇرۇلغان. ئىلىنىڭ مول دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرى مىللىي سانائەتنى، تاۋار ئالماشتۇرۇشنى خام ئەشيا بىلەن تەمىنلەپ تۇرغان.

## غىياسىدىن باراتنى ئەسلەيمەن

بۇ سەنئەتكارنى يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئىلى دىيارىنىڭ تەبىئەت دۇنياسى ۋە روھىيەت قاتلىمىغا باغلىنىشلىق تەرەققىي قىلغان سەنئەتلىك، يۇمۇرىستىك ئىككى خىل پىسخىكىنىڭ ھەم ئىجادىي كۈيلەر، خەلق سەنئىتىنىڭ ۋارىسلىرىنىڭ تىپىك ۋەكىلى دېيىشكە بولىدۇ.

ئۇنىڭ بىلەن ئۆتكەن كۈنلەر ھەم ھازىرقى سېلىشتۇرمىلار ئارقىلىق خەلق ئىچىدە ئۇنىڭ ئىجادىيەت سېھرىي كۈچى، ئاھاڭلىرى قىممىتىنىڭ يەنىمۇ كۆتۈرۈلۈشى، كىشىلەرنىڭ سېغىنىشى بۇ ماقالىنى ھەم خاس ناخشىلار ھەققىدە ئويلىرىمنى يېزىشىمغا تۈرتكە بولدى.

غىياسىدىن 1937 ـ يىلى 17 ـ سېنتەبىر غۇلجا شەھىرىنىڭ سەرخىل ئوغلانلىرى بىلەن تىلغا ئېلىنىدىغان قازانچى مەھەللىسىدە سودىگەر ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1944 ـ ، 1948 ـ يىللىرى غۇلجا تائالىيە، 1948 ـ ، 1950 ـ يىللىرى ئۆمىد مەكتىپىدە ئوقۇغان. 1950 ـ يىلى ئىلاخۇن ھەمرايوفنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن ئىلى ئىنتىپاق تىياتىرىغا خىزمەتكە كىرىپ 1954 ـ يىلىغىچە ئىشلىگەن، بۇ جەرياندا تەمبۇر، راۋاب ۋە باشقا چالغۇلارنى ھەم ئىجادىيەت قائىدىلىرىنى ئۆگەنگەن.

1954 ـ ، 1955 ـ يىللىرى ئۈرۈمچىدە نەزەرىيە ھەم نوتا ئۆگەنگەن. 1955—1957 ـ يىللىرى بېيجىڭ مىللەتلەر ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۆمىكىدە مۇزىكانت بولۇپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان. 1958—1970 ـ يىللىرى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۆمىكىدە ئىجادىيەتچى، ناخشىچى بولۇپ ئىشلىگەن. 1971 ـ يىلى، 1981 ـ يىللىرى ئوپېرا ئۆمىكىدە كەسپىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان. 2000 ـ يىلى پېنسىيىگە چىقىپ 2004 ـ يىلى 67 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

ئۇ ئەينى يىللاردا ئىلىدا ئۆتكەن سەنئەتكارلاردىن روزى تەمبۇر، زىكرى ئەلپەتتا، ئابدۇۋەلى جارۇللايوف، روزەم ساقال، ھېزىم باقى، ئابدۇنەبى ماناتوف، نۇرمۇھەممەد ناسىرى ۋە غوپۇر دىڭخۇلۇ قاتارلىقلارنى ئۇستاز تۇتۇپ ئۆگەنگەن.

ئۇ 50 يىللىق ئىجادىيەت ھاياتىدا 250 تىن ئارتۇق ناخشا ـ مۇزىكا ئىجاد قىلغان. ئۇنىڭدىن باشقا «قىزىل چىراغ» دىرامىسىغا 21 ناخشا ـ مۇزىكا، «كۈرەش يولى» ئوپېراسىغا 18، «غۇنچەم» دىرامىسىغا 14، «غېرىب ـ سەنەم»گە 35، «ئامانىساخان» ئوپېراسىغا 14 ئاھاڭ، «ئانا ـ بالا» دىرامىسىنىڭ % 80 ـ % 90 ئاھاڭىنى ئۇ ئايرىم ھەم بىرلىشىپ ئىشلىگەن، يەنە «ئىتتىپاقلاشقان جەڭگىۋار شىنجاڭ»، «غېرىب ـ سەنەم» ۋە «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقى»، «قېرىنداشلار» ناملىق كىنو فىلىملىرىنىڭ مۇزىكىسىنى ئايرىم ھەم بىرلىكتە ئىشلىگەن.

ئۇ 1956 ـ يىلى چەبىيات، ئوشاق مۇقاملىرىنى سەھنىلەشتۈرۈشتە ئاساسلىق كۈچ چىقارغان. 1964 ـ يىلى «خەلق گۈڭشېسى ياشىسۇن» ناملىق دىرامىنى ئوشاق مۇقامى ئاساسىدا ئىشلەشكە قاتناشقان. بۇ ئەمگەكلەرنى قوشقاندا ئۇنىڭ

ئىجادىي ئەسەرلىرى 400 دىن ئارتۇق بولۇپ سان ـ سۈپەتتە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ.

ئۇ ئىشلەشكە قاتناشقان «قىزىل چىراغ» مەملىكەت بويىچە 1 ـ دەرىجىلىك، «غېرىپ ـ سەنەم» 2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن. 1986 ـ يىلى شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ئۇيۇشتۇرغان باھالاشتا «ئانا مېھرى» 1 ـ دەرىجە-لىك، «ئايدىڭ كېچە»، «سەھەر پەيزى» ئاھاڭلىرى 2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن.

مۇقامنى CDۋە VCD غا ئېلىشقا قاتنىشىپ، ئۇيغۇر مۇزىكا ـ كۈيلىرى ھەققىدە تەتقىقات ئېلىپ بارغان. 200 پارچە ئىجادىي ئەسەرلىرىدىن «مەنىلىك ئۆتسۇن ھايات» ناملىق توپلام قىلىپ تەييارلىغان (تېخى نەشردىن چىقمىدى). ئۇ يۇقىرى ئاۋازلىق ناخشىچى بولۇپ ھازىرغىچە «ئەۋرىشىم»نى ھېچكىم ئۇنىڭدەك ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئېيتالمىغان. ئۇ ئىجادىي ناخشىلىرىنى، پاشا ئىشان، رابىيە مۇھەممەد، ھېيتەم ھۇسەيىن، رىسالەت ھاپىز، تۇرنىسا سالاھىدىن، ئايشەم ئىبراھىم قاتارلىق ناخشىچىلارغا ئېيتقۇزۇپ ئۇلارنىڭ ئىلگىرىلىشى، يەنىمۇ كەڭرەك تونۇلۇشىغا ھەسسە قوشقان.

ئۇ ئىلى خەلق ناخشىلىرىدىن بەش يۈزنى رادىئو ـ تېلېۋىزىيىدە بەرگەن. سەھنە، رادىئو، تېلېۋىزىيە ئېكرانلىرىدا نۇرغۇن قېتىم ناخشا ئېيتىپ ئالقىشقا ئېرىشكەن.

تەشكىل ئۇنىڭغا «ئۇيغۇر مۇزىكا مۇتەخەسسىسى، ئۇيغۇر 12 مۇقامنى ئىگىلەش، رەتلەشتە زور تۆھپە ياراتقان»، دەپ باھا بەرگەن.

شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى مۇقام ھەم خەلق ناخشىلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ ئىشلەشتە ئاساسەن غىياسىدىن بارات رەتلىگەن ئىلى خەلق ناخشىلىرىدىن پايدىلانغان.

ئۇ، 1950 ـ يىللىرى ئىلىدا «پەرەڭ ياغلىق»، «يېزىدا مېنىڭ يارىم» دېگەن ئىجادىي ئاھاڭلارنى ئېلان قىلىپ ئە-جادىيەت ئىشىغا كىرىشكەن. شۇنىڭدىن كېيىن: «يارىمغا سالام دەڭلار»، «ئېيت ناخشاڭنى دېھقانلار»، «گۈلزارىم ئامان»، «ئاتقاندا تاڭ»، «بىۋاپا»، «ياشلىقىم—پادىشاھلىقىم»، «يار قېشىمدا ئولتۇرسا»، «كاككۇك ئۈنى»، «كاككۇكلار»، «باھار خۇشاللىقى»، «مەن كېتەر بولدۇم»، «ئايدىڭ كېچە»، «باغۋەن»، «قاينام ئۆركىشى»، «ئانا مېھرى»، «قابا پەلەك»، «گۈل ئىلى»، «ئىلى دەريا بويلىرى»، «خاڭچى قوشىقى»، «مەنىلىك ئۆتسۇن ھايات» قاتارلىق 70 ـ 80 ئاھاڭلىرى، سەھنىدىن ھالقىپ خەلقنىڭ قەلبىدىن ئورۇن ئېلىپ، كىشىلەر ياقتۇرۇپ ئېيتىدىغان، ئاڭ-لايدىغان خەلق ناخشىلىرى ۋە بەزىلىرى خاس ناخشىلارغا ئايلىنىپ كەتكەن.

ھەتتا كۆپچىلىكىمىز ئۇنىڭ بىر قىسىم ئاھاڭلىرىنى خەلق ناخشىلىرى دەپ قارايدىكەنمىز. بەزى كەسپىي كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە ئۇنىڭ ئىجادىي كۈيلىرى سان جەھەتتىن كۆپ بولۇپلا قالماي، لىرىك، مۇڭلۇق، يېقىملىقلىقىدىن خەلق ئا-رىسىغا ئەڭ كۆپ تارقالغان، ئەڭ كەڭ ئومۇملاشقان ئىكەن.

ئۇنىڭ 1995 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلدۇرغان كىتابىدا خەلق ناخشىلىرىنىڭ مۇقام بىلەن بولغان زىچ باغلىنىشىنى ھەم مۇقام ئاساسىدا تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئىستىقبالى ھەققىدە بىزنى قىممەتلىك تەتقىقات پايدىلىنىش ماتېرىيالى بىلەن تەمىنلىدى.

ئۇ ئىلگىرىكى يۈرۈشلەشكەن ئىلى خەلق ناخشىلىرىنى مۇقام بىلەن ئىلمىي بىرلەشتۈرۈپ، يېڭىچە ئۇسلۇبتا مۇقام مېلودىيىلىرى ئاساسىدا قايتىدىن يۈرۈشلەشتۈرۈشتە، كالوننا قىلىشتا ئۆلمەس تۆھپە قوشتى.

ئۇنىڭ بۇ كىتابىدا مۇھەممەد موللام ـ كارۇشاڭ ئاخۇنۇم، روزى تەمبۇر قاتارلىق ئۇستازلار قالدۇرۇپ كەتكەن ئىلى مۇقامى ئاساس قىلىنىپ، ئىلى خەلق ناخشىلىرى «مۇقامى»دىن ئىبارەت يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن ناخشا سىستېمىسى بارلىققا كەلدى. ئىلى خەلق ناخشىلىرى سىستېمىلىق رەتلىنىپ 12 مۇقامنىڭ مۇناسىۋەتلىك تارماق قىسىملىرىغا قوشۇلۇپ مۇ-قامنى تولۇقلىغان ھەم بېيىتقان»، دەپ يازغان. مۇقامشۇناس ۋەن توڭشۇ ئۆز ماقالىسىدا ھەم 2001 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى شىامېندىن ماڭا يازغان خېتىدە «ئىلى مۇقامى» دەپ تىلغا ئالىدۇ. غىياسىدىن بارات مۇقام بىلەن ئىلى خەلق ناخشىلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ ئىلى سەنىمىنى تۆۋەندىكىچە قىلىپ رەتلەپ يۈرۈشلەشتۈرۈپ چىقتى.

راك مۇقامى ـ خانلەيلۇن يۈرۈشى.

چەببىيات مۇقامى ـ لەيلۇن يۈرۈشى.

مۇشاۋرەك مۇقامى ـ دەردىڭ يامان يۈرۈشى.

چارگاھ مۇقامى ـ گۈل قىسقان مېنىڭ يارىم يۈرۈشى.

www.uyghurkitap.com





پەنجىگاھ مۇقامى ـ كوچا ناخشىسى يۇرۇشى.
ئۆزھال مۇقامى ـ گۈلەمخان يۇرۇشى.
ئەجەم مۇقامى ـ ئاھ يارىم گۈللەيلۇن يۇرۇشى.
ئۇشاق مۇقامى ـ بىز ئاتلاندۇق يۇرۇشى.
بايات مۇقامى ـ ۋادەرىخا يۇرۇشى.
ناۋا مۇقامى ـ ئۆرگىلەي يۇرۇشى.
سىگاھ مۇقامى ـ يار سېنىڭ دەردىڭ يامان يۇرۇشى.
ئىراق مۇقامى ـ ئاھ ئۇرارمەن يۇرۇشى.
رۇخسارى مۇقامى ـ ئىجادىي ۋە خەلق ئاھاڭلىرى يۇرۇشى.
ئىلى سەنىمى ـ خەلق ئاھاڭلىرى يۇرۇشى.

مانا بۇنداق بىرلەشتۇرۇش ئۇسۇلى ھېسسىي قوزغىلىش، مۇزىكا قانۇنىيىتى ۋە ئىلمىلىككە ئىگە بولغاچقا، يۇرۇشلەشكەن ئىلى ناخشىلىرىنى ئورۇنداشتا مۇشۇ شەكىل، ئۇسلۇبقا دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ.

يۇقىرىقى يۇرۇشلۇك ناخشىلارنى ئاتاقلىق سەنئەتچىلەردىن ئابلىز شاكىر، ئەخمەتجان ئەختەم، تاشمۇھەممەد تۇرسۇن، دىلشاد رايىدىن قاتارلىقلار شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسىدا تولۇق ئورۇنداپ بۇ مىراسلارنى ئەۋلادلارغا قالدۇرۇشتا ئۆلمەس ئىش قىلدى.

بىز كومپوزىتورنىڭ ئىجادىيەت ئۇسۇلىنى، ئىجادىي ئاھاڭلىرىنى تەتقىق قىلىپ ئۈلگە قىلىشنى ئويلاشساق.

بىز ئۇيغۇر ناخشا ـ كۈيلىرىنى ئەنئەنىنى ئاساس قىلىپ، ئورۇنداش ئۇسۇلىغا ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇنى ئىنسان پسىخىكىسى، ئىنتىلىشى ھەم دەۋر تەلىپى مېلودىيىسى بويىچە تەرەققىي قىلدۇرۇشىمىز لازىم.

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى خەلق كۈيلىرى ھەم ئىجادىي ناخشىلارمۇ مەلۇم ئورتاقلىققا، شۇنداقلا، ئۆزگىچە پەرققە ئىگە بولىدۇ.

بىز ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرىنىڭ مۇقام بىلەن باغلىنىشىنى يەنىمۇ چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ، ئۇنى ئاھاڭ مەزمۇنلىرى بويىچە يۇرۇشلەشتۇرۇشىمىزگە ئەرزىيدۇ.

كلاسسىك خەلق كۈيلىرىنىڭ مۇقام بىلەن يىلتىزداش ئىكەنلىكىدەك ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىپ ئىجادىي ناخشىلارنىمۇ مۇقام ئەنئەنىۋى خەلق ناخشىلىرى ئاساسىدا ئىشلىسەك، ئۇنىڭ ھاياتىي كۈچى يۇقىرى بولۇپلا قالماي، مىللىي سەنئەتنىڭ تەرەققىياتىدا مۇھىم رول ئوينايدۇ. خەلق ياقتۇرىدىغان مۇكەممەل سەنئەتچى، ئىجادىيەتچى بولۇشنى ئويلىغانلار مۇقام ھەم خەلق كۈيلىرىنى تولۇق ياكى كەگرەك بىلىشى لازىم.

تەشكىل ئۇنىڭ (غىياسىدىن باراتنىڭ) كەسپىي سەۋىيىسىگە، تۆھپىسىگە قاراپ مۇھىم ۋەزىپىلەرنى تاپشۇرۇپ ئەتىۋارلاپ ئىشلەتكەن.

ئۇ ئۆمەك بىلەن بىرگە ئۈچ قېتىم ئون نەچچە دۆلەتكە چىقىپ شىنجاڭ سەنئىتىنى خەلقئاراغا تونۇتۇشتا كۈچ چىقارغان.

ئۇ جۇڭگو مۇزىكانتلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى بولغان.

غىياسىدىن بارات مول ھوسۇللۇق كومپوزىتور، ئۇنىۋېرسال ماھارەتلىك سەنئەتكار.

كىچىكىمدە غۇلجا شەھىرىدە بالىلار ئوينايدىغان قازانچى سۇدەرۋازا مەھەللە ئارىسىدىكى «ئۇرۇش ـ جەڭلەر»دە ئۇنى تۇنجى كۆرگەنىدىم. بىز كېيىن يېزىدا (ئارابوز) تونۇشقان. ئۇ كۆپىنچە ناخشا ئېيتاتتى. چوڭلار «بۇ بالا ناخشىنى تولۇق ھەم مۇڭلۇق ئېيتىدىكەن. چوڭ بولسا قالتىس ناخشىچى بولىدۇ» دېيىشىدىغان. ئويلىسام شۇ چاغلاردىلا دېھقانلار ئۇنىڭ كەلگۈسى ھاياتى توغرۇلۇق مۆلچەرنى ئېيتقان ئىكەن.

1960 ـ يىل باھار پەسلى. كۇچا ناھىيە مېھمانخانىسىدا كەچتە ئۇنىڭ ناخشىسىنى قوشنا ياتاقتا ئاڭلاپ ئەتىسى كۆرۈشتۇم:

«تۇنۇگۈن كەلدىم، 11 ـ ئايغىچە يېزىدا ئىشلەيمەن. ئاخشام چىقاي دىسەم ناخشىلىرىڭنى كۆڭلۇم كۆتۈرەلمەيدىغاندەك

2006.4

بىلىندى. مۇزىكا ئاڭلاشقىمۇ ئىچكى ئېنېرگىيە زۆرۈر ئوخشايدۇ» دېدىم. ئۇ ئۇندىمەي تۇرۇپ كەتتى ھەم دۇتارنى قولغا ئالدى. يېرىم سائەتچە ھىجران، دوستلۇق تېكىستلىرى بىلەن يۇقىرى مۇڭدا ماس كۈيلەرنى ئېيتىپ بەردى. بۇنداق چاغلاردا ئۇنىڭغا دىققەت قىلاتتىم. ئۇ:

«ئەينەن ۋاقىتتا كىشىنىڭ روھىي تەلپۈنۈشىنى سېزەلمىگەن ھەم ئۇنىڭغا يېقىنلىشىدىغان كۈينى تاللىيالمىغان سەنئەتچى كىشىنىڭ قەلبىگە كىرەلمەيدۇ. مۇقام ھەم خەلق سەنئىتىنى بىلمىگەن كىشى پۈتۈن سەنئەتچى بولمايدۇ... سېنى چۈشىنىمەن، كۆڭلەر تېخى ئالدىمىزدا، ئۆزۈڭنى ئاسرا...» دېگەنىدى.

شۇ «ئىنقىلاب» يىللىرى ئېغىر كۈنلەردە، شۇنداق ياردەمدە بولغان ئىداردىكى خىزمەتداشلاردىن ئىمىن، قابدۇللا، مۇھەممەد ئىمىن، ئىلھام، ئابدۇۋايىت يەنە شۇ سەنئەتكارنىڭ يېقىنلىقى، ئۆزئارا ئىزدىشىپ ئۆتۈش ماڭا روھى ئاراملىق بېرەتتى.

باشقىلارغا ئادەم كۆڭۈل سىرىنى دېيەلمەيدىغان شۇ تار جاھانلاردا، ئۇ ماڭا شۇنداق مۇزىكىلىق كۈيلەر ئارقىلىق جانلىق مەنىۋى ياردەم بېرىپ تۇراتتى.

1968 ـ يىلى غۇلجىدا توي چاي بەردىم. ئۇ:

ــ تاپالدىڭمۇ؟ ــ دەپ سورىدى.

ــ ئاران ئىككىنى تاپتىم، ــ دېدىم خىجىللىقتا. ئۇ:

ــ ھازىر كەچ، ئۆزۈم ئوڭشايمەن، خاتىرجەم بول ــ دېدى. ئولتۇرۇش تاڭ ئاتقاندا ئاخىرلاشتى. سورۇنغا ئۆزى مەسئۇل بولدى. ئىچىملىك ئاز، ساز كۆپ، گەپ ئاز، چاقچاق كۆپ، سۇسلۇق ئاز، كۈلكە كۆپ كۆڭۈللۈك ئۆتتى. بىلدىمكى ئۇ، سورۇن كەيپىياتىنى ئىگىلەشكە، تەڭ ئېتىبار بېرىشكە، خۇش قىلىشقا ماھىر ئىكەن. مۇناسىۋەتتە ئۆزگىلەرنى چۈشىنىشكە، ھۆرمەتلەشكە دىققەت قىلغاچقا يۇقىرى، تۆۋەن كىشىلەر تونۇپى بىلەن دوستلارچە يېقىن ئۆتەتتى. غەيۋەت قىلمايدىغان، ئېھتىياتچان، كەمتەر كىشى ئىدى.

1971 ـ يىلى، ئۈرۈمچى، ياز، چۈش ۋاقتى. خەلق تىياتىرى ئالدىدا ئۇچرىشىپ قالدۇق.

مەن: ــ ھازىرقى كەيپىڭ قانداق؟ ــ دەپ رەسمىچە ئەھۋال سورىۋىدىم. ئۇ، ــ ئىچىم پۇشۇۋاتىدۇ. × × ئوپېرانىڭ ئاھاڭلىرىنى يەنە ئۆزگەرتىدىغان بولدۇم، ــ دېدى. مەن:

ــ ھازىرقى ئىشلىگىنىڭ ئۆزۈڭگە ياقامدۇ، ــ دەپ سورىدىم. ئېنىقكى ئاھاڭ ھەققىدە سۆز بولغاچقا، گەرچە كوچا بولسىمۇ تا سەندۇقىغا بارغىچە ئۇ مەن ئاڭلىغىچىلىك قىلىپ ئېيتىپ ھەم سۆزلەپ ماڭدى.

ئىككىمىزنىڭ ئانىسى كىچىكىدىن يېقىن ئۆتكەچكە، ئاپام ئۇلارنىڭ ئۆيىگە پەتىگە كەلگەنىدى. ئۇ ئىككى سائەتچە ئانىلار ھەققىدىكى ناخشىلارنى ئېيتتى. بۇ مېھرىبان ئانىلارنىڭ دەرقەمدە ئۆز پەرزەنتلىرى بىلەن تۈنجى ھەم ئاخىرقى قېتىم بىرگە بولۇشى ئىدى. ئۇلار بۇنى بىلگەندەك، كۆز يېشى بىلەن ئۇنىڭ ناخشىلىرىنى ئاڭلىدى. ئۇنىڭغا ئۇلاپلا ئايرىم ئۆيدە «مەن كېتەر بولدۇم» دېگەن ناخشىنى ئۇنىڭغا ئېيتىپ بەردىم ھەم «ئوقۇشتىكى بەش يىلدا ھېسسىياتتا ئۆزگىرىپتىمەنكەن، مۇشۇ ناخشىنى تولا ئېيتىپ يۈرۈپ ئەكسىمگە كېلىۋالدىم» دېدىم. ئاندىن بىلدىمكى، بۇ ئۇنىڭ ئىجادىيىتى ئىكەن. ئۇ «بۇنداق تەبىئىي كەلگەن تەسىراتنى ئاڭلاش بىر ئىجادكارغا نىسبەتەن قىممەتلىك سوۋغا» دېدى.

ئارقىدىن ئۇ يېرىم كېچىگىچە ئىجادىي ئاھاڭلىرىنى ئېيتىپ ھەم سۆزلەپ بەردى. ئەپسۇس، ئۇنىڭ سۆزلىرىنى خاتىرىلەپ ئالماپتىمەن.



ئۇ: ــ بۈگۈن ئۈرۈمچى كوچىسىدا ئىسسىقتا تۈنجى قېتىم ناخشا ئېيتتىم. ئانىلار ھەققىدە بىر ناخشا ئىشلىسەم بولىدىكەن. لېكىن بۇ ئىشلار ئۇنتۇلغۇسىز خاتىرە بولدى، ـ دېدى.

ئەنە شۇ كوچىدا ياڭرىغان ناخشا ئاۋازى، ئانىلارنىڭ توختىماي ئاققان كۆز ياشلىرى، ئۇنىڭ بىر كۈنلۈك ھېسسىيات دولقۇنى، تەسىرلىك سۆز ـ ھەرىكەتلىرى سەنئەتلىك مىللىي ئالاھىدىلىكنىڭ قاتلاملىق مەنالىرىنى ئىپادىلىگەنىدى.

شۇ چاغلاردا بەش ـ ئالتىمىز مېھمان بولۇشتۇق، ئۇ

مېنى ئانىسىغا ئەۋەتىدىغان مائاشنى خەجلەپ تۈگەتتى، دېدىمۇ قايتاشىدا بىر مۇنچە پۇلنى ماڭا تەڭلەپ تۇرۇۋالدى. ماڭا بۇنداق چىن دوستلۇققا ھەم ئانىغا بولغان قوش مەنىلىك ئىشنى مىليون پۇلغا بەرگۈسىز ماددىي ھەم مەنىۋى كۆڭۈل ئىزھارىنى ھاياتىمدا ئۇچراتمىغانىدىم. مەرھۇم زىكرى ئەلپەتتا ئاكا «غىياسىدىن ئانىسىنى ياخشى كۆرگەچكە ئۇنىڭ ئانا-ھاڭلىرى يېقىملىق ھەم مۇڭلۇق» دېگەن تەرىپىدىن «ئانا مېھرى» دېگەن ئىجادىنىڭ مەنبەسىنى كۆرەلەيمىز. بۇ ئانىلار ھەققىدىكى ئەڭ يۇقىرى مەدھىيە ناخشىسى بولۇپ ئانا ـ بالا مۇناسىۋىتىنىڭ يۈكسەك نامايەندىسىدۇر.

ھەقىقىي سەنئەتكارنىڭ ھەربىر نادىر ئەسىرى ئوبيېكتىپ دۇنيانىڭ ئۇنىڭ چوڭقۇر تەپەككۇر ھېسسىيات قاتلىمىدا قان ـ تەر بىلەن يۇغۇرۇلۇپ مۇزىكىلىق تىل ئارقىلىق ئىپادىلىنىشىدۇر.

1995 ـ يىلى ياز. زوردۇن سابىر، قېيۇم تۇردى، مەمتىمىن يۈسۈپ، غىياسىدىن بارات، ئابلىكىم ئابدۇللا، ئابلىز شاكىر قاتارلىقلار بىلەن غۇلجا ئارابوز يېزىسىدا غەنىنىڭ ئۆيىدە بولدۇق. ۋاقتى يېتىپ ئۇ نېمىنى ئېيتىمىز، دەپ سورىدى. مەن «ئانا مېھرى، بىزنىڭ ناخشىمىزنى ئارىسىغا قوشۇۋەتسەڭ» دېدىم. ئۇنىڭدىن، ئابلىكىم ئاكىدىن مېنىڭ تۇنجى ھەم ئاخىرقى قېتىم ناخشا سورىشىم ئىدى. چۈنكى ئېيتىلىدىغان كۈيلەرنى، بىرەر شەخسنىڭ ئېھتىياجى ئەمەس، بەلكى سورۇننىڭ كەيپىياتى، سەنئەتكار ئۆزىنىڭ ھېسسىياتىغا قاراپ بەلگىلىسە، ئۇنىڭدا كەسپىي ھۆرمەت ھەم ئاممىۋى ئەخلاق ئىپادىلىنەتتى. ناخشىلار مۇڭ بىلەن ئېيتىلدى. سەنئەتكار ھەم ھويلىغا ئولاشقان دېھقانلارنىڭ كۆز ياشلىرى بىلەن كەيپىيات ئۇلغىيىپ، بۇ يېزىنىڭ كەچلىك ئاسمىنى، سەھرا قورۇسى بىر سىرلىق تۈسكە كىرگەنىدى. ئۇ «بۇ ناخشىنى بۇنى چۈشىنىدىغان ‹ئانام› ـ ئانا تۇپراقتا ئېيتىپ يۇخادىن چىقتىم» دېگەنىدى. ئۇنىڭ ۋە بۇلارنىڭ ئانا مېھرىدەك سۆيگۈسى، دەرقەمدە باسقان قەدەم ئىزى بۇ يەردە ئاخىرقى تارىخىي ئىز بولۇپ قالدى.

كۆپ ھاللاردا ئورتاق دىلكەشلەر مۇھىم پەيتلەردە بىر تەقدىردە ھەمسۆھبەتتە بوپقالىدۇ. غىياسىدىن بارات ئېغىر كۈنلەردە تاشلىمىغان دوستلاردىن تاشمۇھەممەد ئىمىن، تۇرسۇن سايىت ئىككىسىگە «مىجىت مېنى چۈشىنىدۇ، ئىككىمىز ئۇچراشساق قانداقتۇر ئارىمىزدا قىزغىن كەيپىيات پەيدا بولاتتى» دېگىنىدەك، كىچىكىمىزدىن بىلىشىدىغانلىقىمىز ئۈچۈنمۇ بىز ھەر كۆرۈشكەندە پىنھان گەپلىرىمىز تۈكۈلۈپ چىن يۈرەكتىن خۇش بولۇشاتتۇق. كۆڭلىمىز ئازادە بولۇپ قالاتتى. ھاياتتا بۇنداق دوستلۇق بەكمۇ قەدىرلىكتۇر.

ئۇ سەۋيىلىك سەنئەتكار بولۇپلا قالماي مۇناسىۋەتتە ئۇرامىغا قاراپ سۆز، سورۇنغا قاراپ مۇڭ تالالاشنى بىلىدىغان، مۇقام ـ خەلق ناخشىلىرىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئېيتالايدىغان، نۆۋەتتە خەلقىمىز بارغانسېرى چۈشىنىۋاتقان، سېغىنىۋاتقان، شۆھرىتى ئېشىۋاتقان سەنئەتلىك پىسخىكىغا باي بىر ئىنسان ئىدى.

ئۇ مەندە مەزمۇنلۇق، ئەھمىيەتلىك، ھەر تەرەپلىمە قىممەتكە ئىگە نۇرغۇن ئەسلىمىلەرنى قالدۇرۇپ كەتتى.

ئۇنىڭ كېسىلى ئېغىرلاشقاندا يەنە يوقلاپ باردىم، تەستە ئەھۋاللاشتۇق. ئۇ توغرۇلۇق «دىيارىمىز سەنئەت يۇلتۇزلىرىغا سالام» دېگەن ماقالە بېسىلغان گېزىتنى ئۇنىڭغا بەردىم. خۇش بولۇپ رەھمەت ئېيتتى. ئۇ: «بۇ شەھەردە كىچىكىمىزدىن تونۇشىدىغانلاردىن ئىككىمىزلا قالدۇق. كۆپرەك شۇ چاغلار ئېسىمگە كېپقالىدۇ. قىلىدىغان ئىشلىرىم كۆپ ئىدى...» دېگەندەك سۆزلەرنى قىلدى. ئۇنىڭ كۈچۈنۈپ چىقىۋاتقان ئاجىز تىنىقلىرىدا، يادالڭ چىرايىدا، نۇرسىز كۆزلىرىدە «قۇتقۇزۇڭلار» دېگەن يېلىنىش، ھاياتقا، سەنئەتكە بولغان قىسىنىش بىلىنىپ تۇراتتى.

مەڭزىنى بويلاپ ئاققان بىر تامچە ياشتىن پۈتۈن سەنئەت، كۈي ـ مۇڭلار ئېقىپ تۈگىگەندەك، دۇنيانى قاراڭغۇلۇق قاپلىغاندەك تۇيۇلاتتى. ئايرىلىشقا قىيالماي، كۆزۈم ئارقىدا، ئۇ تەلمۈرۈپ تۇرغان ھالەتتە، سەنئەت گۈلزارىمىزنىڭ گۈلتاجىسى بۇ قەدىناس بىلەن خوشلىشىۋاتىمەن.

غايىبانە بىر كۈچ بىزنى ئايرىۋاتقاندەك، ئۇ دۇنيادىن مەجبۇرىي كېتىۋاتقاندەك، ئىشلىرىنى قىلالماي، سىرلىرىنى دېيەلمەي ۋە سەنئەتلىك قەلبىنى كۆرسىتەلمەيۋاتقاندەك تۇيغۇ ھۆكۈم سۈرەتتى.

بىلمەيتىمەن، بۇ ئاخىرقى ئۇچرىشىش ئىكەن. مەڭگۈلۈككە ئايرىلىپتۇق.

ئەلۋىدا، تىنچ يات دوستۇم.

سەنئەتلىك ھاياتىڭنىڭ قىممىتى بارغانسېرى ئاشماقتا، خەلقىمىز سېنى سېغىنىپ ئەسلىمەكتە.

ئاۋازىڭ، سېنىڭ كۈيلىرىڭ دىيارىمىز ئاسمىنىدا، ئەۋلادلار قەلبىدە مەڭگۈ ياڭرىغۇسى!

2005 ـ يىل 12 ـ ئاي ئۈرۈمچى

(ئاپتور: ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ سابىق مۇئاۋىن مۇدىرى)



# تارىم ئاتىرلىرى

بالقۇن ھابىل

كىشىلەر تارىم دەريا بويلىرى ۋە تارىملىقلار توغرىسىدا ئانچە كۆپ نەرسە بىلمەيدۇ. تارىم دەريا بويلىرى بەكمۇ گۈزەل، بۇ يەردە ھايات قايناپ تۇرىدۇ. بۇ جايلارنىڭ ئەڭ جەلپكار ۋاقتى كۈز ئايلىرىغا توغرا كېلىدۇ. بۇ مەزگىل تارىم دەريا بويلىرىنىڭ ئالتۇن مەزگىلى. مەن ھەر يىلى 10 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا لوپنۇر، بۇگۈر، كۇچا، شايار، ئاۋات، مارالبېشى تەۋەلىكىدىكى توغراق ئورمانلىرىغا كىرىپ ھاياجان ئىلكىدە يۈرۈپ سۈرەت تارتىمەن. تىنچ ئېقىۋاتقان تارىم دەرياسىنىڭ ئىككى قاسنىقىدا ئۇزۇندىن ئۇزۇن سوزۇلۇپ ياتقان قومساڭغۇ مۇنبەت داللار ۋە قېلىن توغراق ئورمانلىرى، زۇمرەتتەك سۇزۇك سۈيىدە قۇشلار توپ ـ توپى بىلەن يايراپ يۈرگەن سېھىرلىك كۆللەر، قۇياش نۇرىدا تاۋلىنىپ تۇرغان زۇمەچەك ـ زۇمچەك قۇم بارخانلىرى. قىش كۈنلىرى يول ـ يول قۇم ئارىسىدا قىرۇ چۈشۈپ ئاپئاق چېچەكلەپ كەتكەن توغراقلار مىڭىدە چەكسىز سۆيۈنۈش ۋە ئىپتىخار پەيدا قىلىدۇ. بۇ خاسىيەتلىك زېمىندا ياشاۋاتقان كىشىلەرمۇ ئۆزلىرىنىڭ ئاق كۆڭۈل، قەيسەر، مېھنەتكەش، مېھماندوست، ئاددىي ـ ساددا پەزىلىتى بىلەن كىشىنى بەكمۇ سۆيۈندۈرىدۇ.

تارىملىقلار يېرىم دېھقانچىلىق، يېرىم چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئاساسەن ئۆچكە باقىدۇ (ئورمانلىق ياز كۈنلىرى تىنجىق بولغاچقا قوي ئاينىمايدۇ). ئانچە ـ مۇنچە بۇغداي، قوناق تېرىپ قويىدۇ. ھازىر كېۋەز تېرىش خېلى كەڭ ئومۇملاشتى. ئۇلارنىڭ ئۆيلىرى ئاددىي بولىدۇ. شاخ ـ شۇمبىلارنى توقۇپ، ئۈستىدىن لاي سۇۋاپ ياسايدۇ. ھويلىنىڭ چۆرىسىنى توغراق، يۇلغۇن شاخلىرى بىلەن چىتلاپ قويىدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بېرى كېسەك، خىش بىلەن ئۆي سالدىغانلار بارغانسېرى كۆپىيىۋاتىدۇ. ئۇلار ياز كۈنلىرى كىچىك، تار قولۋاقلىرىدا ئېقىنلارنى بويلاپ بېلىق تۇتىدۇ. توپلىشىپ قاۋان ئوۋلايدۇ. تارىم بويلىرىدا قىرغاۋۇل، توشقان دېگەنلەر كۆپ ئۇچرايدۇ. تارىمنىڭ قىرغاۋۇللىرى بەكمۇ چىرايلىق بولىدۇ. خورىزىنىڭ بويىنى، كۆكرىكى چىپار، قۇيرۇقى قارا ۋە قىزغۇچ رەڭدە بولۇپ ئۇزۇن بولىدۇ. مېكىيىنى كۆلرەڭ ياكى سۇس جىگەررەڭ بولۇپ سەپكىلىك كېلىدۇ. قىرغاۋۇل بەكمۇ ياۋا بولۇپ، تۇتۇپ قانچە باقسىمۇ قولغا ئۆگەنمەيدىكەن. ئوزۇق بەرسە يېمەيدىكەن. قېچىپ كېتىدىكەن. ھەتتا تۇخۇمنى توخۇغا باستۇرۇپ، چۈجىسىنى كىچىكىدىنلا قولدا باقسىمۇ ئازراق چوڭ بولۇۋالغاندىن

كېيىن، يەنىلا جاڭگالغا قېچىپ كېتىدىكەن. تارىملىقلارنىڭ
نوچىلىرى قارچىغا ئوينايدۇ. ئۇلار بىرەر چوڭراق چۇ-
جنى يەمچۈك قىلىپ، ئوچۇقچۇلۇق بىر يەرگە پۈتىدىن
باغلاپ، ئەتراپىنى تورلاپ قويىدىكەن. قارچىغا ئېتىلىپ
چۈشۈپ چۈجىگە چاڭگال سېلىشىغا تور كۆتۈرۈلۈپ قار-
چىغا ئىلىنىپ قالىدىكەن. ئۇنى تۇتۇۋالغاندىن كېيىن 40
كۈن ئۇخلاتماي ئادەم جىق ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ يەرلەردە
كۆتۈرۈپ يۈرۈپ كۆندۈرىدىكەن.

تارىم بويلىرىدا ياز كۈنى كەلكۈن كەلگەندە، ئويمان
جايلارغا سۇ يىغىلىپ نۇرغۇن كۆللەر پەيدا بولىدۇ. كۈزدە
سۈيى تىنىپ، سۈزۈلۈپ كۆپكۆك كۆرۈنىدۇ. سىبىرىيەدىن
جەنۇبىي ئۆلكىلەرگە قىشلاشقا كېتىۋاتقان خىلمۇخىل
قۇشلار بۇ كۆللەرگە چۈشۈپ بىر مەزگىل توختاپ ئارام
ئالىدۇ. ئاق قۇ، تۇرنا، لەگلەك، قاراغاز، ياۋا ئۆردەك،
بېلىقچى قۇش، هاڭگىرت قاتارلىقلار توپ ـ توپى بىلەن
ئارىلىشىپ يايراپ يۈرىدۇ. بولۇپمۇ هاڭگىرتلار ناهايىتى
كۆپ. ئۇنىڭ تۇمشۇقى ئۇزۇن، رەڭگى قېنىق سىرىق،
چوڭلۇقى ئۆردەكتەك بولىدىكەن. تارىملىقلار ئۇنىڭ گۆ-
شىنى سېسىق كۆرۈپ يېمەيدىكەن. ئۇلار توپلىشىپ ئې-
تىزلارغا قونۇپ، يېڭى تېرىپ قويغان ئۇرۇقلارنى يەۋال-
ىدىكەن. تارىمدا ياۋا بۇغا ـ مارالار هازىرمۇ ئۇچراپ
تۇرىدۇ. ئۇلار 10 ـ ئايدا بىرەر ئاي دېگۈدەك كۈيلەيدى-
كەن. پىلدەك هۆركىرەپ، ئۆزىنى هەر تەرەپكە تاشلاپ
زورۇقۇپ كېتىدىكەن. ئادەمنى كۆرسە قوغلاپ ئۈسىدى-
كەن. هازىر قوتانلاردا بېقىلىۋاتقان بوغىلارمۇ ناهايىتى
كۆپ. كۆللەردە قومۇش يېكەنلەر بولۇق ئۆسىدۇ. بۇنداق
جايلاردا مىكىجىن ـ قاۋانلار تولا ئۇچرايدۇ. ئۇلار كېچە-
لىرى ئايدىڭدا چۈرپىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ چىقىپ، سۈيى
تارتىلىپ قالغان كۆلچەك هەم دەريا بويلىرىغا بېرىپ بې-
لىق تۇتۇپ يەيدىكەن. سەهەردە ئاشۇ جايلارغا بېرىپ
قالسىڭىز قاۋانلارنىڭ هەممە يەرنى تىلغىۋەتكەن ئىزلى-
رىنى كۆرىسىز. شۇڭا سۇغا يېقىن توغراق ئارىسىدا يۈر-
گىنىمدە ئالدىمدىن تۇيۇقسىز قاۋان چىقىپ قالمىسۇن
دەپ پات ـ پات توۋلاپ ناخشا ئېيتىپ ماڭىمەن.

لوپنۇرنىڭ دۆڭقوتان يېزىسىدىكى هەمدۇل ئاكىنىڭ
ئېيتىپ بېرىشىچە، تارىم بويلىرىدا بۇنىڭدىن 80 يىللار
مۇقەددەم يولۋاس كۆپ بولغانىكەن. يولۋاس بالىسى تۇ-
غۇلغاندا قىزىل ئېتى بىلەنلا تۇغۇلىدىكەن. ئورماندا چۇ-
مۇلە جىق بولغاچقا، چىشى يولۋاس بالىسىنى ئۇلاردىن
ئەيىقىچىپ ئاغزىدا چىشلەپ يۆتكەيدىكەن. تۇيۇقسىز ئال-
دىدىن قىرغاۋۇل ئۈركۈپ پۇررىدە ئۇچۇپ قالسا يولۋاس
چۆچۈپ كېتىپ بالىسىنى قاتتىق چىشلىۋېلىپ ئۇنى ئۆل-
تۈرۈپ قويىدىكەن. شۇڭا يولۋاس ئاسان ئاينىمايدىكەن.

بۇرۇنلاردا تارىم بويلىرىدىكى كۆل ۋە سازلىقلاردا
قومۇشلۇق كەڭرى بولغاچقا يولۋاسلار شۇ يەرلەرنى ماكان
تۇتاتتىكەن. بۇنىڭدىن 80 يىللار بۇرۇن دۆڭقوتاندا ئا-
ۋۇل سېلىم پالۋان دېگەن بىر نوچى ئۆتكەنىكەن. ئۇ تۇ-
تۇۋالغان يولۋاس كۈچۈكلىرىنى هويلىسىنىڭ ئىككى تە-
رىپىگە ئىت ئورنىدا باغلاپ قوياتتىكەن. پالۋان ئوۋغا
چىققاندا سول بېلىكىنى تېرە ۋە ئارقان بىلەن ئوراپ،
ئۇنى ئېتىلىپ كەلگەن يولۋاسقا تەڭلەپ چىشلىتىپ، ئاندىن
ئوڭ قولىدىكى خەنجەرنى يولۋاسنىڭ كۆكرىكىگە ئۇراتتى-
تىكەن. 1930 ـ يىللاردا بولسا كېرەك، بىر مالچى جاڭگالدا
گۈلخان يېقىپ كاۋاپ پىشۇرۇپ ئولتۇرسا تۇيۇقسىز يول-
ۋاس كېلىپ قاپتۇ. ئۇ مالچى هودۇقۇپ كېتىپ، ئالدىدىن
كۆيۈۋاتقان بىر كالتەكنى ئېلىپ، هۆركىرەپ ئېتىلغان
يولۋاسنىڭ ئاغزىغا تىقىپ ئۇنى قاچۇرۇۋېتىپتۇ. ئەتىسى
يېرىم كۈنلۈك يىراقتا شۇ يولۋاسنىڭ ئۆلۈكىنى كۆرگەن-
مىش. سۇۋىن هېدىننى ئەگەشتۈرۈپ، كروران قەدىمىي
شەهىرىنى تاپقان ئۆردەكمۇ ياش ۋاقتىدا، بىر يولۋاس
ئۆردەكنىڭ ئانىسىغا قاراپ ئېتىلىپ كېلىۋاتقاندا، دەرهال
چاپىنىنى سېلىپ پۇلاڭلىتىپ هېلىقى يولۋاسنى ئۈركۈتۈپ
قاچۇرۇۋەتكەنىكەن. مالچىلارنىڭ دېيىشىچە، هازىرمۇ
ئالتۇنتاغنىڭ قاراڭغۇ جىلغىلىرىدا يولۋاسنى كۆرگەنلەر بار
ئىكەن. بىراق ئۇ يولۋاسمۇ ياكى يىلپىزمۇ، ئېنىق ئەمەس.

2004 ـ يىلى قارچۇغىدا بىر چارۋىچىنىڭ قوتىنى ئال-
دىدا باغلاپ قويۇلغان تۈلكىنى كۆرگەنىدىم. ئۇنىڭ موي-
لىرى قېلىن، ئۇزۇن بولۇپ، دۇمبىسى سۇس جىگەررەڭ،
قورساق تەرىپى كۈلرەڭ ئارىلاش سىرىق بولۇپ بەكمۇ
چىرايلىق ئىكەن. ئادەمگە مۆلدۈرلەپ قاراپ تۇرىدىكەن.
چارۋىچىنىڭ ئېيتىشىچە توشقانغا قۇرغان توزاققا چۈشۈپ





قاپتۇ. مېنىڭ مەسلىھەتىم بويىچە ئەتىسى ئۇنى جاڭگالغا قويۇۋەتتى. كۈزدە توشقانلار بەك كۆپىيىپ كېتىدۇ. كەشلەر قوغۇنلۇق ياكى كۆكتاتلىقنىڭ ئەتراپىنى چىتلاپ، بەزى جايلىرىدىن قەستەن كىچىك يوچۇق ئېچىپ، ئىچى تەرىپىگە تۇزاق قۇرۇپ قويىدىكەن. بىچارە توشقانلار كېچىسى يېسىۋىلەك، سەۋزە يېگىلى كېلىپ شۇ تۇزاققا چۈشۈپ قالىدىكەن. 1992 ـ يىلى شايارىدىكى پاۋان كۆلىنىڭ بويىدا بىر بېلىقچى ئائىلىسىدە مېھمان بولغىنىمىزدا، توشقان قورۇپ لەڭمەن ئېتىپ بەرگەنىدى. مەززە قىلىپ يېگىنىمىز ئېسىمدىن چىقمايدۇ. تارىملىقلار مال بېقىپ كېتىۋېتىپ سۇ بار يەرلەردە چۈشكۈن بولۇپ قونىدۇ. ياۋا پىياز سېلىپ ئۈگرە، كۈلگە كۆمۈپ كۆمەچ ياكى گۆش كۆمەچ پىشۇرۇپ يەيدۇ. بۇنداق شارائىتتا يېگەن تاماقلار ناھايىتى مەززىلىك بولۇپ، تەمى مەڭگۈ ئېغىزىمىزدا قالىدۇ. 1986 ـ يىللىرى بولسا كېرەك، بۈگۈرنىڭ تەۋەلىكىدىكى چايان دەرياسى بويىدا بېلىقچىلارغا ئۇچراپ قالغانىدىم. ئۇلار بېلىق شورپىسى تەييارلىغانىكەن. بىزگە يەنە بېلىق كاۋىپىمۇ قىلىپ بەرمەكچى بولدى. مەن بېلىق كاۋىپىغا ئىشتەي ساقلاپ ھېلىقى بېلىق شورپىسىغا ئەدەپ يۈزىسىدىن ئېغىز تېگىپ قويماقچى بولغانىدىم، بىراق ئېغىز تەگكەندىن كېيىن ئۆزۈمنى تۇتۇۋالماي يوغانلا ئىككى بېلىقنى يەپ يەنە خېلىلا شورپا ئىچىۋاپتىمەن. شۇنىڭ بىلەن قورسىقىم تويۇپ قېلىپ، بېلىق كاۋىپىنى يېيەلمەي ئارماندا قالغانىدىم. ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە، يېڭى تۇتۇلغان بېلىقنى شۇ بېلىق ياشىغان سۇدا پىشۇرسا، ئەنە شۇنداق مەززىلىك بولىدىكەن. تارىملىقلارنىڭ ئەڭ ئېسىل تامىقى يەنىلا قېرىن كاۋاپ. پاقلاننى سويۇپ، قېرىنىنى تازىلاپ تەتۈر ئۆرۈپ، ئىچىگە گۆشنى پارچىلاپ سېلىپ ئاندىن ئاغزىنى تىكىپ يۇلغۇن ياكى توغراق چوغىغا كۆمۈپ پىشۇرىدۇ. يەنە زەۋىش دەيدىغان بىر خىل تائاممۇ بار. جىگەرنى توغراپ، چاۋامايغا ئوراپ ئۈستىدىن ئاچچىق ئۈچەي بىلەن ئوراپ چىگىپ بىر پۈتۈن قىلىپ، ئاندىن ئۇنى گۆش سالغان قازانغا سالىدۇ. قازانغا سالماي كاۋاپ قىلىپ پىشۇرسىمۇ بولىدۇ. تارىم بويلىرىدا چۈچۈكبويا ۋە لوپنۇر كەندىرى ئۆسكەن يايلاقلار كۆپ بولغاچقا بۇ جايلاردا يايلىغان ماللارنىڭ گۆشى باشقىچە تەملىك بولىدۇ. مەملىكەت ئىچىدە لوپنۇر تونۇر كاۋىپىنىڭ داڭقى چىقىپ كەتكىنى دەل مۇشۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك. تارىم دەرياسىنىڭ سۈيى ئالاھىدە تاتلىق بولىدۇ. ئوخشىتىپ چاي دەملەپ بەرسە پۇۋلەپ توختىماي ئىچىۋېرىسىز. كېيىن بىرەر بازار ئىچىگە قايتىپ بېرىپ جۈمەكنىڭ سۈيىدە دەملەنگەن چاي ئىچسىڭىز پەقەتلا تېتىمايدۇ. بىر قانچە كۈندە ئاران كۆنىسىز.

2001 ـ يىلى 11 ـ ئايدا تېتىما كۆلگە سۇ قۇيۇلۇشىنى كۈتۈپ تۇرغىنىمىزدا، چارقىلىقنىڭ تىكەنلىك دېگەن يېرىدە 109 ياشقا كىرگەن جالالىدىن بوۋاي بىلەن سۆھبەتتە بولغانىدىم (ئاڭلىسام بۇ كىشى 2004 ـ يىلى 111 يېشىدا ۋاپات بولۇپتۇ. ياتقان جايى جەننەتتە بولغاي). بۇ ئادەم ئېگىز، قاتمال بولۇپ، ئالدىغا سەل ئېگىلىپ قالغىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا تېخى روھلۇق، تېتىك كۆرۈنەتتى. مەن بوۋايدىن ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشنىڭ سىرىنى سورىغانىدىم. ئۇ ئادەم كۈلۈپ كېتىپ: «بالام بۇنىڭ ھېچقانداق سىرى يوق. پەقەت مەن قىلغاننى سىلەر قىلالمايسىلەر، شۇ» دېگەنىدى. جالالىدىن بوۋاينىڭ دېيىشىچە، ياش چاغلىرىدىن تارتىپلا ئالتۇنتاغ ئېتەكلىرىدىن تاكى تارىم بويلىرىغىچە بولغان كەڭ دالىدا مال بېقىپ كەپتۇ. بەزىدە بىر قانچە ئات، ئېشەكلىرىمۇ بولغانىكەن. بىراق، ئادەتتە پەقەت مىنمەيدىكەن. ئۇلاغلارنىڭ ئۈستىگە يۈك، ئاغرىق مال ياكى يېڭى تۇغۇلغان قوزىلارنى ئارتىپ قويۇپ، پىيادە يول يۈرىدىكەن. تېنىنىڭ ساغلام تۇرۇشىدىكى ئاساسىي سەۋەب، مانا مۇشۇنداق تىنماي ھەرىكەت قىلىپ تۇرغانلىقىدىن ئىكەن. يەنە بىرى پۈتۈن ئۆمرىدە ياۋا مالنىڭ يەنى كېيىك، توشقان، قىرغاۋۇل، جاڭگال ئۆچكىسى قاتارلىقلارنىڭ

گۆشنى ئانچە ـ مۇنچە ئىستېمال قىلىپ كەپتۇ. قولدا باققان قوي، كالا، ئۆچكە، توخۇ دېگەنلەردىن بىر خىل غەيرىي پۇراق ھېس قىلىپ، زادىلا يېيەلمەيدىكەن. ئۇ-چىنچىسى قىش، ياز ئۈزۈلدۈرمەي كۆلگە كۆمۈپ يە-شۇرغان سەۋزە يەپ بېرىدىكەن. يەنە تارىم بويلىرىنىڭ ساپ ھاۋاسى، تاتلىق سۈيى قاتارلىقلارمۇ مۇھىم سەۋەب-لەردىن بولسا كېرەك.

تارىم بويلىرىدا كىشىلەر ئىشكىلىرىگە قۇلۇپ سال-مايدۇ. قويغىنى قويغان يەردە قېلىپ، ئۆزلىرى ئىشقا ياكى بازارغا كېتىۋېرىدۇ. كېلىپ قالغان يولۇچىلار ئۆيگە كىرىپ، ئوت قالاپ چاي ئىچىپ ھەتتا قونۇپ ئەتىسى يولغا راۋان بولسا بولۇۋېرىدۇ. تارىملىقلار بەكمۇ ئىنچى كېلىدۇ. ئىزغا قاراپ كۆپ ئىشلارنى ئىلغا قىلالايدۇ. تارىم بويلىرىغا بازار تەرەپلەردىن ئوتۇنچىلار كېلىپ تۇرىدۇ. ئۇلار بىر نەچچە كۈن دالىدا قونۇپ، قۇرۇپ قالغان تەييار ئوتۇنلارنى تېرىپ ئاندىن قايتىدۇ. تارىملىقلار ھارۋىغا قاتقان ئات، ئېشەك ۋە پادا سەركىلىرىنىڭ بويىنىغا كول-دۇرما ئېسىپ قويىدۇ. بۇ كولدۇرمىلار تىنچ كېچىلىرى يىراقتىن مۇڭلۇق ۋە رىتىملىق جىرىڭلاپ كىشىلەرگە ئا-جايىپ سىرلىق تۇيغۇلارنى بېغىشلايدۇ.

تارىملىقلار، بولۇپمۇ لوپنۇرلۇقلار قوشاق توقۇشقا ئۇستا كېلىدۇ. لوپنۇر قوشاقلىرىنىڭ ئۆزگىچە يېقىملىق ئاھاڭى بولىدۇ. مەرىكىلەردە ئەر ـ ئاياللار قارىمۇ قارشى ئولتۇرۇشۇپ بىر ـ بىرىنى كەلتۈرۈپ قوشاق توقۇشىدۇ. ئۇلار يەنە گەپكە ئۇستا، قىسقا، لېكىن چوڭقۇر مەنالىق سۆزلەيدۇ. لوپنۇرلۇق بىر دوستۇمنىڭ سۆزلەپ بېرىشى-چە، جاڭگالدىكى چىرماش يوللاردا كېتىۋاتقان ماشىنىلىق بىر توپ ئادەملەر مال بېقىپ يۈرگەن بىر ئاياللىن: «بۇ يول نەگە بارىدۇ؟» دەپ سورىغىنىدا ھېلىقى ئايال ھېچ ئىككىلەنمەيلا: «ماڭالىساڭ بېيجىڭغا بارىدۇ!» دەپ



جاۋاب بەرگەنىكەن. بىر يىلى كەلكۈن مەزگىلىدە بۈگۈر-نىڭ بوستانكۆل ساۋخۇ يېزىسىدىن لوپنۇرنىڭ قارچۇغا يېزىسىغا كېلىۋاتقانلار تارىم دەرياسىدىن ئۆتەلمەي ئۇ قاتتىكى مالچىدىن: «دەريانىڭ كېچىكى قەيەردە؟» دەپ سوراپتۇ. ھېلىقى مالچى دەرھاللا: «كېچىك كېمىدە» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. چۈنكى ھازىر سۇ ئۇلۇغ بولغاچقا ھەممە كېچىكلەر چوڭقۇر سۇ ئاستىدا قېلىپ، پەقەت كېمە ئارقى-لىقلا ئۆتكىلى بولىدىكەن.

تەكلىماكان گەرچە بىر قاتتا قۇملۇق بولسىمۇ، بىراق نەچچە مىڭ يىللاردىن بېرى ئۈزۈلمەي ئېقىۋاتقان ئانا دەريا تارىم دەرياسى بۇ زېمىنغا ۋە بۇ زېمىندا ياشاۋاتقان-لارغا ھاياتلىق ئاتا قىلىپ، بۇ تۇپراقنىڭ گۈللىنىشىگە ھەم كۆپ قىرلىق مەدەنىيەتلەرنىڭ شەكىللىنىشىگە تۈرتكە بو-لۇپ كەلگەن. قەدىمىي يىپەك يولى تارىم ئويمانلىقىنى كې-سىپ ئۆتكەچكە بۇ جاي ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن قورد-غارنى تۇتاشتۇرۇشتا ۋە ئۆزئارا مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينىغان. ئۇزاق تارىخ ۋە كروران، مىرەن، نىيە خارابىلىرى ئاستىدا كۆمۈلۈپ ياتقان ئاجايىپ تىلسى-ماتلار تارىم ۋادىسىغا بەكمۇ سىرلىق تۈس ئاتا قىلغان.

تارىم دەريا ۋادىسىدا كىشىلەر ئۇزاقتىن بۇيان قۇم ـ بوران بىلەن ئېلىشىپ قەيسەرلىك بىلەن ياشاپ كەلمەكتە. ئۇلارنىڭ تارىخى تارىم دەرياسىنىڭ ئۆزگىرىشچان ئېكە-ئولوگىيىسى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان. يېقىنقى يىللا-ردىن بۇيان، «غەربىي رايوننى گۈللەندۇرۇش»، «تارىم دەرياسىنىڭ ئېكولوگىيىسىنى تۈزەش» سىياسىتىنىڭ ئە-مەلىيلەشتۈرۈلۈشى ۋە ئىشقا ئاشۇرۇلۇشى بىلەن نۇرغۇن كىشىلەر غەربىي قىسمىغا، شىنجاڭغا، جۈملىدىن تارىم ۋا-دىسىغا، قۇملۇقتا ياشاۋاتقانلارنىڭ تۇرمۇشىغا ۋە مەدەنى-يىتىگە قىزىقماقتا.

ئەگەر سىز قۇملۇققا ئىچكىرىلەپ كىرىپ، بۇ يەردە ياشاۋاتقانلارنىڭ ئۇزاقتىن ساقلىنىپ قالغان بېكىنمە ھا-لەتتىكى تۇرمۇشىغا، ئەنئەنىۋى ئۆرپ ـ ئادەتلىرىگە نەزەر سالسىڭىز، تارىم بويلىرىنىڭ توغراق مەنزىرىسىنى، بۇ يەردە قىزىرىپ چىقىۋاتقان ياكى پېتىۋاتقان قۇياشنى، سىرلىق تۆگە كارۋانلىرىنى، خۇددى پەرىشتىلەر پەردازلاپ قويغاندەك نەقىشلىرى جىلۋىلىنىپ تۇرغان قۇم بارخانى-لىرىنى، ئەگەر جۈرئەتىڭىز بولسا، بۇ يەرنىڭ دەھشەتلىك قۇم بورانلىرىنى تاماشا قىلسىڭىز، بۇ كارامەتلەر سىزگە مەڭگۈلۈك ئەسلىمە بولۇپ قالىدۇ!

2006 ـ يىلى 5 ـ ئاي

# «ئاق بوز ئات» چۆچىكى ۋە ئۇنىڭدىكى روھنى باشقا شەيئىگە بەند قىلىش مۇتىفى توغرىسىدا



مۇھەممەدئىمىن ئاتاۋۇللا

«ئاق بوز ئات» لوپنۇر خەلق چۆچەكلىرى ئىچىدى-
كى مەزمۇنى قەدىمىي، پەيدا بولۇش تارىخى نىسبەتەن
ئۇزاق بولغان بىر تىپىك قەھرىمانلىق چۆچىكى بولۇپ،
بۇ چۆچەك قويۇق ئەپسانىۋى تۈس ۋە ئۆزگىچە تەسەۋ-
ۋۇر كۈچىگە ئىگە بولۇش سۈپىتى بىلەن كىشىلەر ئارىسىدا
كەڭ تارقالغان چۆچەكلەرنىڭ بىرى.

«ئاق بوز ئات» چۆچىكىدە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تىنچ،
خاتىرجەم، بەختلىك تۇرمۇشقا ئېرىشىش ئۈچۈن كۈچلۈك
دۈشمەنلەردىن قورقماي باتۇرانە كۈرەش قىلىش روھى
مەدھىيىلەنگەن ھەم بەختىيار تۇرمۇشقا ئىنتىلىش ئارزۇسى
كۈچلۈك ئىپادىلەنگەن. چۆچەك خەلق ئارىسىدىكى ئەپ-
سانىلەرنى ئۆزىدە ئەكس ئەتتۈرگەن. چۆچەكتىكى روھنى
باشقا شەيئىگە بەند قىلىش مۇتىفى ئۇيغۇر خەلق ئېغىز
ئەدەبىياتىدا مەۋجۇت بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئوتتۇرا
ئاسىيادىكى باشقا تۈركىي تىللىق مىللەتلەردە ھەتتا دۇن-
يادىكى باشقا ئەل ئېغىز ئەدەبىياتىدىمۇ ھەرخىل شەكىلدە
خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇ خىل مۇتىف تۈركىي تىللىق
مىللەتلەردىكى ئەپسانە ـ رىۋايەتلەردە، چۆچەكلەردە كۆپ
ئۇچرىغاچقا تەتقىقاتچى ئالىملارنىڭ يۈكسەك دىققىتىنى
تارتقان. «ئاق بوز ئات» چۆچىكىنىڭ ئەپسانىۋى پۇرىقى
ئىنتايىن كۈچلۈك. «ئەپسانە ــ ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىدى-
كى ئەڭ قەدىمىي، ئەڭ ئۇلۇغ كۈچلەرنىڭ بىرى. ئۇ ئىن-
سانىيەتنىڭ بارلىق پائالىيەتلىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەت-
لىك. ئۇ تىل، شېئىر، سەنئەت ۋە ئىپتىدائىي تارىخىي

ئىدىيە بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان» ① . «ئاق بوز ئات» چۆچىكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئاغزاكى ئەدەبىيات شەكلىنى ۋە بۇ ئەدەبىياتنىڭ قەدىمىي تۈسىنى ساقلاپ قالغان بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى دەۋردىكى ئىجتىمائىي ئەھۋالىنى، مەدەنىيىتىنى ۋە مىللىي تەپەككۇرىنى چۈشىنىشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. تۆۋەندە بىز چۆچەكنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى بىلەن تونۇشۇپ ئۆتەيلى:

قەدىمكى زاماندا بىر شەھەردە كۆچەرباي ئىسىملىك بىر باي ئۆتكەن ئىكەن. ئۇنىڭ توققۇز ئوغلى بولۇپ «توققۇز قىزى بار ئادەم بىلەن قۇدا بولىمەن» دەپ ئىزدەپ يۈرۈپتۇ. يەنە بىر يىراق سەھرادا كۆچمەسباي ئىسىملىك بىر كىشى بار ئىكەن. ئۇمۇ خۇددى كۆچەربايدەك «توققۇز ئوغلى بار ئادەم بىلەن قۇدا بولىمەن» دەپ كەلگەن ئەلچىلەرنى قايتۇرۇپتۇ. ئەلچىلەر كېلىۋەرگەچكە، ئۇ ئۇلارغا ئېغىر شەرتلەرنى قويۇپتۇ. نۇرغۇن بەگزادىلەر، نۇرغۇن ئوغۇللار ئۇنىڭ شەرتلىرىنى ئورۇنداشقا ئاجىزلىق قىلىپ قايغۇغا پېتىپتۇ.

بىر كۈنى كۆچەربايىنىڭ كەنجى ئوغلى بىر چۈش كۆرۈپتۇ. چۈشىدە بىر بوۋاي كەنجى ئوغۇلغا كۆچمەس بايىنىڭ شەرتىنى قانداق ئورۇنداش توغرىسىدا كۆرسەتمە بېرىپتۇ. كەنجى ئوغۇل ئويغىنىپ كۆرگەن چۈشىنى دادىسى ۋە ئاكىلىرىغا ئېيتىپ بېرىپتۇ. ئۇلار كەنجى ئوغۇل چۈشىدە كۆرگەندەك قىلغان ئىكەن، كۆچمەسبايىنىڭ قويغان شەرتىدىنمۇ ئېشىپراق ئورۇندىلىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئوغۇللارنىڭ دادىسى كەنجى ئوغۇلنى ئۆيدە قالدۇرۇپ قويۇپ، قالغان سەككىز ئوغلىنى ئېلىپ، 40 خېچىرغا سوۋغا ئارتىپ، كۆچمەسبايىنىڭ ئۆيىگە يولغا چىقىپتۇ. ئۇلار ئۈچ ئاي يول مېڭىپ ئاخىر كۆچمەس بايىنىڭ قورۇسىغا كېلىپتۇ. كۆچمەسباي كۆچەربايىنىڭ مەقسىتىنى ئۇقۇپ بۇنىڭغا ماقۇل كېلىپتۇ. بىر نەچچە كۈندىن كېيىن كۆچەر باي قىزلارغا نىكاھ ئوقۇتۇپ، ئۆز شەھىرىگە ماڭماق بولۇپتۇ. كۆچمەسباي قىزلىرىغا مېڭىش ئالدىدا:

—قىزلىرىم نېمە تەلىپىڭلار بار؟—دەپ سوراپتۇ. كىچىك قىزى:

—مېنىڭ بىر تىلىكىم بار، ئاق بوز ئېتىمنى بەرسىڭىز، مەن ئۇنىڭدىن ھەرگىز ئايرىلالمايمەن،—دەپتۇ.

كۆچمەسباي قىزىنىڭ دېگىنىنى قىلىپ، ئۇلارنى ئۇزىتىپ قويۇپتۇ. ئۇلار مېڭىپ بىر ئايلىق يەرگە كەلگەندە بىر يەردە ئارام ئېلىۋاتسا، غايەت زور بىر دىۋە پەيدا بولۇپ، ئۇلارنى يېمەكچى بولۇپتۇ. كۆچەر باي دىۋىگە:

—مەن ئاران دېگەندە ئوغۇللىرىمغا خوتۇن تېپىپ ئۆيۈمگە قايتىۋاتىمەن. خۇدا ھەققى يولۇمنى توسماسالڭ،—دەپتۇ.

دىۋە ئۇنىڭ كۆچەرباي ئىكەنلىكىنى بىلىپ ئۇنداق بولسا، كەنجى ئوغلۇڭنى قويۇپ كەت. مەن ئۇنى ئىزدىگىلى خېلى ئۇزاق بولدى،—دەپتۇ ھەيۋە بىلەن.

ئۇلار ھەرقانچە قىلىپمۇ دىۋىدىن قۇتۇلالماي كەنجى ئوغلى بولمىغاچقا ئامالسىز ئۇنىڭ جورىسىنى دىۋىنىڭ قېشىدا قالدۇرۇپ قويۇپ، كەنجى ئوغلىنى ئەۋەتىدىغان بولۇپ يولغا راۋان بولۇپتۇ.

ئەسلىدە دىۋە بۇنىڭدىن 50 يىل بۇرۇن قۇرئەندازدىن جېنىنى كۆچەربايىنىڭ كىچىك ئوغلىنىڭ ئالدىغانلىقىنى بىلگەنىكەن. شۇ كۈندىن بۇيان دىۋە بۇ ئوغۇلنى ئىزدەۋاتقانىكەن.

دىۋە قىزغا يېمەكلىك تەييارلاپ بېرىپ، قېچىپ كەتسە بوش قويمايدىغانلىقىنى تاپىلاپ ئۇيقۇغا كېتىپتۇ.

كەنجى ئوغۇل ئىنتايىن زېرەك، باتۇر، پەم-پاراسەتلىك بولغاچقا، ئاتىسىنىڭ قويمىغىنىغا قارىماي ئاق بوز ئاتنى مىنىپ يولغا چىقىپتۇ. يىگىت ئېتىنىڭ كۆرسەتمىسى بىلەن ئۇخلاۋاتقان دىۋىنىڭ يېنىغا كېلىپ، جورىسىنى ئۆيىگە ئاپىرىپ قويۇپ دىۋىنى ئۆلتۈرگىلى مېڭىۋېتىپ بىر يەرگە كەلگەندە ئاق بوز ئات سۆزلەپتۇ:

—ئەي يىگىت، بۇ سەپەر ئىنتايىن خەتەرلىك، سەن ئالدى بىلەن دىۋىنىڭ جېنى بار يەرگە بار. ھازىر ئۇلۇغ تەرەپكە ماڭساق دىۋىنىڭ ئۆيىگە بارىمىز. ئۆيدە بىر قىز بار. سەن بارغاندىن كېيىن ئۇ ساڭا ئۆمۈرلۈك بىرگە بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇنىڭ تەلىپىنى رەت قىلما. شۇ چاغدا سەن پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ ئاتىسىنىڭ جېنىنى قويغان جايىنى سورا. ئېيتىپ بەرمىسە، قايتىپ كېتىمەن دېسەڭ ئۇ ساڭا ئېيتىپ بېرىدۇ. دىۋىنىڭ قېشىغا بارساڭ جېنىڭدىن ئۈمىد كۈتمە، دىۋىنىڭ ئويغىنىشىغا ئۈچ كۈن قالدى، تېز ھەرىكەت قىل،—دەپتۇ.

يىگىت ئاتنىڭ دېگىنى بويىچە قىلىپتۇ. قىز:

—خەير ئەمىسە، مەن ساڭا ئاتامنىڭ جېنى بار يەرنى ئېيتىپ بېرەي، لېكىن مەندىن ئايرىلمايسەن،—دەپتۇ. يىگىت ماقۇل بولۇپتۇ.

—ئاڭلا، كۈن چىقىش تەرەپكە ئازراق ماڭساڭ ئاۋۇ تاغ قاپتىلىدا بىر ئەجدىھا بار. ئۇنى ئۆلتۈرەلىسەڭ ئاتامنىڭ جېنى ئۇنىڭ يۈرىكىدە، يۈرەكنى يارساڭ ئىچىدە

بىر شىشە بار. شىشىنى تاشقا ئۇرساڭ ئاتام ئۆلىدۇ، — دەپتۇ قىز.

شۇنداق قىلىپ يىگىت دىۋىنى ئۆلتۈرۈپتۇ. يىگىت قىزنى ئېلىپ بىر يەرگە كەلگەندە ئۆلگەن دىۋىنىڭ ئىنىسى ئۇلارنى قوغلاپ يېتىشىۋاپتۇ. ئات قىزغا:

— تاغاقنى تاشلا، — دەپتۇ. قىز تاشلاپتۇ. تاغاق بىردىنلا چەكسىز ئورمانغا ئايلىنىپتۇ. خېلى ماڭغاندىن كېيىن ئات:

— ئەينەكنى تاشلا، — دەپتۇ. قىز ئەينەكنى تاشلىغان ئىكەن، چېكى يوق دېڭىزغا ئايلىنىپتۇ. بىر دەم ماڭغاندىن كېيىن يەنە:

— ئەي يىگىت، مېنىڭ يايلىمدىن بىر تال يۇلۇپ، تاشلا — دەپتۇ. يىگىت شۇنداق قىلغانىكەن، دىۋە چىرقىراپ كەينىدە قاپتۇ. ئۇلار شۇ ماڭغانچە يۇرتىغا قايتىپ كېلىپ ئاتا ـ ئانا، ئاكا ـ يەڭگىلىرى ۋە خوتۇنى بىلەن كۆرۈشۈپ، كېيىنكى تۇرمۇشنى خاتىرجەم ۋە كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزۈپتۇ.

بۇ چۆچەكتە كەنجى باتۇرنىڭ ئەجدىھانىڭ يۈرىكى ئىچىدىكى شىشىنى چېقىپ دىۋىنى ئۆلتۈرگەنلىكى كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ. چۈنكى بۇنداق روھنى باشقا شەيئىگە بەند قىلىش — خېلى كۆپ مىللەتلەر ئېغىز ئەدەبىياتىدا ئۇچرايدىغان ئالاھىدە بىر مۇتىف. «مۇتىف بولسا بىر ھېكايىدىكى ئەڭ كىچىك ئەنئەنە ئىچىدە داۋاملىشالايدىغان تەركىب. مۇشۇنداق بولۇش ئۈچۈن ئۇ جەزمەن مەلۇم بىر خىل ئادەتتىن تاشقىرى بولغان ۋە كىشىنى تەسىرلەندۈرىدىغان كۈچكە ئىگە بولۇش كېرەك. كۆپ قىسىم مۇتىفلار ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ. بىرى، ھېكايىدىكى ئىلاھلار ياكى تەڭداشسىز ھايۋانلار ياكى سېھىرگەر، يالماۋۇز، ئەۋلىيالار تۈرىدىكى روھلار ياكى ھەتتا ئەنئەنىۋى ئادەم ئوبرازى، مەسىلەن، بىر يېتىم بالا ياكى رەزىل ئۆگەي ئانا بولىدۇ. ئىككىنچى خىل مۇتىف — چېتىلىدىغان ۋەقەلىكنىڭ مەلۇم ئارقا كۆرۈنۈشى — سېھىرگەرلىك بۇيۇمى، غەيرىي ئادەت، ئۆزگىچە ئېتىقاد ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش قاتارلىقلار بولىدۇ. ئۈچىنچى خىل مۇتىف — ھېكايىدىكى ئاشۇ ۋەقەلىكلەر كۆپ قىسىم مۇتىفنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ ② . «ئاق بوز ئات» چۆچىكىدە بۇ مۇتىفلار ئاساسەن مەۋجۇت. مەسىلەن، باتۇرنىڭ چۈشىدە كۆرگىنىگە ئاساسەن بىردەمدىلا كۆچمەسباينىڭ شەرتىنى ئورۇندىغانلىقى، ئاق بوز ئاتنىڭ زۇۋانغا كېلىپ، كەنجى باتۇرغا يول كۆرسىتىپ ياردەم قىلغانلىقى، دىۋە مۇتىفى، دىۋىنىڭ روھنى باشقا شەيئىگە بەند قىلىش مۇتىفى قاتارلىقلار.

گەرچە ھەرقايسى ئەل ئەپسانە ـ چۆچەكلىرىدىكى بۇ خىل مۇتىفلاردا ئازدۇر ـ كۆپتۇر پەرقلەر بولسىمۇ، ئەمما بۇ خىل مۇتىفتىكى ئاساسىي لىنىيە بىردەكلىككە ئىگە. ئوخشىمىغان ئەپسانە ـ چۆچەكلەردىكى مۇتىفلار ئورۇنلاشتۇرۇلۇش جەھەتتە ھەرقايسىسى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە. بىر مۇتىف بىر ۋەقەلىكتە ئاددىيلا تەسۋىرلەنسە، يەنە بىر ۋەقەلىكتە نىسبەتەن تەپسىلىي ۋە ئىنچىكىلىك بىلەن تەسۋىرلىنىشى مۇمكىن. بۇ شۇ ئەپسانە ـ چۆچەكلەرنى ياراتقان كىشىلەرنىڭ ياشىغان مۇھىتى، ئوخشىمىغان ۋارىسلىق قىلىش شەكلى ۋە ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشى، ھېكايىنى ئېيتقان ۋاقىتتىكى مۇھىت (تىل مۇھىتى) ھەمدە ئاڭلىغۇچىلارغا بولغان تەسىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئېستېتىك قىزىقىشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. بۇ بۇ چۆچەكتە تۈركىي تىللىق مىللەتلەر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا كەڭ تارقالغان مۇتىفلار ساقلانغان. مەسىلەن، خاسىيەتلىك ئات مۇتىفى، دىۋە مۇتىفى، روھنى باشقا ھايۋاننىڭ تېنىگە بەند قىلىش مۇتىفى، دىۋىلەردىن قۇتۇلۇش جەريانىدىكى تەبىئەتتىن ھالقىغان ياردەمچى كۈچ مۇتىفى قاتارلىقلار بولۇپ، بۇلار ئىنتايىن قەدىمىي مۇتىفلاردۇر. شۇنداق ئۇنىۋېرسال ئەپسانىلەر باركى، ئۇلار رېئاللىقنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ. رېئاللىقتىكى قارىمۇ قارشىلىقلارنى تۈگىتىدۇ. بۇ چۆچەكتىكى ئەپسانىلەردە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىپتىدائىي مەدەنىيەت قاتلىمى ۋە قەدىمىي مەدەنىيەت ئىزناسى ئىپادىلىنىپلا قالماستىن بەلكى، بۇ ئەپسانىلەر «ئاق بوز ئات» چۆچىكىنى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي مىللەتلەر ئېغىز ئەدەبىياتى ھەتتا دۇنيادىكى باشقا مىللەتلەر ئېغىز ئەدەبىياتى بىلەن سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىشتا زور ئەھمىيەتكە ئىگە. تۆۋەندە بىز چۆچەكتىكى كىشىنىڭ دىققىتىنى ئەڭ تارتىدىغان روھنى باشقا شەيئىگە بەند قىلىش مۇتىفى توغرىسىدا مۇھاكىمە يۈرگۈزۈپ باقايلى:

روھنى باشقا شەيئىگە بەند قىلىش مۇتىفى دۇنياۋى كەڭ تارقالغان مۇتىف. ياڭپۇلىننىڭ «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى مۇتىف ئاچقۇچلىرى» دېگەن ئەسىرىدىكى 017E نومۇرلۇق مۇتىف دەل روھنى باشقا شەيئىگە بەند قىلىش مۇتىفىدۇر ③ . ئىپتىدائىي كىشىلەر «ھايات ياكى روھ تەن ئىچىدە تۇرسا زىيان ـ زەخمەتكە ئۇچراش پۇرسىتى كۆپ بولىدۇ، شۇڭا مەلۇم بىخەتەر، مەخپىي يەردە ساقلىغان

uyghurkitap.com



ياخشى، بۇنداق روھنى تەندىن ئايرىپ ئېلىپ بىر ئىللىق، ئازادە ھەم بىخەتەر جايدا ساقلاپ، بىخەتەرلىككە كاپالەتلىك قىلىش لازىم، خەتەر ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن يەنە روھنى ئۆز تېنىگە قايتۇرۇپ ئەكىلىش، ئەگەر بىر مۇتلەق بىخەتەر جاي تېپىلسا، روھنى مەڭگۈ شۇ يەردە ساقلاش لازىم، بۇنداق قىلىشنىڭ ياخشى تەرىپى—پەقەت روھ شۇ يەردە زىيانغا ئۇچرىمىسىلا، ئۇنىڭ ئىگىسى مەڭگۈ ياشايالايدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ روھى تېنىدە بولمىغاچقا، ھەرقانداق نەرسە ئۇنى ئۆلتۈرەلمەيدۇ» ④ دەپ قارايتتى. بۇنداق ئىپتىدائىي روھ قارىشى شۈبھىسىزكى، روھنى باشقا شەيئىگە بەند قىلىش مۇتىفىنىڭ دۇنيا مىقياسىدا كەڭ تارقىلىشىنىڭ ئەڭ مۇھىم سەۋەبى. «ئاق بوز ئات» چۆچەكىدە دىۋىنىڭ روھنى ئەجدىھانىڭ يۈرىكىدە ساقلىشى ۋە كەنجى باتۇرنىڭ دىۋىنى ئۆلتۈرۈش جەريانى چۆچەكنىڭ مەركىزىي مەزمۇنى ۋە ئاساسىي لىنىيىسى. ئەگەر ھېكايىدىكى مۇشۇ تەسۋىرلەر بولمىسا، چۆچەكنىڭ خەلق ئارىسىدا بۇنداق ئۇزاق مەزگىل تارقىلىپ يۈرەلىشىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. روھنى باشقا شەيئىگە بەند قىلىش مۇتىفى توغرىسىدا ئەنگلىيىلىك مەشھۇر ئىنسانشۇناس فىيۇنا بوۋيىنىڭ «دىن ئىنسانشۇناسلىقىغا مۇقەددىمە» ناملىق مەشھۇر ئەسىرىدە مۇنداق بايانلار بار: «ئەگەر كىشىلەر بالىسىنىڭ ھايۋان ياكى باشقا كىشىلەرنىڭ، بولۇپمۇ شامان ۋە ئۇنىڭ يامان سېھىرنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىماسلىقىنى ئۈمىد قىلسا، ئەگەر كىشىلەر ئۇنىڭ ھايۋانلار تەرىپىدىن، مەسىلەن، ئېيىق، يولۋاس، بۆرە قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ چىشلەپ ياكى باشقا ئۇسۇللار بىلەن ئۆلتۈرۈۋېتىشىدىن ئەنسىرىسە، شامانىنىڭ ئۇنىڭ روھنى ئېلىۋېلىشى ئارقىلىق كېسەل قىلىپ قويۇشىدىن تۇسماقچى بولسا، ئۇنداقتا، بالا تۇغۇلۇشى ھامانلا دەرھال بىر شامانى چاقىرىپ كېلىدۇ... شامان روھنى بالىنىڭ تېنىدىن ئېلىپ ئانىسىنىڭ ساقلىشىغا بېرىدۇ. مۇشۇنداق قىلغاندا، ئوغۇل بالىنىڭ روھى مەڭگۈ ساقلىنىپ قالىدۇ» ⑤ .

دېمەك، «ئاق بوز ئات» چۆچىكىدىكى روھنى باشقا شەيئىگە بەند قىلىش مۇتىفى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئېتىقاد قارىشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، شامان دىنىدىكى روھ قارىشىنىڭ بۇ چۆچەكتىكى ئەكس ئېتىشىدۇر. ئەمەلىيەتتە «ئاق بوز ئات» چۆچىكىدىكى روھنىڭ باشقا شەيئىگە بەند قىلىنىش مۇتىفى بىرلا ئاددىي مۇتىفتىن تەركىب تاپقان. ئەمما، ئۇ شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن مۇتىفلارنى ئۆزىدە مۇجەسسەملەپ، نۇرغۇن مۇتىفلاردىن تەركىب تاپقان بىر مۇتىفلار تۈركۈمى ھاسىل قىلغان. چۆچەك ئېيتقۇچىلار چۆچەكنى ئېيتىش جەريانىدا ھېكايە ۋەقەلىكىنى تېخىمۇ موللاشتۇرۇپ، باشقا مۇتىفلارنى ۋە ۋەقەلىكنى قوشۇپ ئۇنى تېخىمۇ بىر قەدەر ئىلگىرىلىگەن ھالدا كېڭەيتىپ، مەزمۇنى مول بولغان جانلىق، تەسىرلىك بىر ۋەقەلىك قىلىپ تەرەققىي قىلدۇرغان.

ناھايىتى ئېنىقكى، بۇ مۇتىفلار تۈركۈمى ئىچىدىكى خاسىيەتلىك ئات مۇتىفى قوشۇمچە مۇتىفلار ئىچىدە ئەڭ گەۋدىلىكتۇر.

نۇرغۇن ماتېرىياللارنى سېلىشتۇرۇپ، تەھلىل قىلىپ كۆرگەندە تۈركىي تىللىق مىللەتلەر ئەپسانىلىرىدە ياكى باشقا خەلقلەرنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە خىل ئالاھىدىلىكلەر بار: (1) روھنى باشقا شەيئىگە بەند قىلغۇچى كۆپىنچە ئەھۋاللاردا ھېكايىدىكى قەھرىمان بىلەن كۈرەش قىلىدىغان كۈچلۈك دۈشمەن. قەھرىمان ئۇنى قورال كۈچى بىلەن يېڭەلمەيدۇ. پەقەت ئۆزىنىڭ ئەقىل ـ پاراستى ۋە ئېسىل ئەخلاقى، باشقىلار (سۆيگۈنى، ئايالى، ئەۋلىيا قاتارلىقلار)نىڭ ياردىمى ئاستىدىلا رەقىبىنىڭ روھى ساقلانغان جاينى تېپىپ، ئالدى بىلەن ئۇنىڭ روھنى يوقىتىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن رەقىبى ھالاك بولىدۇ؛ (2) روھ بەند قىلىنىدىغان شەيئىنىڭ ئوبيېكتى كۆپ قىسىم ھاللاردا ئىنتايىن ئاجىز ھايۋان، مەسىلەن، بېلىق، قارلىغاچ قاتارلىقلار بولىدۇ. يەنە بەزىدە گۆھەر تاش، خەنجەر، بىلەي قاتارلىق جانسىز نەرسىلەر بولىدۇ ⑥ .

ئەمما بىز يەنە شۇنى بايقايمىزكى، تۈركىي تىللىق مىللەتلەردە ئاز ساندا ناھايىتى ياۋۇز چوڭ ھايۋانلارمۇ روھنى بەند قىلىش ئوبيېكتى بولالايدۇ.

جەزملەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، بۇ ئۇلارنىڭ روھ قارىشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك، تۈركىي تىللىق مىللەتلەر ئادەمنىڭ روھى ۋە ھاياتى ئىنتايىن ئاجىز، دەپ قارايدۇ. نۇرغۇن تۈركىي تىللىق مىللەتلەر دائىم ھاياتنى بىر چېۋىنچىلىك دەپ قارايدۇ. قىرغىزلار ئادەمنىڭ روھى بىر يېشىل چىۋىن ئۈستىگە قويۇپ قويۇلغان، چىۋىن ئادەم

بەدىنىدىن ئايرىلسا ئادەم ئۆلىدۇ دەپ قارايدۇ ⑦ . دېمەك، بىز بۇنىڭدىن خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا ئۇچرايدىغان روھنى باشقا شەيئىگە بەند قىلىشنىڭ سەۋەبىنى چۈشىنەلەيمىز. مەشھۇر ئالىم فرازىرمۇ ئۆزىنىڭ «ئالتۇن شاخ»ناملىق ئەسرىدە بىزنى دۇنيادىكى نۇرغۇن مىللەتلەردە روھنى باشقا شەيئىگە بەند قىلىش مۇتىفى بارلىقدەك ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەيدۇ ⑧ .

يىغىپ ئېيتقاندا، «ئاق بوز ئات» ناملىق بۇ چۆچەكنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا بىز بۇ چۆچەكنىڭ ئۇيغۇرلار ئوۋچىلىق مەدەنىيىتىدىن چارۋىچىلىق مەدەنىيىتىگە كۆچۈشتىكى ئۆتكۈنچى دەۋردە پەيدا بولۇپ، ئاغزاكى شەكىلدە ئەۋلادتىن ئەۋلادقا تارقىلىپ كەلگەن دەپ قىياس قىلالايمىز. ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەپسانە ـ چۆچەكلىرىدە ۋە ئالتاي تىل سىستېمىسىدىكى مىللەتلەردە بولغان نۇرغۇن قەدىمىي مۇتىفنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەپ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ ئىپتىدائىي دەۋردىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇشى ۋە شامانىزم مەدەنىيىتىنىڭ ئىزنالىرىنى ئەكس ئەتتۇرۇپ بېرىدۇ.


پايدىلانغان مەنبەلەر:

1. ① ئېرنىست كاسسىر (ئەنگلىيە): «دۆلەتنىڭ ئەپسانىسى»، خۋاشيا نەشرىياتى، 1999 ـ يىل، خەنزۇچە نەشرى، 25 ـ بەت.

2. ② ، ③ ، ④ ، ⑥ ، ⑦ ، ⑧ جاڭ يۈئەن، چېن گاۋلۇڭ: «شەرق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى سېلىشتۇرما تەتقىقاتى»، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، خەنزۇچە نەشرى، 2003 ـ يىل، 214 ـ ، 195 ـ بەت.

3. ⑤ فىيونا بوۋىي (ئەنگلىيە): «دىن ئىنسانشۇناسلىقىغا مۇقەددىمە»، جۇڭگو خەلق نەشرىياتى، 2004 ـ يىل، خەنزۇچە نەشرى، 230 ـ بەت.

4. ئېمىل دوركھېم (فرانسىيە): «دىنىي تۇرمۇشنىڭ دەسلەپكى شەكلى»، جۇڭگو خەلق ئۇنىۋېرسىتېتى، 1999 ـ يىل، خەنزۇچە نەشرى.

5. رودنىي ستارك، روگىر فىنكى (ئامېرىكا): «ئېتىقادنىڭ پىرىنسىپى»، جۇڭگو خەلق ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2004 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى.

6. ئې. ئې. ئېۋانس پرىچارد (ئەنگلىيە): «ئىپتىدائىي دىن نەزەرىيىسى»، سودا نەشرىياتى، 2001 ـ يىل، خەنزۇچە نەشرى.

7. «لوپنۇر خەلق چۆچەكلىرى»، 1991 ـ يىل نەشرى.



ئاپتور: شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل ـ ئەدەبىياتى كەسپى 2004 ـ يىللىق ماگىستىر ئاسپىرانتى


# پاقا بىلەن چايان

(مەسەل)

كۆنلەرنىڭ بىرىدە پاقا بىلەن چايان دوست بولۇشۇپتۇ. ئۇلار يولدا كېتىۋېتىپ بىر دەرياغا دۇچ كەپتۇ.

ــ دەريادىن قانداق ئۆتىمىز؟ ــ دەپتۇ چايان.

ــ مەن تۇرغان يەردە نېمىدىن قورقىسەن، ماڭا ھاپاچ بولساڭ مەن ئۆتكۈزىمەن؟ ــ دەپتۇ پاقا.

چايان پاقىغا ھاپاش بولۇپتۇ. پاقا سۇغا كىرىپ ئۈزۈشكە باشلاپتۇ.

دەريانىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە توساتتىن چايان قاس قىلىپ پاقىغا نەشتەر ئۇرۇپتۇ.

ــ ئاغىنە بۇ نېمە قىلغىنىڭ؟ ــ دەپ سوراپتۇ پاقا چاياندىن خاپا بولۇپ.

ــ ھېچنېمە قىلمىدىم دوستۇم، بۇ مېنىڭ ئادىتىم، بىر نەرسىگە يېقىنلاشقاندا چاقمىسام زادىلا تۇرالمايمەن، ــ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ چايان.

قاتتىق غەزەپلەنگەن پاقا:

ــ «خەپ توختا!» دەپتۇ ئىچىدە ۋە بىرئاز ماڭغاندىن كېيىن، ئاستا ـ ئاستا سۇغا چۆكۈشكە باشلاپتۇ.

قورقۇپ كەتكەن چايان ئالدىراپ ـ تىنەپ ۋارقىراشقا باشلاپتۇ.

ــ ۋايجان نېمە قىلغىنىڭ؟ نېمە قىلىۋاتىسەن؟ دوستۇم سۇدا تۇنجۇقۇپ ئۆلىدىغان بولدۇمغۇ!

ــ ۋارقىرىما ئاغىنە، سۇدا يايراشمۇ مېنىڭ ئادىتىم. سۇنى كۆرۈپلا قالسام يايراپ كېتىمەن، بىر چۈمۈلۈۋالسام پۇخادىن چىقىمەن، ــ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ پاقا.


توپلاپ رەتلىگۈچى: ئۈچتۇرپان ناھىيىلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىدىن تۇرسۇن بارات، 54 ياش، ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن.

www.uyghurkitap.com





# كۈلكە داۋانلىرى





(بىئوگرافىك ئوچېرك)

ماخمۇت مۇھەممەد

## مۇقەددىمە بوستانى

مانا، يەنە ھېسام ھەققىدە يازىدىغان بوپقالدۇق.

ھېسام دېگەن ئىسمنى ئاڭلىغاندا كۈلمەيدىغان ئادەم ئاز بولسا كېرەك. ئەلۋەتتە، بەزىلەر ئۇنى كۆرگەن، بەزىلەر كىتابتىن، ژۇرنالدىن چاقچاقلىرىنى ئوقۇغان، يەنە بەزىلەر باشقىلاردىن يېڭى، قىزىقارلىق چاقچاقلارنى ئاڭلىغان... ئىشقىلىپ، ھەممەيلەننىڭ ھېسام ئاتلىق زامانىمىزدىكى «نەسىردىن ئەپەندى» توغرىسىدا ئۆز تەسراتى بار.

ھالبۇكى، ھېسام قۇربان ئاكىنىڭ ھايات كەچۈرمىشلىرى بىلەن تونۇشماقنى خالايدىغانلار تېخىمۇ كۆپ بولۇشى مۇمكىن.

ئۇنداق بولسا مەرھەمەت، بۇ قىزىقارلىق ھېكايىمىزغا قۇلاق سېلىڭ!

ھېسام قۇربان 1930 ـ يىلى غۇلجا شەھرىنىڭ ئۆز زامانىسىدىكى مەركىزي كوچىلىرىدىن بىرى بولغان ئوردا مەھەللىسىدە، قۇربان رېھىم ئائىلىسىدە يورۇق دۇنياغا كۆز ئاچقان. قۇربان تېرىچى ۋە ئۇنىڭ ئاكىسى ئىسمائىل ئەينى چاغدا ئىلى خەلقىگە تونۇلغان قىزىقچىلاردىن ئىدى. شۈبھىسىزكى، ھېسامنىڭ كېيىنكى چاقچاق بىلەن تولغان ھاياتىغا ئۇلارنىڭ تەسىرى كۈچلۈك بولغان. مەدرىسىدە بىر نەچچە يىل ئوقۇش، مەھەللە مەشرەپلىرىگە ئىشتىراك قىلىش، غۇلجىنىڭ سەنئەت ئەجدادلىرى بىلەن باردى ـ كەلدى قىلىش، كېيىنچە بولسا ھەر خىل سەنئەت ئۆمەكلىرىدە ئىشلەش... ۋە باشقىلار ھېسامنىڭ قىزىقچى، چېۋەر گەپچى، ھازىر جاۋاب چاقچاقچى بولۇپ يېتىلىشىگە بىر ـ بىرلەپ چوڭقۇر ئىز قالدۇرغان. يىللار كەينى ـ كەينىدىن ئۆز خىزمىتىنى داۋام ئەتتى، ھايات ئەلگەكلىرى مىليونلار قاتارىدا ھېسامنىمۇ تاسقاپ ـ تاسقاپ، ئۇنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى، چىرايىدىكى قورۇقلىرىنى، شۇلار بىلەن تەڭلا چاقچاقچىلىق ئالاھىدىلىكىنى ئۆلغايتتى. بۈگۈنكى كۈندە ئۇ ئاجايىپ لەتىپچى نەسىردىن ئەپەندىگە ئوخشاپ، سەلەي چاققان، موللا زەيدىن كەبى سۆز چېچەنلىرىدىنمۇ ئۆزاپ ئاۋامنىڭ تىلىغا چىقىپ، ئېتىراپىغا ئېرىشىپ، ئۆزدىنىڭ ھازىر جاۋاب، يۇمۇرلۇق پاراڭلىرى بىلەن دىللارغا مەنالىق ھۇزۇر، چىرايلارغا بىغۇبار كۈلكە بېغىشلىماقتا.

ھېسامنىڭ ئاددىي ئەمما ئۆزگىچە ھاياتىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، ئۇنىڭ ھەر بىر كەچۈرمىشىنىڭ ئارقىسىغا تالاي ـ تالاي يۇمۇرلۇق دىتاللارنىڭ مۆكۈنگەنلىكىنى، قىزىق ـ قىزىق ئىشلارنىڭ ئۇنىڭ ئۆمۈر يولىدا سەپراس تۇرغانلىقىنى بايقىيالايمىز. بۇ دىتاللار، قىزىق ئىشلار ھېسام قۇربان كەچمىش گۈلىستانىنىڭ چىرايلىق ۋە خۇشبۇي چېچەكلىرىدۇر. بىز كېيىنكى ۋاقىتلاردا بۇ چېچەكلەرنى تېخىمۇ جۇلالاندۇرۇپ، ۋايىغا يەتكۈزۈپ، ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بۇ شېرىن سۆزلەرگە «ھېسام چاقچاقلىرى»دەپ چىرايلىق نام بەردۇق. خەلقىمىز بۇ چېچەكلەرنى ئەتىۋارلاپ قۇلىقىغا قىستى. مانا بۇ، بىر ئىنساننىڭ ھايات يولىدا كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقىغا خەلقنىڭ بەرگەن كاتتا مۇكاپاتىدۇر. ھېسام قۇربان ئاكا بۈنىڭدىن شادلانسا، پەخىرلەنسە ئەرزىيدۇ.

هېسام قۇربانىنىڭ هايات يولى بىر خەلق سەنئەتكارىنىڭ ئۆمۈر شەجەرىسى. بۇ يولغا شۇ ۋادىدا ياشاپ ئۆتكەن بىر ئەۋلادنىڭ تارىخى، كەچۈرمىشلىرى، دەرد-مۇڭلىرى، قۇۋانچلىرى، ئەپسۇسلىرى... سىڭگەن. شۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، تار مەنىدە هېسامنىڭ چاقچاقچىلىق هاياتى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى، جۈملىدىن، ئىلى چاقچاقچىلىقىنىڭ تارىخى؛ كەڭ مەنىدىن ئېيتقاندا، هېسامنىڭ ئەگرى-توقاي، رەڭگارەڭ هاياتى خەلقىمىز تارىخى كەچۈرمىشلىرىنىڭ بىر يان كەسمە كۆرۈنۈشى، ئەلۋەتتە!

دەرۋەقە، هېسام قۇربانىنىڭ ئۆزىنىڭ چىرايىدىكى يول-يول، چوڭقۇر قورۇقلىرىغا ئوخشاش ئەگرى-توقاي، مول مەزمۇنلۇق، ئۆزگىچە قىسمەتلىك، شۇنداقلا، كۆپلەرگە سىرلىق بىلىنىدىغان ئۆمۈر بايانى ھەققىدىكى هېكايىمىزنى باشلايدىغان ۋاقتىمىز بولۇپ قالدى. بىزنىڭ ئاساسلىق ئوقۇرمەنلىرىمىز بولغان باللار، ئۆسمۈرلەر، ياشلار زور قىزىقىش ۋە ئىشتىياق بىلەن بۇ قىزىق، ئۆزگىچە كەچۈرمىشلەرنى بېرىلىپ ئوقۇۋاتقىنىدا، بەلكىم قايسىدۇر بىر چاقچاق مەستانىسى، چېچەنلىك ۋارىسى بىز بىلەن بىرگە ياشاۋاتقان هېسام ئەپەندىگە بۇ كىتاب توغرۇلۇق يېڭى خەۋەر يەتكۈزەر ياكى بولمىسا ئۇنىڭغا بۇ كىتابتىن بىر نەچچە بەت ئوقۇپ بېرەر، هېسامنى يېڭىدىن يېڭى سوئاللارغا كۆمەر. شۇنداق بولىدىغان بولسا، بىز ئۇ ئەقىللىق ئوقۇرمەنگە خۇشاللىق بىلەن بارىكاللا ئېيتىمىز!

## 1- باب. ناغرىخانىدا

ئالدىنقى يىلى غۇلجا شەھىرىدە قىش تولىمۇ قاتتىق كەلدى. دەل مۇشۇ قىشتا قۇربان تېرىچىگە قاتتىق سوغۇق ئۆتۈپ، يېتىپ قالدى.

قۇربان تېرىچى ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلى، باللىرى ئارىسىدا هېسامدىنىنى خەت-ساۋاتلىق قىلىپ ئۆستۈرۈش مۇددىئاسىنى كۆپتىن بېرى كۆڭلىگە پۈكۈپ يۈرەتتى. ئويلىمىغاندا ئۆپكىسىگە سوغۇق ئۆتكۈزۈۋېلىپ، داۋاسىز، شىپاسىز خېلى ئۇزاق يېتىپ كەتتى. «يېتىپ يېگەنگە تاغمۇ توشماس» دېگەندەك، ئىش-ئوقەتتىن قېلىۋېدى، تۆت كۈندىلا تاغارنىڭ تۈۋى كۆرۈنۈپ قالدى.

— هېسام باللام، مۇنۇ داۋۇتنىڭ سەنچىلىك ئوغلى، ئاغىنەڭ مولۇت قەندەل سېتىپ ئۆيىگە خېلى پۇت-قول بولۇپ يۈرىدۇ، داداڭ ئاغرىق، سەن بولساڭمۇ ئانچە-مۇنچە مىدىرلاپ تۇرامسەنكى، — دېدى هەسەلخان بىر كۈنى. ئانا ئاغزىدا شۇ گەپنى قىلغىنى بىلەن، ئويۇن بالىسى بولغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە تەندۇرۇس بولمىغان مۇشتۇمدەك ئوغلىغا ئىچى ئاغرىپ، باغرى ئۆرتەنمەكتە ئىدى.

هېسام ئانىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، كۆزلىرىنى دەررۇ چوڭ ئاچتى ۋە:

— قە... قەندەل ساتىمەنما؟ — دەپ سورىدى.

ئوغلىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، ئانىنىڭ يۈرىكى تېخىمۇ ئېچىشىپ كەتتى. سېنىكىغا سالغان ياغلىقىنىڭ ئۇچىغا كۆزلىرىنى سۈرتكىنىچە:

— باللام، يا قەندەل، يا تاڭگا، پەشمەك ساتارسەن، ئىشقىلىپ ئۆينىڭ چاي-تۇزىغا بولسىمۇ ئارا بولغىن. داداڭمۇ مۇنداق ياتقۇەرمەس، ئايىغىدىن شامال ئۆتۈپ قالار. داداڭ ئىش-ئوقەتكە كىرىشىپ كەتسە، سېنى مەدرىسگە ئاپىرىپ بېرىدۇ.

هەسەلخان سۆزىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، هېسامنى باغرىغا تارتتى.

هېسام يېشىغا ۋە مىجەزىگە يارىشا لايىق شوخلۇقى، شەيتانلىقى بىلەن چاڭىلداپ سۆزلەپ، ئانىسىنى كۈلدۈرۈۋەتتى:

— ئاپا، مېنى مولۇتقا ئوخشاش ساتىدىغان قەندەللىرىنى ئۆزى شورۇۋېلىپ ساتىدۇ دەپ يىغلاۋاتىسەنغۇ دەيمەن، بولدى، ئىشەنمىسەڭ ئەمىسە پەشمەك ساتاي.

ئانا چىن كۆڭلىدىن كۈلۈپ كەتتى. ئۇنىڭ بۇنداق كۈلمىگىنىگە خېلى ۋاقىتلار بولغانىدى.

قۇربان تېرىچى ئوغلىغا ئەپلىك قىلىپ تەنزە ياساپ بەردى. شەھەر ئىچىدىكى ئابلىكىم دېگەن كۆپلەرگە مەشھۇر قەندەلچى بىلەن كېلىشىپ، هېسامغا ھەر كۈنى يا پەشمەك، يا تاڭگا، يا بولمىسا قەندەلنى نۆۋەتلەشتۈرۈپ، نېسى بېرىدىغانغا پۈتۈشتى. ئەمدى سۇ دەرۋازىنىڭ كوچىلىرىدا هېسامنىڭ ئىنچىكە ئاۋازى ئۈزۈلمەي ياڭراپ تۇرىدىغان بولدى.

— ئاۋۇ تاڭگاچى بالىنىڭ چىرايى ئەجەب تونۇشقۇ، كىمنىڭ ئوغلى ئۇ؟ — دەپ سورايتتى بەيتۇللا مەسچىتى ئالدىدا ئۇزۇن ياغاچ ئورۇندۇقتا ناماز پېشىنى كۈتۈپ ئولتۇرغان قېرىلاردىن بىرى ئالقىنىنى ماڭلىيىغا سايىۋەن قىلىپ.

— مۇنۇ قۇناخۇن تېرىچىنىڭ ئوغلى بولمامدۇ، ئوخشاپ تۇرغىنىنى كۆرمىدىڭمۇ؟

— ۋاھ، چوڭ بولسا هاپىز بولامدۇ نېمە بۇ بايقۇش، ئاۋازىنىڭ سازلىقىنى قارا!

خۇددى مەسچىت ئەھلىنىڭ باھاسىنى تەستىقلىغاندەك سەل نېرىدىن هېسامنىڭ نەيدەك ئاۋازى ياڭرايتتى.

www.uyghurkitap.com



ــــ شەكەرى پەشمەك، بەش تىيىنغا بىر!

ئۇ زامانلاردا غۇلجا شەھىرىنىڭ كۆپلىگەن كوچىلىرى، جۇملىدىن، بىدە بازار، سۇ دەرۋازا، تۆت كوچىلار ئەتىياز پەسلىدە كۆرمىسە ئىشەنمىگۇدەك دەرىجىدە پاتقاقچىلىق بولۇپ كېتەتتى. مۇبادا، بۇ كوچىلاردا هارۋا مېڭىپ قالغۇدەك بولسا، خادىكىنىڭ ئالدى چاقلىرى پۈتۈنلەي، كەينى چاقلىرى ئولتاڭدىن يۇقىرى، ئات بولسا قورسىقىچە پاتقاقتا قالاتتى. بۇنداق چاغلاردا يولۇچىلارنى يولنىڭ بۇ قېتىدىن ئۇ قېتىغا هاپاشلاپ ئۆتكۈزۈپ پۇل تاپىدىغانلارمۇ بولاتتى. بالا ھېسام ئەنە شۇنداق پاتقاقچىلىق كوچىلارنى ئايلىنىپ تاڭگا، پەشمەك سېتىپ، هالىدىن كېتەيلا دەيتتى.

بىر كۈنى ھېسام كوچىلارنى يېرىم كۈن ئايلىنىپمۇ زادىلا تاڭگانى ساتالمىدى. ھەر كۈنى ھويلا ـ ھويلىلاردىن چىقىپ تاڭگا سېتىۋالىدىغان ئۇششاق باللارمۇ كۆرۈنمەيتتى. ئىچى پۇشقان ھېسام بىر كوچىدىن چىقىۋېتىپ، پاتقاققا مىلىنىپ ياتقان پۇلنى كۆرۈپ قالدى. پۇل خېلى جىق، تەنزىدىكى جىمى تاڭگانى سېتىۋالغىلى بولاتتى. ئىتتىك ئۇيان ـ بۇيانغا قارىۋېتىپ، ھېسام ئېڭىشىپ پۇلنى ئالدى. يۈرىكى سوقۇپ كەتتى. كاللىسىدىن بىر پەستە بىر مۇنچە خىياللار كەچتى. كېيىن چىرايىدا ئىللىق كۈلكە ئەكس ئەتتى.

ھېسام ھىلىقى پۇل تېپىۋالغان كوچىغا قايتىپ، خېلى ئىچكىرىلەپ كىرگىدە، ئادەمسىز بىر ھويلىنىڭ ئالدىدىكى تاش ئورۇندۇقتا ئولتۇردى. كېيىن ئۆز ـ ئۆزىگە پاراڭ قىلدى:

ــــ ھېسام، تاڭگا يېگىڭ بارمۇ؟

ــــ بار.

ــــ پۇلۇڭ بارمۇ، تاڭگا ئالامسەن؟

ــــ پۇلۇم بار، ئالىمەن.

ــــ نەچچىنى ئالىسەن؟

ــــ ھەممىسىگە ئالىمەن.

ھېسام تېپىۋالغان پۇلنى تەنزىنىڭ چېتىگە قويدى. ئۆزى لاي قوللىرى بىلەن تەنزىدىكى تاڭگانى بىر ـ بىر ئېلىپ ئاغزىغا سالغىلى، مەززە قىلىپ كورۇسلىتىپ يېگىلى تۇردى.

ھېسام ئۆيىگە كۈندىكىدىن خېلىلا بالدۇر قايتىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە تەنزىمۇ قۇپقۇرۇق ئىدى. ھەسەلخان خۇشاللىنىپ ھەم ھەيران بولۇپ سورىدى:

ــــ ۋىيەي بالام، بىردەمدىلا سېتىپ بولدۇڭما، ھەممىسىنىما؟

كېچىچە ھېسام ئاغرىپ چىقتى. ئۇنىڭ قورسىقى كۆپۈپ، كۆڭلى ئېلىشاتتى. ئاغزىدىن شال ئاقاتتى. تاڭگا ئىسسىق كەلگەچ پۈتۈن بەدىنى قىزىپ چىقتى. ئانا ۋايسىغىنىچە ھېسامنىڭ ئەتراپىدا پايپېتەك بولاتتى. بالىنى تۈزدا، ئادراسماندا ئاشلاپ، ئۆزى ھەدەپ ئەسنەيتتى. ھېسام ئىككى كۈن ئاغرىپ ياتتى. قەي دورىسى ئىچىپ، ھەمەل قىلدۇرۇپ، ئاران ياخشى بولدى. ئاڭغىچە قۇربان تېرىچى ئەھۋالنىڭ تېگىگە يېتىپ قالغانىدى. ئۇ يۆتىلىپ تۇرۇپ ھېسامنى بىر مۇنچە كايىدى.

ھەسەلخان ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن خاتىرجەم بولۇپ قالدى.

ــــ جېنىم بالام، مۇنداق قىلىپ تاڭگا ساتالمىغۇدەكسەن، ئەمدى يېمەيدىغانىراق كىرسىن سات، ــــ دېدى.

يۆتىلىپ ئولتۇرغان قۇربان قىزىقچىمۇ، ئاغرىقتىنمۇ كۆرە دادىسىنىڭ غەزىپىدىن قورقۇپ بۇگلۇكتە (كات) تۈگۈلۈپ ياتقان ھېساممۇ كۈلۈۋەتتى. ھېسام شۇ يېتى ئۇدا ئىككى قىش تاڭگا، پەشمەك، يازدا ئالما، كۆممىقوناق ساتتى. ئاڭغىچە قۇربان ئاكا كىچىككىنە ياخشى بولۇپ قېلىپ، تېرە بازىرىغا قاتناشقا باشلىدى. ھېسامنى بولسا ئۆزى قولىدىن يېتىلەپ مەدرىسىگە «گۆشى سىلەرنىڭ، ئۇستىخىنى مېنىڭ»دەپ ئاپىرىپ بەردى.

بەيتۇللا مەدرىسىدىكى بەش يىللىق ئوقۇش جەريانىدا ھېسامغا ئەڭ تەسىر قىلغان، دىققىتىنى تارتقان ۋە ۋۇجۇدىنى تەلپۈندۈرگەن نەرسە ــــ ناغرا. ئوقۇغۇچىلىق يىللىرىدا ناغرا چېلىشقا خۇمار ۋە مەپتۇن بوپقالغانىدى. بەلكىم بۇ ئۇنىڭ سەبىي ۋۇجۇدىدا ئېقىۋاتقان سەنئەت تۇيغۇلىرىنىڭ ئىپادىسى ۋە ئىنكاسى بولسا كېرەك.

ئۇ زامانلاردا غۇلجا شەھىرىنىڭ ئۈچ يېرىدە چوڭ ناغرىخانا بولۇپ، بەيتۇللا، قارا دۆڭ، نۇر ئاقساقال مەسچىتلىرىدىن ئىبارەت ئىدى. بەيتۇللا مەسچىتىنىڭ ئالدىدىكى ناغرىخانا ھەممىدىن بەكرەك مەشھۇر بولىدىغان. ناغرا رامىزان ئايلىرىدا پۈتۈن بىر ئاي چېلىناتتى. كىشىلەر زوغا ناغرا ئاۋازىنى ئاڭلاپ تۇرۇشاتتى. ئۈچ ناغرىخانىنىڭ ناغرىچىلىرى بىر ئاي بەيگىگە چۈشەتتى. ھېسام شۇ قايناق مۇھىتتا چوڭ بولغاچقا ۋە بىر نەچچە يىل مەدرىسە بىلەن تۇتاش ناغرىخانىدا يۈرۈپ، سەبىي يۈرىكىنىڭ دۇپۇلدەشلىرىنى ناغرا پەدىلىرى بىلەن قوشۇۋەتكەچكە ناغرىغا بولغان ئىشتىياق ئۇنى ناغرىچىلار تۇرىدىغان سىرلىق پەشتاققا ئېلىپ چىقتى. ئۇنى ئېلىپ چىققۇچى كىشى دەل ئىمىن ئەپەندى ئىدى.

روزا كىرىشكە ئىمىن ئەپەندى يىلدىكىدەك ئالدىراش

2006.4

بولۇپ كەتتى. ئۇنىڭ مەكتەپتىكى دەرس ئۆتۈش ۋەزىپىسىدىن باشقا، ناغرىخانىدا ناغرا چېلىش مەشغۇلاتىمۇ بار ئىدى. شۇ ئالدىراشچىلىقلار ئارىلىقىدا ئۆزىنىڭ بىر ئوقۇغۇچىسىنىڭ ناغرىخانا تەرەپكە پەرۋانە بولۇپ يۈرگىنىنى، سىنىپتىمۇ جىلتىسىنى ناغرا قىلىپ، ئىككى قولىنىڭ ناغرا پەدىلىرىگە ئويناپ ئولتۇرغىنىنى بىر نەچچە قېتىم كۆرۈپ قالدى.

—ھە ھېسام، ناغرا چالغىڭ كېلىۋاتامدۇ؟—سورىدى ئىمىن ئەپەندى بىر قېتىم. ئۇنىڭ ئاۋازى تورۇك ـ تورۇك چىققىنى بىلەن، كۆڭلى يۇمشاق ئىدى.

ئۇستازىنىڭ سوئالىغا ھېسام ئۆزىمۇ سەزمەي باش ھەرىكىتى بىلەن «ھەئە»دەپ جاۋاب بېرىۋەتتى. ئىمىن ئەپەندى دىدىل باللارنى ياخشى كۆرەتتى. ھازىر دەرس ۋاقتىدا بولغاچقا قاپىقىنى ئانچە ئاچمايلا:

—ساۋاق تۈگىگەندە ئۆيۈمگە كەتمەي مېنى ساقلاپ تۇر، ئەمدى ساۋىقىڭغا قارا!—دېدى.

باللار ئىمىن ئەپەندىگە ئەگىشىپ چۇرقىراشقىنىچە ئەبجەت يادلاشقا باشلىدى. ھېسام مۇسابىقىنىڭ كەينىدە قالغان يۈگۈرۈش تەنھەرىكەتچىسىدەك باللارغا ئاران ـ ئاران يېتىشكىنىچە كۆڭلىدە «مۇئەللىم دەرستىن كېيىن كەتمەي تۇر دەيدا، ناغرا چالغۇزارمۇ ياكى كۆك چىۋىق بىلەن دۇمبەمدە ناغرا چالارمۇ» دېگەننى ئويلىماقتا ئىدى.

ھېسام ساۋاقتىن يېنىپ، جىلتىسىنى قۇچاقلىغىنىچە ناغرىخانا پەشتىقىنىڭ يان ياغىچىغا يۆلىنىپ ئىمىن مۇئەللىمنى ساقلاپ تۇردى. ئۇ مۇئەللىمنىڭ ھەر كۈنى مۇشۇ ۋاقىتتا بىرەر كىتاب بىلەن قوشۇپ ئىككى تال ناغرا چوكىسىنى قولتۇقىغا قىستۇرغىنىچە بۇ يەردىن ئۇستىگە چىقىدىغىنىنى بىلەتتى. دېگەندەك، ھايال ئۆتمەي ئىمىن ئەپەندى پەيدا بولدى.

—راست، ناغرىغا ئىشقىڭ چۈشۈپ قاپتۇ جۇمۇ، كەتمەي ساقلاپسەن. «دەردى يوق كېسەك، ئىشقى يوق ئېشەك» دەپ... — ئىمىن ئەپەندى ئۆز ـ ئۆزىگە سۆزلەپ، ھېسامغا قارىمايلا پەشتاققا كۆتۈرۈلدى. پەقەت ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ «جۈر»دەپ قويدى. كۆڭلى تىنغان ھېسام ئىمىن ئەپەندىگە ئەگەشتى. يۈرىكى ھاياجاندىن دۇپۇلدەيتتى.

ناغرىخانىدا ناغرىلار رېتى بىلەن قاتار تىزىۋېتىلگەن، بىر نەچچە كىشى تاياقلىرى بىلەن ئۇ بۇ ناغرىغا ئۇرۇپ زىل، بوم ئاۋاز چىقىرىپ مەشىق قىلماقتا. قويۇق چاچلىرىغا دوپپىسىنى باستۇرۇپ كىيگەن قىزىليۈز ئادەم ۋالداپ كەتكىچە سۈرتۈلگەن سۇنىينى ئاغزىغا توغرىلاپ بىر قىسما ھەرىكەتلەرنى قىلىپ كۆرۈۋاتاتتى. ئىمىن ئەپەندى ناغرىچىلار بىلەن ئۇنى ـ بۇنى پاراڭلاشقاندىن كېيىن، كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ چەتتە تۇرغان ھېسامنى كۆرسىتىپ:

—مۇنۇ ناغرا ئاشىقىنى يېنىڭلارغا قوشۇۋېلىڭلار، يېمەك ـ ئىچمەك ئۆزىدىن، ئايلىقى يوقسەنسوم—دېدى. ھېسام قىزىق پاراڭغا كۆلۈۋېتەيلا دەپ تۇراتتى، ئىمىن ئەپەندى سۇنايچىغا گەپ قىلدى.

—بۇنىڭ دادىسىنى تونۇيسەن مەتكېرىم، ھېلىقى قۇربان تېرىچچۇ، ئاكا ـ ئۇكا قىزىقچىلارنىڭ بىرى.

مەتكېرىم سۇنايچى سۇنىينى پىر ـ پىر پىرقىرىتىپ، كۆزلىرىنى ئالاق ـ جالاق قىلدى ۋە:

—ناغرا چالامسەن ياكى سۇنايمۇ، ھەي، سۇناي چالساڭ ئوسۇرۇپ قويىسەنغۇ دەيمەن،—دېدى. بۇنى ئاڭلاپ ناغرىچىلار كۈلۈشۈپ كەتتى. ھېسام ئوچۇق ـ يورۇق بۇ كىشىلەرنى ياقتۇرۇپ قالدى.

ئىمىن ئەپەندى ھېسامغا ھەر خىل ناغرا ۋە دۇمباقلارنى بىر ـ بىرلەپ تونۇشتۇردى. قولتۇقىدىكى ناغرا چوكىسى بىلەن ناغرىلارنى تاڭ ـ تۇڭ ئۇرۇپمۇ قوياتتى.

مۇنۇ باش ناغرا، بۇنى ئەڭ ئۇستىسى چالىدۇ، مۇنۇسى ئوتتۇرانچى ناغرا، ماۋۇ ئاياغ ناغرا. سەن ئىشنى دۇمباقتىن باشلا، ھەي سەلەي، مۇنۇنىڭغا دۇمباقنىڭ قار ياغدىسىنى بىر كۆرسىتىۋېتە!

—سەلەي ئىسىملىك ياشقىنا بالا ئاياق ناغرا ئالدىدىن قوپمايلا قولىغا توم تاياقنى ئېلىپ دۇمباقنى شۇنداق تاراڭشىتىۋەتتىكى، ھېسامنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى.

سەلەينىڭ ياردىمىدە ھېسام دۇمباق ئۇرۇشنى بىردەم مەشىق قىلدى. ئىپتار ۋاقتىمۇ يېقىنلاپ قالغانىدى. ناغرىچىلار جىددىيلىشىپ ئۆز ئورۇنلىرىغا جايلاشتى. ئاڭغىچە دۇمباقنىڭ ئىگىسىمۇ پەيدا بولدى. ھېسام چەتكە ئۆتۈپ ئولتۇردى.

ھېسام بۇ كۈنى ئۆيگە خېلىلا كەچ قايتتى. ئىپتارلىق ئۆگرە قازاندا مۇزلاپ قالغانىدى. ھېسام مۇزدەك ئۆگرىنى شالاپلىتىپ ئىچكەچ ئۇكىلىرىغا بۈگۈنكى ئىشلارنى ھەۋەسلىنىپ سۆزلەپ كەتتى. ھەسەلخاننىڭ «ئوغلۇم بالدۇر يات» دېگىنىگە قارىماي ئۆيدىكى ھەممە نەرسىلەرنى بىردىن ناغرا قىلىپ چېلىپ چىقتى. ھەتتا ئىنىسى ھەسەلجاننىڭ دۈمبىسى، بۆشۈكتە ياتقان سىڭلىسىنىڭ بۆشۈك تۇتقۇچلىرىنىمۇ چېلىۋەتتى. ئۇ كېچىچە چۈشىدە ناغرا چېلىپ چىقتى. تېخى باش ناغرىنى چېلىۋاتقىدەكمىش، مەتكېرىم سۇنايچىنىڭ ئورنىدا ئىمىن ئەپەندى باشلىرىنى

ھەر تەرەپكە ئوينىتىپ سۇناي چالارمىش.

ئەتىسى سەھەردە يەنە ناغرا ئاۋازى شەھەر ئىچىنى قاپلىدى. ساۋاق ۋاقتىدا ھېسام ناغرىنىلا ئويلاپ ئولتۇراردى. تەلىيگە چۈشكىچە ئىمىن ئەپەندى دەرس ئۆتكىلى كىرمىدى.



بىر قانچە ئايلارغىچە ھېسامنىڭ ئەس-يادى ناغرا چېلىشتىلا بوپقالدى. تۆۋى تېشىلگەن ئىككى قاچالتىر چېلەكنى تېپىپ كېلىپ، ھويلىسىنىڭ بىر بۇلۇڭىغا دۈم قىلىپ قويۇۋالدى. تېۋىلغىدىن يونۇپ، قىر چىقىرىپ بىر جۈپ ناغرا چوكسىمۇ ياساۋالدى. ئەمدى ئەتە-ئاخشاملىرى ئۇنىڭ ئەمەلىي ناغرا پەدىلىرىگە مەشىق قىلىش بىلەن ئۆتەتتى. بىرلا ئاڭلىغانلارغا جىمى ناغرا پەدىلىرى بىر خىلدەك بىلىنگىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە ھەر بىر پەدىنىڭ رىتىم، تاكىتلىرى بىر-بىرىگە ئوخشىمايتتى. شادىيانە بىلەن سەنەمنىڭ، مۇشاۋرەك بىلەن سەھەريارنىڭ بىر-بىرىدىن پەرقلىنىدىغانلىقىنى ناغرا چالغۇچىلار ۋە زېھىن قويۇپ تىڭشىغانلار چۈشىنەتتى. تېخى ھەر بىر چوڭ پەدىلەرنىڭ چوڭ-كىچىك سەلقىلىرى، چۈشۈرگىلىرى بولاتتى. بىر يۈرۈش ناغرىدا ئالتە ناغرا، بىر دۈمباق، بىر سۇناي بولۇپ، بىر-بىرىگە ماسلاشقىنىدا ئاجايىپ ئۈركىپىتىر ھاسىل بولاتتى. كۆپ ئۆتمەي زېرەك ھېسام بۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىر-بىر بىلىۋالدى. ئۇ جۈمەلىك دەم ئېلىش كۈنلىرى قارا دۆڭ، نۇراخۇن ئاقساقال ناغرىخانىلىرىغىمۇ بېرىپ، ئۇ يەردىكى ناغرا ئۇستىلىرىنىڭ چېلىش ئالاھىدىلىكلىرىنى كۆزەتتى. توغرىكۆۋرۈكتىكى ئىسمائىل پەشرۇنىڭ ناغرا ئۇرۇشى قارا دۆڭدىكى توختىنيازنىڭكىگە ئوخشىمايتتى. خۇددى بىر خىل، ئوخشاش تەمبۇرنى چالغان ئىككى تەمبۇرچىنىڭ سىيرىش، چېكىش، ناخۇل ئۇرۇشلىرى، مۇڭى ئوخشىمىغاندەك، ھەر قېتىم دۈمباق چېلىپ، ياندىكى ناغرىچىلارغا ماسلاشقىنىدا، ئۇ كۆڭلىدە بىر دەم باش، بىردەم ئورتا ياكى ئاياغ ناغرىنى ئۆزى چالغاندەك ھېس قىلىپ، ھەر خىل ئۇسۇلدا چوكا ئۇرۇشنى خىيالەن مەشىق قىلاتتى.

قۇربان ھېيتنىڭ ئالدىدىكى راست ئايەم كۈنى (ھارپا كۈنى) ئۇ ئىمىن ئەپەندىنىڭ ئىجازەت بېرىشى بىلەن ئاياق ناغرىنى چالدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ھېسام غۇلجىدىكى ناغرىچىلار قاتارىغا ئۆزلۈكىدىنلا قېتىلىپ قالدى. قۇربان تېرىچى بىلەن ھەسەلخان چوڭ پەرزەنتى ھېسامدىننىڭ قۇتلۇق بەيتۇللا مەسچىتىنىڭ پەشتىقىدا ناغرا چالغانلىقىنى مەھەللىداشلاردىن ئاڭلاپ، بەيتۇللا تەرەپكە يۈگۈرەشتى. پەستىكى لۆمشىگەن ئالمان ئىچىدە تۇرۇپ ئۇلار يۇقىرىغا، ھەممە ئادەم قاراۋاتقان ناغرىخانا پەشتىقىغا شادلىق ياشلىرى خىرەلەشتۈرگەن كۆزلىرىنى تىكەتتى.

### 2 - باب. مەشرەپتە

ھاشىر خەلپىتىم زامانىسىنىڭ ئوقۇمۇشلۇق، ئىلغار پىكىرلىك زىيالىيلىرىدىن بىرى بولۇپ، كىيىم-كېچەك مەدەنىيىتىدىمۇ ئۆزگىچە يول تۇتقان ئادەم ئىدى. بولۇپمۇ ئۈچىسىدىكى يالاڭ پەلتوسى كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى ئالاھىدە تارتىپ تۇراتتى. بىر كۈنى مەدرىسە دەرۋازىسى ئالدىدا كەڭ-كەگرى، ئالدى ئېچىقلىق بۇ پەلتونىڭ ئەچىگە بىر بالا ئوق ئاتقاندەك يۈگۈرۈپ كەلگىنىچە كىرىپلا كەتتى. خىيال بىلەن كېلىۋاتقان خەلپىتىم تاسلا قالدى كەينىگە ئوڭدا چۈشكىلى.

— ھوي، سەنمىدىڭ ھېسامدىن؟ — ھاشىر خەلپىتىم پەلتوسىنىڭ ئىچىدىن «تۇتۇپ» چىققان 12 ياشلاردىكى ئورۇق، كۆزلىرى چاقناپ تۇرغان بالىغا كايىش نەزەرى بىلەن تىكىلدى. — ھە، سادىن ئۈركىگەن چۈجىدەك نەگە قاچماقچىدىڭ؟

ھېسام خەلپىتىمنىڭ ئامبۇردەك قوللىرى بىلەن چىڭ قىسقان بىلەكلىرىنى بوشاتماقچىدەك يۇلقۇنۇپ تۇرۇپ، ئۇستازىنىڭ كۆزلىرىگە ئەيمىنىپ قارىدى.

— گەپ قىل، خوش؟

— ئاۋۇ... چوڭ سىنىپ باللىرى قىزىقچىلىق قىلىپ بەر دەپ ... بولمىسا شارابارىڭنى سالدۇرۇۋېتىمىز دەيدۇ.

ئاڭغىچە بالىنىڭ قولىنى بوشاتقان خەلپىتىم ھېسامنىڭ ئاخىرقى گېپىدىن ئۆزىنى تۇتالماي كۈلۈپ تاشلىدى.

— بۇنى قارا، سېنى بوزەك قىپتىدە ئۇلار، كىملەر شۇ؟

ھېسام يەرگە قارىدى. جان دەپ ئىسىملىرىنى دەپ بېرەتتىغۇ، لېكىن ئەقىللىق بالا كېيىنلىكىنى ئويلىدى.

ھاشىر خەلپىتىم يېشىغا قارىغاندا سۆزلىرى پىششىق، كېيىملىرى قىزىقلا، كەڭ، ئۇزۇن شارابارىغا ماسلاشمىغانتار، قىسقا كەمزۇلى ۋە رېڭى ئۆڭگەن، باش كىيىملىك

خۇسۇسىيىتىدىن باشقا يومزەك، تەپكۈچ، «پاق ـ پاق» روللىرىنىمۇ ئۆتەيدىغان مانچەستىر دوپپىسى پۈكلىنىپ، مايلىشىپ، يىرتىلاي دەپ قالغان ھېسامغا كۆلۈمسىرىگەنچە سەپسالدى. باشقىلاردىن «قۇربان تېرىچىنىڭ چوڭ ئوغلى دادىسىنىڭ مىجەزىنى كىيىپلا چىقىپتۇ، تىنماي قىزىقچىلىق قىلىپ يۈرىدىكەن، گەپ سۆزلىرىمۇ بۆلەكچىلا» دەپ ئاڭلىغانىدى. مەدرىستىمۇ دائىم ھېسامنى باللار ئورۇۋېلىپ، پاراق ـ پاراق كۈلۈشۈۋاتقىنىنى نەچچە قېتىم كۆرگەن.

خەلپىتىمنىڭ كەيپى بۈگۈن خۇش ئىدى. ئۇ ھېسامنىڭ بىلىكىدىن تۇتۇپ ئۇنى دەرۋازىدىن كىرىشتىكى ئوڭ تەرەپكە ئورنىتىلغان ياغاچ ئورۇندۇق يېنىغا ئېلىپ كەلدى. ئۆزى ئولتۇرىدىغان يىرىنى پۈۋلۈۋېتىپ جايلىشىۋالدى، كېيىن ھېسامغا قارىدى.

ـــ مۇنۇ يەردە ئولتۇر، قېنى، خەققە دەپ بەرمىگەن قىزىق گەپلىرىڭنى ماڭىمۇ دەپ بەرمەمسەن؟

ھېسام ئۇستازىنىڭ كۆزىگە قاراپ، جىم تۇرۇپ قالدى. مەدرىستىكى ئوقۇغۇچىلار بۇ رەتلىك كىيىنىپ يۈرىدىغان، كەمسۆز مۇئەللىمدىن ئەيمىنەتتى.

ـــ گەپ قىلمايسەنغۇ، تارتىنىۋاتامسەن ـ ھە؟ خوش، ساۋاقلىرىڭ قانداق؟

ـــ بوپقالدۇ، ـــ دېدى ھېسام. خەلپىتىم كۈلۈۋەتتى.

ـــ پاھ، گەپلىرىڭمۇ ئۆزگىچىكەن سېنىڭ، ساۋاقلاردىن قايسىسىغا ئامراقسەن؟

ھېسام تەمتىرەپ تۇرمىدى.

ـــ تەنەپپۇسقا، ـــ دېدى ئۇ. خەلپىتىم ئۆزىنى تۇتالماي قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

ـــ راستىلا يامان نېمىكەنسەنغۇ، قارا، سېنى ئارتىس قىلساق بولغۇدەك، سەھنىگە چىقساڭ تەمتىرىمەيدىغاندسەن؟

ھېسامنىڭ كۆزلىرى پارقىراپ كەتتى.

ـــ مۇشۇ كىيىملىرىم بىلەنما؟

ئۇ ئۆزىنىڭ ئۇستۇۋېشىغا سەپسالدى. ھاشىر ئەپەندىم بۇ چاغدا كۆڭلىگە بىر نېمىنى پۈكۈپ بولغانىدى.

ـــ ماڭا قارا، سېنىڭدە بىر خۇسۇسىيەت بار، كەلگۈسىدە يا ئاكتيور بولۇپ چىقسەن، يا نەسىردىن ئەپەندىنى تىرىلدۈرىسەن، قايسىسىلا بول، ياخشى ئوقۇ، سىلەرنىڭ زامانىڭلارغا بارغاندا بالام، ئوقۇمىغانلارغا تۇرمۇش تېخىمۇ ئېغىر بولىدۇ. چۈشەندىڭمۇ؟

ـــ چۈشەندىم، خەلپىتىم، ـــ دېدى ھېسام ياغاچ ئورۇندۇقتىن دىككىدە يەرگە چۈشۈپ، ـــ بىرىنچى سىنىپتا يەتتە يىل ئوقۇيدىغان بالا بوپقالما دەيسىز ـ دە!

خەلپىتىم بۇ دورەممۇ كۈلۈپ كەتتى.

ـــ ھاي ھېسامدىن، ھېسامدىن! ـــ دېدى ئۇرغۇلىردنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ۋە قۇۋۋەتلىك بارماقلىرىدا ھېسامنىڭ بېشىغا چەكتى، ـــ مۇنۇ كاللاڭ بوش كاللا ئەمەسكەنە سېنىڭ!

شۇ سۆھبەت ھاشىر خەلپىتىمگىمۇ، ھېسامغىمۇ چوڭ تۈرتكە بولدى. شۇ چاغلاردا مەدرىستە ئوقۇغۇچىلاردىن تەشكىللىنىپ، مۇئەللىملەر يېتەكچىلىك قىلىدىغان سەنئەت كۇرژىكى ئىش باشلىغانىدى. ھېسامنىڭ يادىدىكى شۇ يىللاردا ئىلى مەدرىسىدە ئىلىم تەھسىل قىلغانلار ئارىسىدا كېيىن ئەلگە مەشھۇر سازەندە، مۇقامچى، ناخشىچى بولۇپ يېتىلىپ چىققانلار خېلى كۆپ بولىدىغان. زىكرى ئەلپەتاتاغا ئوخشاش يېتۈك سەنئەتكارلار مۇشۇلارنىڭ مىسالى.

سەنئەت كۇرژۈكىدىن باشقا ھەرقايسى سىنىپلاردىمۇ ئوقۇغۇچىلار پات ـ پات تۈرلۈك ئويۇنلارنى تەييارلايتتى. نومۇرلارنىڭ تۈرى ۋە مەزمۇنى خىلمۇخىل، دۇتار، تەمبۇر، ئىسكىرىپكا، داپ بىلەن خەلق ئاھاڭلىرى چېلىناتتى ۋە شۇنىڭغا مۇناسىپ ناخشا ـ ئۇسسۇللار ئېلىپ چىقىلاتتى. ھېسام ئوقۇيدىغان سىنىپتا نۇرمۇھەممەد ئىسمىلىك ئوقۇغۇچى بولۇپ، ئايالچە كىيىنىپ ئۇسسۇل ئوينايدىغان بولسا ھېچكىم ئۇنى ئوغۇل بالىكەن دېمەيتتى. مۇئەللىملەرمۇ، ساۋاقداشلارمۇ ئۇ بالىنىڭ ئۇسسۇلىغا زوقـمەن. دەرس ئارىلىقلىرىدا ئاجايىپ لاتاپەتلىك ئۇسسۇلىنى نۇرمۇھەممەد ئىجراسىدا كۆرۈپ، ھەيرانلىقتا تاڭلايلىرىنى چېكەتتى. نۇرمۇھەممەد قورقۇمسىز، چەبدەس بالا ئىدى. ھېسام بىلەن ياخشى ئۆتەتتى. تەپكۈچ ئوينىغانلاردا، مەدرىس ئىچىدىكى خالىسانە ئەمگەكلەردە ئۇ ھېسام بىلەن بىرگە بولۇۋالاتتى. چۈنكى نۆۋەتتە ئۇمۇ ھېسامنىڭ قىزىق گەپلىرىگە ھېرىسمەنىدى. بىر قېتىملىق ئويۇن تەييارلاشتا ھېسام شەڭگەننىڭ، نۇرمۇھەممەد دوتەينىڭ رولىنى ئالدى. ھەر ئىككىلىسى رولنى قالتىس جانلىق ئېلىپ چىققانىدى. بولۇپمۇ ھېسام شەڭگەننىڭ دوتەيگە خۇشامەت قىلىدىغان يېرىنى قىزىقچىلىق مىجەزىگە يارىشا تولىمۇ كۈلكىلىك ئېلىپ چىقىپ باللارنى تازا كۈلدۈرۈۋەتتى. ئۇ ھەر قېتىم ئۇششاق چامداپ، پەي ـ پەي ئېتىپ، ئىرغاڭشىغىنىچە يەلپۈگۈچ ئوينىتىپ ماڭغىنىدا ئەتراپتىكىلەر پاراق ـ پاراق كۈلۈشەتتى. ھېسامنىڭ چىرايىدىكى ئۆزگىرىشلەر شۇنداق تېز ئالمىشاتتىكى، تەڭتۇشلىرىدىن ھېچقايسىسى ئۇنىڭ بۇ ئالاھىدىلىكىنى دورىيالمايتتى.

ھېسام خۇشامەت كۈلكىسىنى كۈلۈپ، ئۇششاق چام-

داپ «دوتەي»نىڭ ئالدىغا كېلىپ، تازىمۇ ئېگىلىپ تەزىم قىلغاندا ئۆزىنى ئەتەي سۆرلۈك تۇتۇپ ئولتۇرغان نۇرمۇھەممەدمۇ ھەر قېتىمدا كۈلۈۋېتەتتى.

ــ ماڭا قاراڭلار،ــ دېدى سىنىپتىكى باللاردىن بىرى،ــ نۇرمۇھەممەدقۇ دوتەيلىككە قاملىشىپتۇ، بىراق ھېسامنى كۆرمەمسىلەر، شەڭگەن دېگەن مۇشۇنداق ئاۋاق بولامدۇ؟

«راست، راست» دېگەن ئاۋاز چىققىلى تۇرۇۋېدى، ھېسام دەرھال:

ــ ھەي، سەن نەدىن بىلسەن، مەنچۇ دوتەيگە تولا تەزىم قىلمەن دەپ مۇشۇنداق بوپكەتكەن،ــ دەپ ھەممىنى كۈلدۈرۈۋەتكەنىدى.

بىر قېتىم ھېساملار ئىمىن ئەپەندى يازغان «چوقۇم يېڭىمىز» دېگەن درامىنى تەييارلىدى. ۋەقەلىك سوۋېت ـ گېرمان ئۇرۇشى توغرىسىدا بولغاچ، ستالىن بىلەن گىتلېر سەھنىگە چىقىشى لازىم ئىدى. ستالىن بولۇشنى خالايدىغانلار جىق چىقىپ، گىتلېرنىڭ رولىنى ئالىدىغانلار بولماي قالدى. ئەسلىدە ھاشىر خەلپىتىم، ئىمىن ئەپەندى قاتارلىق ئۇستازلار ساۋاقداشلارغا ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى توغرىسىدا ئەتراپلىق چۈشەنچە بېرىپ، سەبىيلەر قەلبىدە گىتلېرغا زور ئۆچمەنلىك قوزغىغانىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپتىنمۇ ھەر كۈنى ئۇرۇش تالاپەتلىرى ھەققىدە بىرىدىن بىرى بوي شۈركەنگىدەك خەۋەرلەر كېلىپ تۇرغاچقا، ھەممە ئائىلىدە پاراڭ تېمىسى تولاراق شۇ ھەقتە بولۇپ، باللارنىڭ كاللىسىدا ئېغىر تەسىر قالدۇراتتى. شۇ سەۋەبتىنمۇ ھېچكىمنىڭ گىتلېر بولغۇسى كەلمەيتتى.

ــ ھېسام، سەن گىتلېر بول،ــ دېدى بىر كۈنى رەپتىسكە مەسئۇل ئاغچىقىز مۇئەللىم.

ھېسام دەررۇ كەينىگە شوخشىدى.

ــ بولمايمەن، مېنىڭ گىتلېر بولغۇم يوق!

ئاغچىقىز مۇئەللىم ئىختىيارسىز كۈلۈپ كەتتى.

ــ ۋاي سېنى، قىزىققۇ، گىتلېرنىڭ رولىنى ئالسەن شۇ، سېنىڭ ھەرىكەتلىرىڭ گىتلېرنىڭ رولىغا تازا ماسلىشىدۇ.

ــ راست، ئۆزىمۇ گىتلېرغا ئوخشايدۇ،ــ كىمدۇر بىرى ۋارقىرىدى.

ــ مېڭىشلىرىمۇ گىتلېرغا ئوخشاپ كېتىدۇ،ــ يەنە بىرەيلەن گەپ قىستۇردى.

كېينكى گەپ ھېسامغا ئېغىر كەلدى. ئۇ باشقىلارنىڭ مېڭىشى ھەققىدە گەپ قىلىشنى ياقتۇرمايتتى.

ھېسام ئاغچىقىز مۇئەللىمنىڭ سۆزىنى جاۋابسىز قالدۇرۇپ، سىنىپتىن يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى. ئاخشىمى ئۇ ئۆيدىكى بىردىنبىر پۇچۇق ئەينەككە قاراپ، ئۆزىنىڭ گىتلېر دېگەن ئۇ ئەبلەخكە ئوخشايدىغان ـ ئوخشىمايدىغانلىقىنى تەكشۈرۈپ كۆردى. ناماتمەن قارا كىگىزدىن كىچىككىنە يۇلۇۋېلىپ، تۇكرۇكدەپ بۇرنىنىڭ تېگىگە چاپلىۋېدى، ئەينەكتە نەق گىتلېر پەيدا بولدى. پەقەت ئۇزۇن چېچىلا يوق ئىدى. ھېسامنىڭ كۆڭلى بىر قىسىملا بوپقالدى.

ئەتىسى ئاغچىقىز مۇئەللىم تۈنۈگۈنكى تەكلىپنى قايتىلىۋېدى، ھېسام تارتىنمايلا ماقۇل بولدى. گىتلېرنىڭ رولىنى ئۇ شەڭگەنىنىڭ رولىدىنمۇ ئوخشىتىپ ئېلىپ چىقتى. شۇنداق قاملاشتۇردىكى، ئەزەلدىن كۈلمەيدىغان، قاپىقى سىلىق «ستالىن»مۇ غاڭزىسىنى قولىغا ئېلىپ كۈلۈۋەتتى.

ھېسامنىڭ ئارتىسلىق ھاياتى ئەنە شۇنداق باشلاندى. باللىقتىكى ئۇنتۇلمايدىغان ئىشلاردىن يەنە بىرى ھېسامنىڭ مەشرەپكە قاتناشقانلىقى ئىدى.

قۇربان تېرىچىنىڭ مەشرەپكە بولغان قىزىقىشى، ئىخلاسى زىيادە چوڭقۇر بولىدىغان، شۇنىڭ تۈرتكىسىدە ئۇ ئوغلى ھېسامدىنىنى مەھەللە ياشلىرىنىڭ مەشرىپىگە ئەكىرىپ بېرىشكە ئالدىراپ كەتتى.

ئۇ كۈنى ھېساممۇ مەشرەپكە قاتنىشىش تەقەززالىقىدا خېلى جىددىيلەشتى. ئۇ مەھەللىدىكى ئۆزىدىن چوڭ باللارنىڭ بۇلتۇر قىشتىن بېرى قايتىدىن مەشرەپ باشلىغانلىقىنى بىلەتتى. نەچچە قېتىم قوشنا ھويلىلاردا ئۆتكۈزۈلگەن مەشرەپنى دېرىزىدىن ماراپ كۆرگەنىدى. مەشرەپ ئەھلىنىڭ كىيىم ـ كېچەكتە رەتلىكلىكى، ئەدەپ ـ ئەخلاقتا ئىنتىزامچانلىقى، ساز، چاقچاقلىرىنىڭ جەلپچاندلىقى ھېسامنىڭ گۆدەك قەلبىدە زور ئىشتىياق قوزغىغا-



ندى. ئاشۇنداق سورۇنغا بۈگۈن ئۆزىمۇ قوشۇلماقچى. نەچچە كۈن ئىلگىرى ئاتىسى يىگىت بېشى، قازبەگ بىلەن سۆزلىشىپ قويغان.

مەھەللە يىگىتلىرىنىڭ بۇنداق مەشرىپى ئارقا كوچىدىكى بولۇس مانتىپەزنىڭ ئۆيىدە ئۆتكۈزۈلەتتى. بولۇس مانتىپەزنىڭ ئۈچىنچى ئوغلى مۇختەر مەھەللە مەشرىپىنىڭ كۆل بېگى ئىدى.

قۇربان تېرىچى رەتلىك كىيىنگەن ھېسامنى كەينىگە سېلىپ بولۇس مانتىپەزنىڭ قورۇسىغا كىرگەندە كەچكۈز گۈگۈمى ئەتراپنى خىرە ـ شىرەلەشتۈرگەنىدى. پېشايۋانلىق ئۆيلەرنىڭ ئەڭ چېتىدىكى، تورۇسىدا گازۋاي لامپا نۇر چېچىپ تۇرغان تازىمۇ چوڭ ساراي ئۆيدە 30 ئوغۇل يىغىلىپ، راھەتتە ئولتۇرۇپ ئەركىن پاراڭ، چاقچاقلاشماقتا ئىدى.

ھېسام سەل قورۇنۇپ، دادىسىنىڭ ئارقىسىدىن گازۋاي لامپا يېقىلغان ئۆيگە كىردى. مەشرەپ ئەھلى قۇربان تېرىچىنىڭ ھۆرمىتىگە ئورۇنلىرىدىن دۇررىدە تۇرۇشۇپ، سالام بەجا كەلتۈردى. قىرقىپ قويغاندەك تەكشى يىگىتلەر رەتلىك، پاكىز كىيىنىشكەن، باشلىرىدا ھېسام ۋە دادىسىنىڭكىدەك يارىشىملىق بىغىررەڭ، مانچېستىر دوپپا.

مەشرەپ باشلاندى. يىگىت بېشى، قازبەگ تۆردىن، كۆل بېگى، دارا بەگ، پاششاپلار ئۆزلىرىگە خاس يەردىن ئورۇن ئېلىشتى. يىگىت بېشىنىڭ ئەمرى بىلەن 30 ئوغۇل گاھ يەكتىز، گاھ راھەتتە ئولتۇراتتى. سوئال ـ سوراقلار ئۆز قائىدىسى بويىچە ئېلىپ بېرىلاتتى. 30 ئوغۇل سېپىنىڭ بىر چېتىدە، ئاتىسىنىڭ يېنىدا يەكتىز ئولتۇرغان ھېسام ھەممە نەرسىگە زور قىزىقىش بىلەن، يېڭى بىر دۇنياغا كېلىپ قالغاندەك تەئەججۈپ بىلەن قارايتتى. كۆزلىرىنى ھېلى ئۇنىڭغا، ھېلى بۇنىڭغا يۆتكەيتتى. بۈگۈن ئۇ لوڭگىدە چوڭ بولۇپ قالغاندەك، مۇنۇ يىگىتلەر بىلەن تەڭ قۇراملىق بولۇپلا قالغاندەك تۇيغۇدا ئىدى.

مەشرەپ ئەھلى بىر قۇر چاي ئىچكەندىن كېيىن دارا بەگ يىگىت بېشىنىڭ ئەمرى بويىچە تەمبۇرنى قولىغا ئالدى. سازەندىلەرمۇ چالغۇلىرىنى ئېلىپ سازلاشقا، قۇلاقلىرىنى گاھ بوشىتىپ، چىڭىتىشقا باشلىدى. يوپيورۇق خاننى يېقىملىق مەشرەپ تۈسى قاپلىدى. نەغمە باشلاندى.

بىر نەچچە ساز، مەرغۇل يۆتكەلگەندىن كېيىن، سازەندىلەر چوڭ پەدىگە چۈشتى.

مېنى سورساڭ پەرىلەرنىڭ شاھىمەن،
ئەسلى شەھرى شەبىستاندىن بولۇرمەن.
بىلەي دېسەڭ ھۆسنى ئەھلىنىڭ ئايىمەن،
غازىڭى يوق گۈلستاندىن بولۇرمەن.

ناخشىنىڭ سېھرىي كۈچىدىن ئۆي ئىچىدە بارىكاللا، ئالقىش سادالىرى ياڭرىدى. 30 ئوغۇلنىڭ بىر مۇنچىلىرى ناخشىنىڭ داۋامىغا قوشۇلۇشتى.

ساز ئاياغلىشىشىغا پاششاپ تۆر تەرەپكە ئۆتۈپ سالام بەجا كەلتۈردى.

ـــ دات، يىگىت بېشىم، ئەرزىم بار!

ـــ ئېيتىڭ.

ـــ مۇنۇ خالتا كوچىدىكى ھۆرمەتلىك قۇربان رېھىم ئاكا ئوغلى ھېسامدىنىنى ئېلىپ سورۇنىمىزغا كەپتۇ، يۇرت چوڭلىرى بىلەن كۆرۈشسەم دەيدۇ.

ـــ ئىجازەت، كىرسۇن!

قۇربان تېرىچى پاششاپنىڭ يول باشلىشى بىلەن ھېسامنى يېتىلەپ «ئوردا»غا كىردى، بەگلەر، 30 ئوغۇلغا سالام بەجا كەلتۈردى.

ـــ خوش قۇربان ئاكا، سورۇنىمىزغا بىر چىرايلىق قەدەم تەشرىپ قىلىپ قاپسىز، خىزمىتىڭىزدە بولايلى،ــ دېدى قوشۇما قاش يىگىت نەۋرىدىن، قۇربان قىزىقچىغا ئىلتىپات كۆرسىتىپ.

ـــ خەلقىمىزدە،ــ دەپ گەپ باشلىدى قۇربان تېرىچى،ــ «بالاڭنى مەكتەپكە بار، مەكتەپتىن چىقسا مەشرەپكە بىر» دېگەن گەپ بار. مۇنۇ ئوغلۇم ھېسامدىنمۇ چوڭ بولۇپ قالدى. تۆت ـ بەش يىل مەدرىستە ئوقۇۋىدى، تۇرمۇشنىڭ كاكۇنچىلىقلىرى تۇپەيلى مەدرىسكە قاتناشتىن توختاپ قالدى. ئۆزىنىڭمۇ مۇشۇ 30 ئوغۇل ئاكىلىرىغا زوقى بار. بالامنى ئاراڭلارغا ئالساڭلار، ئەدەپ ـ ئەخلاق ئۆگەتسەڭلار، كېمىنى تولۇقلىسا دەيدىمەن...ــ قۇربان تېرىچى ئاخىرقى گەپلىرى يۈرىكى تىترىگەندەك دولقۇنلىنىپ، پاراڭدىن توختىدى.

ـــ ياخشى پاراڭ بولدى!

ـــ ئۆزىمىزنىڭ ئىنىسى بۇ ھېسامجان.

ـــ ھېلىقى قىزىقچى شۇمۇ؟ــ دېگەن ئاۋازلار ئاڭلاندى. پاششاپنىڭ «خەپشۇك!» دېگەن چۇس ئاۋازى بىلەن دەررىنىڭ گىلەمگە پاققىدە ئۇرۇلغان ئاۋازىمۇ ئاڭلىنىپ قالدى.

يىگىت بېشى يېنىدىكى ئاق سېرىق يىگىت «قازبەگ» بىلەن كۇسۇرلىشۋالدى.

ـــ تولا ئوبدان قۇربان ئاكا،ــ دېدى ئاخىر نەۋرىدىن،ــ ئىنىڭىز نىيەت بىلەن مەشرىپىمىزنى كۆزىڭىزگە ئېلىپ كەپسىز. ئىنىمىز ھېسامنى سورۇنىمىزغا قوبۇل قىلدۇق، ئەمما بىر شەرتىمىز بار.



—قولۇم كۆكسۇمدە ئىنىم،—قۇربان قىزىقچىنىڭ چىرايىغا ھەييار كۈلكە تەپتى. نەۋرىدىن، قازىبەگ ۋە يىگىتلەر كۈلۈپ كەتتى.

—ئۆزىڭىزنىڭ ئۇدۇمى بىلەن بۇ ئىنىمىزنىمۇ قىزىقچى بولۇپ يېتىلىۋېتىپتۇ دەپ ئاڭلىۋىدۇق. مۇشۇ سورۇندا ھۈنىرىنى بىر كۆرسىتىپ بەرسە قانداق؟

خۇددى شۇ گەپنى كۈتۈپ تۇرغاندەك 30 ئوغۇل تۇشمۇ تۇشتىن «ئالامەت پاراڭ!»، «ھە، قېنى، قېنى» دېيىشىپ كەتتى. سورۇن ئوتتۇرىسىدا چوقچاراپ تۇرغان ھېسامنى سۈر باستى. ئۇ ئۆپچۆرىسىگە ئىلەڭلەپ قارىدى.

قۇربان تېرىچى كۆپنى كۆرگەن كىشى بولغاچقا، بۇ گەپلەرنى ئالدىنئالا پەملەپ، قوش تەييارلىق بىلەن كەلگەن، يەنى ھېسامغا بىر نەچچە «قىزىق گەپ» تەييارلاتقاچ، ئۆزىمۇ بىر ـ ئىككى قىزىق لەتىپىنى كۆڭلىگە پۈككەچ مەشرەپ سورۇنىغا قەدەم باسقانىدى. شۇڭا ئۇ ھازىر تەمتىرىمەي، ئىككىلەنمەي قازىبەگ، يىگىت بېشى ۋە 30 ئوغۇلنىڭ تەلىپىنى بەجا كەلتۈرۈشكە تۇتۇندى.

—قېنى ئوغلۇم،—دېدى ئۇ ھېسامغا قاراپ،—بەيتىللانىڭ پەشتىقىدا چالغان ناغراڭنى ئەمدى بۇ ئاكىلىرىڭغا چېلىپ بەر!

ئاتىسىنىڭ گېپى بىلەن ھېسامغا جان كىردى. «ناغرا چېلىشقا» ئۇنىڭ تەييارلىقى بار ئىدى. دەرھال باشلىدى.

مەشرەپ ئەھلى كۈلۈپ تېلىقىپ قالدى. قۇربان تېرىچىمۇ ئۆزىنى تۇختىتالمىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ يادىغا بالىلىقى، بالا ۋاقىتلىرىدىكى شەيتانلىقلىرى كەلدى. ھېسام ئۆزىنى كىيىپلا چىققانىدى.

كۈلكە، ئالقىشلار ئىچىدە ھېسام پەدە ئۆزگەرتىپ نەچچە خىل ناغرا چالدى. چىرايى، ئۇچلانغان ئېغىزى، ھەييار كۆزلىرى ۋە بەدەن ھەرىكىتىنىڭ بۇلارغا ماسلىشىپ كېلىشى كۈلمەيدىغان ئادەمنىمۇ كۈلكىگە قىستايتتى.

—ھېسامتاي، ناغرىنىمۇ چالدىڭ، ئەمدى بىر پەدە ئۇسسۇل ئويناۋەت،—دېدى 30 ئوغۇل ئارىسىدىن بىر يىگىت. ئۇ قۇربان تېرىچىنىڭ ئاكىسى ئىسمايىل قىزىقچىنىڭ ئوغلى بولۇپ، نەۋرە ئىنىسىنىڭ قىزىق ئىشلىرىنى خېلى بىلىدىغاندەك قىلاتتى.

بۇ چاغدا ھېسامنىڭ يۈزى خېلى «قېتىپ» قالغان. شۇڭلاشقا نەۋرە ئاكىسىنىڭ تەكلىپىنى ئاڭلاپ ئۇ ئانچە ھودۇقۇپ كەتمىدى. پەقەت دادىسىغا «قانداق قىلاي» دېگەن ئەلپازدا قاراپ قويدى. ئاللىقاچان بىر چەتكە چىقىپ «ئامانەتكە» يەكتىز ئولتۇرغىنىچە ئوغلىنىڭ ھۈنىرىنى تاماشا قىلىۋاتقان قۇربان تېرىچى باش ئىشارىسى بىلەن «ئوينا» دېدى.

ھېسام شوخ ئۇسسۇلغا چۈشتى. ئۇنىڭ ئۇسسۇلىنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، مۇزىكا كەتمەيتتى. بۇ قۇربان تېرىچى خۇشلۇقى تۇتۇپ كەتكەن چاغلاردا ئائىلىسىدە ياۋاش ئايالى ھەسەلخاننى ۋە باللىرىنى كۈلدۈرۈش ئۈچۈن قىزىقچىلىق بىلەن ئويناپ قويىدىغان «كەم ـ كەم» ئۇسسۇلى ئىدى.

ھېسام شەيتانلىق قىلىپ ئۇسسۇل ئوينايتتى. 30 ئوغۇل ھېسامنىڭ كۆرسەتكەن ئىككىنچى نومۇرىغىمۇ ئالقىش ياغدۇراتتى ۋە ئۆز سېپىدىن رەسمىي ئورۇن بەردى.

ھېسامنىڭ «ئەدەپ ـ ئەخلاق مەكتىپى»شۇنداق قىلىپ باشلاندى. ئۇ مەشرەپ سورۇنىدىكى يېشى ئەڭ كىچىك ئەزا بولسىمۇ، قىزىق ھەرىكىتى، پاراڭلىرى ھەمدە دىدىللىكى بىلەن 30 ئوغۇل قاتارىغا تېزلا سىڭىپ كەتتى. مەھەللە يىگىتلىرى مەھەللىدىكى يېتىم ـ يېسىر، قېرى ـ ئاجىزلارغا دائىم كۆمەكلىشىپ، مۇشكۈلىنى يەڭگىل قىلىپ تۇراتتى. ئەمدى بۇ ساۋابلىق ئىشلارغا ھېساممۇ قاتنىشىپ، كۆپنىڭ رەھمىتىنى ئالىدىغان بولدى.

قۇربان تېرىچى كېلەر مەشرەپ نۆۋىتىنى ئوغلىنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن سوراپ ئالغانىدى. ئۇ كۈنى ھېساملارنىڭ ھويلىسى بايرام كەيپىياتىغا كىردى. مېھماندوست ھەسەلخان ئوچاق بېشىدا يۈگۈرۈپ ھارمىدى.

—قېنى ھېسام ئۇكا، ئۆز ئۆيۈڭ، ئۆز مەشرىپىڭدە بىر قىزىقچىلىق قىلىپ بەرمەمسەن،—دېدى يىگىت بېشى، مەشرەپ ئارىلىقىدا ھېسامغا.

ھېسام ئورنىدىن لىككىدە تۇرۇپ، قول باغلىدى:

—باش ئۇستىگە، نېمە قىلىپ بېرەي؟

شۇ ئارىدا 30 ئوغۇل ئارىسىدىن تولىمۇ پاكار بىر يىگىت ۋارقىرىدى:

—ھېسام، تاڭغا ساتقان ۋاقتىڭنى دوراپ بەر، شۇ

قىزىق!

ھېسام ئاۋازىنى قويۇۋەتتى:

زىما...تاڭگا،

ئۈزۈم باڭگا...

سورۇن ئەھلى كۈلۈپ ـ كۈلۈپ تېلىقىپ كېتىشتى. تەلەپچى قىزىرىپ شۈك بولدى.

ئۇ زاماندىكى مەشرەپلەردە 30 ئوغۇلنىڭ ھەممىسىگە ئالايتەن، بىردىن لەقەم قويۇلاتتى، لەقىمى يوقلارنىڭ تولۇقلىناتتى. بايىقى تەلەپچى يىگىتمۇ شۇنىڭدىن ئېتىبارەن «سىدىق باڭگا» دەپ ئاتىلىپ كەتتى.

### 3 ـ باب. جەمئىيەت مەكتىپىدە

مەزىننىڭ ناماز پېشىنگە توۋلىغان ئەزىنى بەيتۇللا مەسچىتىنىڭ ئالدىدا ناماز ۋاقتىنى كۈتۈپ ئولتۇرغان جامائەتنى ئورۇنلىرىدىن قوزغىدى. قۇربان تېرىچى مەسچىتنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى ئالدىغا شاخ، قوراي، بىدە بېسىلغان كىچىككىنە دۇكان ئىچىدىن ئالدىراپ چىقىپ ئۇدۇلدىكى لەمپىلىك دۇكانلار تەرەپكە ماڭدى.

بىر يىل ئىلگىرى قۇربان ئاكا ھېسام ئوقەت قىلىپ تاپقان، ئۆيىنىڭ چاي ـ تۈزىدىن ئېشىنغان پۇلغا مۇشۇ دۇكاننى ئېلىپ، ئوغلىنى ئولتۇرغۇزۇپ قويغانىدى. ھېسامنىڭ ئېغىر ئەمگەكتە چارچاپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيتتى. يەنە بىر تەرەپتىن، ھېسامغا بازاردىن يەڭگىل، ئەپلىك ئوقەت چىققاندا ئۆزى دۇكاندا ئولتۇرسىمۇ بولاتتى.

دەسلەپكى چاغلاردا ھېسام ھەر كۈنى مىختەك ئولتۇرۇپ سودا قىلىشقا ئانچە كۆنەلمىدى. ئۇ ئەزەلدىن بىر جايدا ئۇزاق ئولتۇرۇپ چىدىيالمايتتى. ھازىر يىگىرمىنىڭ قارىسىنى ئالغان چوپچوڭ يىگىت بولۇپ قالدى. بويىمۇ لوڭگىدە ئۆستى. ئاۋازىمۇ بوم، گۈركىرەپ چىقىدىغان بولدى. بۇنداق ياشتىكى يىگىتلەر بىر يەردە ئولتۇرالايتتىمۇ؟ لېكىن، بىر ئىش ھېسامنىڭ مىجەزىگە يېقىپ قالدى. گۈلگە گۈل كەلگەن يەنە بىر ئىش بار ئىدى. مەسچىت ئەتراپىدا قاتار موزدۇز دۇكانلىرى جايلاشقان بولۇپ، ئۇ دۇكانلاردىكى ئۆمرى كۆن ـ خۇرۇم، پوپۇش، سەندەل، داغمال، دەرەشلەر ئارىسىدا مۈكچىيىپ ئولتۇرۇپ ئۆتۈپ كەتكەن ئۇستىلار ئارىسىدا شۇ زامانلاردا غۇلجىدا مەشھۇر ناخشىچى، چاقچاقچىلاردىن مۇھەممەد مانجۇ، ئىلاخۇن، يۈسۈپ ۋەھشى قاتارلىق كىشىلەر بار ئىدى. غوپپۇردىڭخولۇ، تۇرسۇن تېيىپ دېگەندەك سەنئەت ئۇستىلىرىمۇ بۇ دۇكانلارنىڭ دائىملىق مېھمانلىرى ئىدى. غىياسىدىن باراتمۇ شۇ يىللاردا مۇشۇ دۇكانلارنىڭ بىرىدە شاگىرت بولۇپ ھۈنەر ئۆگىنەتتى. ھېسام ئىلگىرى تاشلەپكە، ۋاپۇرۇش بازىرى قاتارلىق يەرلەردە ئوتتۇر ئوقەت قىلىپ يۈرگەندىمۇ ئۇياق ـ بۇياققا ئۆتسە بۇ دۇكانلارنى يوقلاپ تۇراتتى.

سەنئەت ئاجايىپ، باشقا كەسىپلەرگە ئوخشىمايدۇ. سەنئەت ئەھلىگە، مەيلى ئۇ كاسىپ بولسۇن ياكى مەرتىۋىلىك زات بولسۇن، پەقەت سەنئەت ئىشتىياقى، سەنئەتكە، مۇھەببەتكە، بىر ـ بىرىنى چۈشىنىشكە، ئۆزئارا تەڭ باراۋەر مۇئامىلە قىلىشىشقا يېتەرلىك يول خەتتۇر. ئۇلارنىڭ ئۆزى گادايى بولسىمۇ قەلبى باي. قىلىۋاتقان ئىشلىرى خەقنىڭ باشلاتقىلى بەرگەن مەسە، باشماق (توپلەي) لىرىنى تىكىش بولسىمۇ، لېكىن قىلىۋاتقان گەپلىرى ئارماغلىق گەپلەر. بەيتۇللا مەسچىتى ئالدىدىكى دۇكانلاردا غورىگىل تۇرمۇش كەچۈرىدىغان موزدۇزلارنىڭ كۆپىنچىسى ئەنە شۇنداق كىشىلەر ئىدى.

شۇ موزدۇزخانىلارنىڭ بىرىدە تۇرسۇن تېيىپ دېگەن كىشىنىڭ دۇتار بىلەن ئېيتقان بىر مۇڭلۇق ناخشىسى ھېسامنىڭ يادىدىن چىقمايدۇ:

خەلقىنىڭ دىلبىرى سەنئەت،
خەلق سەنئەتنى خالايدۇ.
سەنئەتسىز گۈلىستانىنىڭ.
پەيزى، شوقى بولمايدۇ.
سەنئەتلىك كىشىلەرنى
خەلق ياخشى باھالايدۇ.

بارغانسېرى بۇ دۇكانلار ياش ھېسامنى ئۆزىگە ماگنىتتەك تارتىپ تۇرىدىغان بولدى. ئۇ ھە دېسىلا دۇكاننى بىرەرسىگە — نامازدىن يانغان دادىسىغا، مەھەللىدىن ئويۇنغىلى كەلگەن ئىنىسى ھۆسەنگە، قېيۇمغا ياكى بولمىسا بىر تونۇشىغا قارىتىپ قويۇپ، ئۇدۇلدىكى دۇكانلارغا چاپاتتى.

— قوراي بەش تىيىن، شاخ سەككىز تىيىن، بىدە ئون تىيىن، ئىلغاتما. دۇكاندا يېگۈدەك نەرسە يوق، كىرسىڭنى ئىچەلىسەڭ مەيلى، — دەيتتى ئۇ دۇكانغا قاراپ قالغان كىشىگە.

ھېسامغا موزدۇزلارنىڭ گەپلىرى، ناخشا ـ سازلىرىدىنمۇ كۆرە، قىزىق لەتىپە ـ چاقچاقلىرى ياقاتتى. مۇھەممەد مانجۇ بىلەن يۈسۈپ ۋەھشى پات ـ پاتلا چاقچاقتا تۇتۇشۇپ قالاتتى. ئۇلارنىڭ چاقچاقتىكى ئۇسۇلى بىرەر لەتىپىنى بايان قىلىش بولماستىن، بىر مەن، بىر سەن ئوخشىتىش، ئۆزئارا جاۋاب قايتۇرۇشتىن ئىبارەت

www.uyghurkitap.com



بولاتتى. تۇتۇشقىنىدا ئۆزلىرىنى، ئەتراپتىكىلەرنى ئۇنتۇپ قېلىشاتتى. تۇرقى، قىياپىتى مەيدانىغا چۈشكەن نوچى خورازغا ئوخشاپ قالاتتى. بىرىدىن بىرى ئۆتكۈر، دەل، قىزىق گەپلەر، ئوخشىتىشلار، سۆپەتلەشلەر، رەددىيىلەر، مۇبالىغىلەر بۇلاق سۈيىدەك ئۇقچۇپ، فونتاندەك ئېتىلىپ چىقاتتى. ئادەم ھەيران قالاتتى. مۇھەممەد مانجۇنىڭ گەپتە چاققانلىقى، يۈسۈپ ۋەھشىنىڭ ماراپ چىشلىشى، غوپۇر دىڭخۇلۇنىڭ ئاجايىپ ئوخشىتىشلىرى ھېسامنىڭ چاقچاققا ئىنتىلىپ تۇرغان كۆڭلىگە تولىمۇ ھۇزۇر بېغىشلايتتى. ئۇ دوپپى، قېلىپ، پارچە تېرىلەر ئارىسىدا ئولتۇرۇپ دۇكىنىنىمۇ ئۇنتۇپ قالاتتى...

—ھاي ھېسامدىن، نەدىسەن؟

قۇربان تېرىچى ئۇچ - تۆت قېتىم قاتتىق توۋلىۋېدى، ھېسام ئاران ئاڭلىدى ۋە گەپتىن مېھرىنى ئۈزۈلمەي، تەستە ئورنىدىن قوزغالدى. بۇ شۇ كۈنكى چاقىرىشلارنىڭ تۆتىنچىسى ئىدى. قۇربان تېرىچى بۇ قېتىم ناماز ئەسرگە ماڭغان.

—ۋاھ، مۇنۇ مانجۇ پوپۇش تىكەمدىكەن يا چاقچاقمۇ؟ سېنى ئەجەب رام قىلىۋالدا بۇلار؟

قۇربان ئاكا يۆتەلدىن كېيىن دېمىنى رۇسلاپ، كايىپ قويدى. ھېسام ئۈنچىقماي، ئادەمسىز قالغان دۇكىنىغا قاراپ ماڭدى. كاللىسىدا ئۇستازلار باياتىن قىلىشقان يېڭى، ئۆتكۈر چاقچاقلار ۋاڭزىلداپ قايناپتتى. ھېسام كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئۆزىمۇ سەزمەي ئاشۇ بىر نەچچە چاقچاق ئۇستىلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۆز قەلبى، ۋۇجۇدىغا سىڭدۈرمەكتە ئىدى.

ئەتىسى ھېسام موزدۇزخانىغا يەنە كەلگىنىدە ئىش تىكىۋاتقان مۇھەممەد مانجۇ دەرەشنىڭ تېرىگە تەگكەن يېرىگە تۈكۈرۈپ قويۇپ، جىددىي قىياپەتتە:

— ھە، بېلەت ئېلىپ كىردىڭمۇ ھېسام؟ — دەپ سوردى.

ھېسام تېڭىرقاپ قالدى.

—نېمە بېلەت؟ موزدۇزخانىغىمۇ بېلەت ساتامدىكەن؟

—موزدۇز دۇكىنى ئەمەس، چاقچاق دۇكىنى - دە. گەپ قىلمىسا كۈندە كىرىپ گەپ ئوغرىلاۋاتىسەن، مەشەگە قاتنىغاندىن بېرى ئۆزۈڭمۇ شاش بولۇپ كېتىۋاتىسەن، راستمۇ؟

ھېسام جاۋاب قايتۇراي دەپ تۇراتتى، نېرىدا ئولتۇرۇپ ئاياغقا قېلىپ تارتىۋاتقان يۈسۈپ ۋەھشى گەپكە ئارىلاشتى.

—نەچچە گەپ قىلىۋاتىسەنۇي؟—دېدى مۇھەممەدنىڭ لەقىمىگە قارىتىپ،— بالا گېپىڭنى ئۇقالمىدى، قارا، تېڭىرقاپ تۇرغىنىنى!

— مەن مۇنۇ ھېسامغا گەپ قىلىۋاتسام، سەن نېمە ئېتىلىسەنۇي؟ چىشلەپ بىرەر يېرىمنى زەخمە قىلىپ قويما يەنە!

مۇھەممەد مانجۇمۇ بوش كەلمىدى. ھېسام ئۇلارنىڭ بىر - بىرىنى شەپىسىز كەلتۈرگىنىدىن زوقلىنىپ كۈلدى. چاقچاق شۇنداق نەرسە، ئۇنى دورىغىلى، يادلىۋالغىلى بولمايدۇ. پەقەت ئۇنىڭغا ھەۋەس، ئىشتىياق كېرەك. ھېسامدا مۇشۇ ئارتۇقچىلىق بولغاچقا، ئۇ مۇھەممەد مانجۇ ئېيتقاندەك ئاستا - ئاستا بىلىپ بىلمەي بۇ چاقچاق ئۇستىلىرىنىڭ ھۈنىرىنى ئۆزىگە سىڭدۈرۈپ ماڭماقتىدى.



بەزىدە موزدۇز چاقچاقچىلار ھېسام بىلەن چېقىشاتتى.

— بىكارغا چاقچاق يوق جۇمۇ ھېسام، باياتىن تولا كاسىلداپ تاماقلار قۇرۇپ كەتتى، قالغىنىنى ئۆزۈڭ بىل!

ھېسام يۈگۈرۈپ چىقىپ كوچىنىڭ ئۇ چېتىدىكى باققالدىن نەشپۈت سېتىۋېلىپ كىردى.

— قارا، غوپۇر، — دېدى زوردۇن شۇ نەشپۈت يېگەچ، — قۇناخۇننىڭ باللىرى چاشقانغا كېپەك ئالدۇرمايدۇ دەۋاتاتتىڭ، مۇنۇ ھېسامدىن ئۈندىغىدىن ئەمەس ئىكەنغۇ؟

— راست دەيسەن، — دې-

دى غوپۇر دىڭخۇلۇ،— چاپچال تەرەپنىڭ باللىرىغا ئوخشىمايدۇ ـ دە!

— دىڭخۇلۇنىڭ يېغىنى ئوغرىلايدىغانلاردىن ئەمەس دېگىن!

— پاھ، قىلغان گېپىڭ ئاران شۇما؟ دەريانىڭ ئۇ قېتىدىكىلەرمۇ چاغلىقكەن!

دۇكانغا مەھەللىدىكى ئىككى بالا كىرىپ قالمىغان بولسا، بىرمەن، بىر سەن چاقچاق يەنە خېلى داۋاملاشقان بولاتتى. ھەر ئىككىلىسى ئۇردا مەھەللىنىڭ ياش سازەندىلىرىدىن، تەڭتۇشلىرىنىڭ مەشرەپىدە تۆرنى سورايتتى. باللارنىڭ بىرى قولىدىكى بولاقنى ئەدەپ بىلەن تۇرسۇن تېيىپنىڭ ئالدىغا قويدى. تۇرسۇن تېيىپقا يېقىنراق ئولتۇرغان شىتىل غوپۇر دىڭخۇلۇ بولاقنى شارتلا يېشىۋېدى، ئىچىدىكى تۇرسۇن تېيىپ ئامراق پەتتازا بولۇپ چىقتى.

ـ پاھ، تۇرسۇن، باللار يېمەكلەرنى ئېلىپ كەپتۇ مانا!

— پىلىكمىكىن دېگەنمىدىڭلار؟— شۇئان جاۋاب قايتۇردى تۇرسۇن تېيىپ.

— تۇرسۇنكا، مۇنۇ سىراجىدىن بىلەن بىر نېمىنى تالىشىپ قېلىشۋېدۇق، «پاختەك»مۇ ياكى «ئىسلام يۈزىدە بەختەك»مۇ.

— سەن نېمە دەپ ئېيتىۋېدىڭ، ئەبەيدۇللام؟— سورىدى تۇرسۇن تېيىپ بىر تال پەتتازىنى ئاغزىغا سېلىپ.

— مەنغۇ «بەختەك» دەپ ئېيتقانىدىم، مۇنۇ سىراج...

— توغرا،— دېدى تۇرسۇن تېيىپ دەررۇ،— بەختەك دېگىنى ئىسلام يۈزىدىكى بەختىخان دېگەن سەتەڭ.

تۇرسۇن تېيىپ قولىنى سۇنۇپلا بۇلۇڭدىكى دۇتارنى ئالدى— دە، داراڭ ـ دۇرۇڭ سازلاپ، ئاغزىدىكى پەتتازىنى شۇمۇگەچ ناخشا باشلىدى:

ئابلاشتىن چىقىپ كەلسەم،
ئىسلام يۈزىدە بەختەك.

زوردۇن شىۋە دەررۇ ئالىقىنىنى ئاقىرىپ كەتكەن ئۆتۈكنىڭ قونچىغا ئۇرۇپ ئاخىرىنى چۈشۈردى:

پەتتازا ئېلىپ كەپسەن،
پىتىر مانتىلار يوقتەك.

دۇكاننى كۈلكە بىر ئالدى. پەتتازا ئېلىپ كىرگەن يىگىت قىزارغىنچە ئۆزرە ئېيتتى:

— پىتىر مانتىغا بىز قەرزدار، زوردۇنكا، سىنىڭ بارلىقىڭنى بىلمەيلا كىرىپ قاپتىمىز.

— سانايى نەپسەنى مۇشۇ يەرگە كۆچۈرۈۋالدى بۇ،— دېدى يۇسۇپ ۋەھشى،— يەنە مۇنۇ دىڭخۇلۇمۇ بار.

— يائاللا، بىر كۈنى بىر تالايسەنغۇ ئىككىمىزنى،— غوپۇر دىڭخۇلۇ بېشىنى ئىرغاڭلاتتى،— مۇنۇغۇ ئۇدۇل دەريانىڭ ئۇ قېتىغا يۈگۈرەر، مەن قەيەرگە يۈگۈرەيمەن؟

— سەن ئۇدۇل پىلچى خاڭغا يۈگۈرەيسەن— دە، غوپۇركا!— دېدى باياتىن جىممىدە ئولتۇرغان ھېسام ئۆزىمۇ سەزمەي.

— مانا، مانا!— دېدى زوردۇن شىۋە،— باللار يېتىلىپ قاپتۇ.

— دېدىمغۇ، ئېچىلىۋاتىدۇ بۇ،— دەپ كۈلۈپ كەتتى مۇھەممەد مانجۇمۇ.

شۇ چاغلارنى ھېسام ھەرقانداق ۋاقىتتا ئۇنتۇمايدۇ. بەيتۇللا مەدرىسى ئالدىدىكى كۆرۈمسىز موزدۇزخانىلار ئۇنى چاقچاققا يېتەكلىگەن، تاۋلىغان، پىشۇرغانىدى.

ھېسام چاقچاقتا خېلىلا ئېچىلىپ مەھەللە مەشرەپى ۋە باشقا سورۇنلاردا، ئورۇنلاردا كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتىشقا باشلىغان، خەقلەر «قۇربان قىزىقچىنىڭ چوڭ ئوغلى ئاتىسىنىڭ ئۇدۇمىنى ئالغۇدەك، تەقى ـ تۇرقى، مېڭىش ـ تۇرۇشىمۇ بىر كۈلكىغۇ!» دېيىشىپ يۈرگەن كۈنلەردە، تويىسى مۇنبەت، سۈيى شەربەت بۇ يۇرتنىڭ قۇچىقىدا، مەھەللە ـ مەھەللە، سورۇن ـ سورۇنلاردا پىشقەدەم چاقچاق ئۇستىلىرىنىڭ ئىزىدىن بېسىپ، يېڭى چاقچاقچىلارمۇ يېتىشىپ چىقىۋاتاتتى.

ئىلى دىيارى ناخشا ـ مۇزىكا، چاقچاقلىرى بىلەنمۇ مەشھۇر. ئىككى ئېغىز چاقچاق گەپنى ئەپلەپ قىلالمايدىغان، تېگى بار ھەزىلنى دەررۇ چۈشەنمەيدىغان ئادەم ئۆزىنىڭ ئىللىقىدىن شۇبھىلەنسە ئارتۇق كەتمەيدۇ. شۇنداق يۇرتنىڭ قىزىقچىسى، گەپچىسى بولۇپ تونۇلۇپ چىقماق ئاسان ئەمەس.

ئىنسان نېمە ئىش بىلەن شۇغۇللانسا، شۇ ئىشنىڭ ئەھلىلىرى بىلەن ئۇچرىشىدىغان گەپ. چاقچاقچىلىق ئالاھىدىلىكىنى جارى قىلىش ئىستىكىگە چۈشكەن ھېسام ئۆزىگە ئوخشاش چاقچاقچىلار بىلەن ئۇچرىشىپ «نەيزىسىنىڭ ئۇچىنى، شەمشىرىنىڭ بىسىنى» سىناپ بېقىش كويىدا ئىدى. «تىلسەڭ تاپارسەن» دېگەندەك كۆپ ساقلاتمايلا مەھەللە مەشرەپلىرىنىڭ بىرىدە ئۇ قارىدۆڭ مەھەللىسىدىكى سازەندە ھەم چاقچاقچى مەمتىمىن ماماخ بىلەن بىر سورۇندا بولۇپ قالدى. قارىدۆڭ تەۋەسىدە تۇرسۇن ئامان، تۇرسۇن چوجە ۋە ماماخ ئۇچلىسى يې-

www.uyghurkitap.com



تىلىۋاتقان ئەلنەغمىچى ۋە چاقچاقچىلاردىن سانىلاتتى.
ئۇلارنىڭ نامى غۇلجا شەھىرىدە خېلى تونۇشلۇق بولۇپ،
نېرىسى باياندايى، بېرىسى جىرغىلاڭغىچە مەشرەپ،
توي ـ تۆكۈن سورۇنلىرىغا تەكلىپ قىلىناتتى. كۆنچى مە-
ھەللىسىدىكى ئەيسا تۆلكىمۇ شۇ ئەتراپنىڭ «ئالغۇر»-
لىرىدىن بولۇپ، مىجەزىگە يارىشا پات ـ پات قوشنا «ئ-
كاتەك»لەرگە، باشقا مەھەللىلەرنىڭ سورۇنلىرىغا (تەكلىپ
بويىچە) قەدەم تەشرىپ قىلاتتى.

شەھەر ئىچىدىكى مەھەللە مەشرىپىدە ھېسام بىلەن ما-
ماخ ئۆزئارا ئىچكىرىلەپ تونۇشتى. ئورتا بوي، قاراقۇمە-
چاق، كۆزلىرى يوغان، ساقاللىق يىگىت مەمتىمىن ماماخمۇ
ئۆز ئالدىغا ئالاھىدىلىكى بار ياش بولۇپ، چالاتتى، ئېيتاتتى
ھەم چاقچاق قىلاتتى. ئالدىنقى ئىككى ئالاھىدىلىكى غالىب-
راق كېلەتتى. ھېسام ماماخنىڭ ئاق كۆڭۈل، ئوچۇق ـ يو-
رۇق مىجەزىنى ياقتۇرۇپ قالدى. نۆۋىتىدە ماماخمۇ ھې-
سامنىڭ ئىنكاسىنىڭ تېزلىكىنى بايقىدى. ھېسامنىڭ مەھەل-
لىسىدىكى مەشرەپتە ماماخ ھەر تەرەپلىمە ماھارىتىنى خېلىلا
كۆرسەتتى. ئۇ شۇ زامانلاردا ئەل ئىچىدە تارقىلىپ يۈرگەن
يېڭى ناخشىلارنى تېرىپ ئېيتىشقا خېلى چېۋەر ئىدى. بۇنـ-
داق چالغۇچى، ناخشىچىلار ئىلىدا ھازىرمۇ نۇرغۇن. ئۇلار
كىشىلەرنىڭ ھېسسىياتىنى غىدىقلايدىغان تېكىستلارنى ئا-
لايتەن ئىزدەپ تېپىپ ناخشىغا سېلىپ ئېيتىدۇ ـ دە، شۇ
ئارقىلىق ئۆزلىرىمۇ شۆھرەت تاپىدۇ.

نەغمىدىن كېيىن ماماخ بىلەن ھېسامنى مەشرەپ
ئەھلى «بىر قەپەس» تۇتۇشتۇرۇپ قويدى. ئادەتتە سو-
رۇنلاردا چاقچاقچىلارنىڭ تۇتۇشۇشلىرى مۇنداق بولاتتى:
سورۇن ئەھلىدىن بىرەرسى مەلۇم چاقچاقچىغا شۇ يەردە
ئولتۇرغان يەنە بىر چاقچاقچىنىڭ ئۇنى پىسەنتكە ئال-
مايۋاتقانلىقى، بۆلەك بىر سورۇندا بۇ ھەقتە بېشارەت
بەرگەنلىكىنى قېقىتىپ بىلدۈرىدۇ. «تەھدىتكە ئۇچرىد-
غان» چاقچاقچى رەقىبىگە «جەڭ ئېلان قىلىدۇ» ياكى
شۇنىڭغا يېقىن ئىپادە بىلدۈرىدۇ. بىر سەن، بىر مەن ئې-
لىشىش باشلىنىپ، ئىككى چاقچاقچى ئۆرەدىشىدۇ. ئول-
تۇرغانلار بىر ئۇنىڭغا، بىر بۇنىڭغا يەل بېرىپ، چاقچاق-
چىلارنىڭ ئوتىغا ماي قۇيۇشىدۇ. شۇ تەرىقىدە چاقچاق
قىزىيدۇ، يېڭى، ئاجايىپ ئوخشىتىشلار، سۆپەتلەشلەر،
يۇمۇر، لەتىپىلەر شۇنداق قىلىپ پەيدا بولىدۇ...

ماماخ بىلەن ھېسام ئۇ كۈنى ئۇزاق تۇتۇشالمىدى.
سەۋەبى، بىرى، ماماخ شەھەر ئىچى مەھەللىسىگە مېھمان،
يەنە بىرى ھېسام سورۇن چاقچىقىغا يېڭى، تەجرىبىسىز
ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ ماھارىتىنى دەسلەپكى قەدەمدە نا-
مايان قىلدى.

مەمتىمىن ماماخ كېيىن بۇرادەرلىرىگە ھېسام ھەققىدە
سۆز قىلدى بولغاي، ئىككىنچى ھەپتىسى ھېسام قارادۆڭ-
دىكى بىر مەشرەپكە تەكلىپ قىلىندى. بۇ كۈنى ھېسام
تۇرسۇن ئامان، تۇرسۇن خوجە كەبى گەپچىلەر بىلەن
رەسمىي تونۇشۇپ، چاقچاقتا بىرەر قۇردىن تۇتۇشۇپ
كۆردى. تۇرسۇن ئامان ھە دېگەندە چاقچاققا ئانچە كى-
رىشەلمىدى. يېڭىياچە تونۇشنىڭ مىجەزى يوچۇن دېگەن
شۇ! ھېسام ئۆز مىجەزىگە يارىشا، تالاغا قول چايقىغىلى
چىققان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ تۇرسۇن ئىسىملىك چاق-
چاقچى ھەقتە بەزىبىر نەرسىلەرنى سوراپ بىلىۋالدى.
تۇرسۇن ئاماننىڭ ئەسلىي ئىسمى تۇرسۇن بەختى بولۇپ،
ئامان ئۇنىڭ مىجەزىگە يارىشا قوشۇلۇپ قالغانىدى. سە-
ۋەبى ئۇ بازاردا، مەھەللىدە، سورۇندا كىم بىلەنلا كۆ-
رۈشمىسۇن ئىككى گەپىنىڭ بىرىدە قولىنى كۆكسىگە قو-
يۇپ «ئامان بولايلى»لا دەيتتى. ھېسام بەخىرامان
ئولتۇرۇۋەردى. پەقەت تۇرسۇن خوجە بىر قۇر چوقلاپ،
نۆۋەت تۇرسۇن ئاماننىڭ ئېغىز ئېچىشىغا كەلگەندە ئۇ
تەمكىنلىك بىلەن «ئامان بولايلى»دىن بىر كەلتۈرۈۋې-
دى، ئۆي ئىچىدە قىقاس چىقىپ كەتتى. تۇرسۇن ئامانمۇ
گويا جەڭدە پىستىرمىغا ئۇچرىغان رەقىبتەك ھە دېمەيلا
ئالاقزادە بولۇپ قالدى، گەپلىرىمۇ دېگەندەك چەك
باسمىدى، ئۇ ئىچىدە «مۇنۇغىلاي كۆزدىن ھەزەر قىلىش
كېرەككەندە!» دەپ ئويلىدى.

ھېسامنىڭ ئاستىرتىن ئەھۋال ئىگىلەپ، ئۇشتۇمتۇت
ھۇجۇم قىلىدىغان چاقچاق ئادىتى كېيىنكى ۋاقىتلاردا تې-
خىمۇ كامالىغا يەتتى.

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ھېسامنىڭ ئاستا ـ ئاستا «ئا-
يىغى چىقىش»قا باشلىدى. مەھەللە ئىچى ـ سىرتىدىكى
مەشرەپ توي سورۇنلىرىغا پات ـ پات قاتنايدىغان بول-
دى. بۇ سورۇنلاردا ئۇ يېڭى «رەقىبلەر» بىلەن تونۇ-
شاتتى ۋە ئېلىشاتتى. بۇنىڭ ئەلۋەتتە چاقچاقچىلىق ما-
ھارىتىنىڭ ئۆسۈشىگە پايدىسى بار ئىدى. كۆنچى مە-
ھەللىسىدىكى ئەيسا تۆلكە بىلەن ئىككى سورۇندا ئۇدا
تىركەشتى. ئەيسا سورۇن كۆرگەن چاقچاقچى ئىدى.
ئانچە ـ مۇنچە گەپكە پىسەنت قىلمايى، كۈلۈپلا
ئولتۇرۇۋالاتتى. پەيتنى تېپىپ ماراپ چىشلەيتتى. شۇ
كەملەردە ئۇنىڭ خېلى نامى چىقىپ قالغاچقا، سورۇندىكى
ياش باللار ئەيسا تۆلكە گەپ قىلسىلا كۈلەتتى. بۇمۇ

كېيىنكى ۋاقىتلاردا ھېسامنىڭ ئاغزى ئېچىلىشىغىلا ھەممە ئادەم كۈلۈپ، باشقا چاقچاقچىلارنىڭكىگە ئاز كۈلگەندەك بىر ئىش.

بىر قېتىم ئەيسا تۈلكە مەھەللىسىدىكى بىر سورۇنغا ھېسامنى باشلاپ باردى. ئۇ كۈنى نەدىن پەيدا بولغان، تۆپىدەڭدىكى شوپاڭدىن قايتقان ئىككى مەست سورۇنغا كىرىپ قالسا بولىدۇ. ئۇ ئىككىسى ئەيسا تۈلكىنىڭ يېقىن ئاغىنىلىرى ۋە مەھەللىلىكلىرى ئىدى. دەسلىپىدە ئىككىيلەن خېلى جىم ئولتۇرۇۋېدى، ئىسسىق ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن كەيپى كۆتۈرۈلۈپ كەتتىمۇ، سورۇننى مالىمان قىلغىلى تۇردى. ھېسامنىڭ تىزگىنسىز ئاتتەك چاقچاققا ئىنتىلىپ تۇرغان مەزگىللىرى بولغاچ، ئەيسا تۈلكىگە قاراپ چاقچاق قىلدى:

ــ ھوي ئەيساكا، ئىنىڭلاردا ئوپۇر ـ توپۇرچىلىك بوپكەتتىغۇ؟

ئەيسا تۈلكە ئىككى قەغىش مەستكە بىر قارىۋېلىپ جاۋاب قايتۇردى:

ــ بىزنىڭ ئىنىدىغۇ مۇنداق جانىۋارلار يوق بولىدىغان، سەن سۇ دەرۋازىدىن باشلاپ كەلمىگەنسەن ھېسام

ــ سەن ئەمەس، ئىنىغا قالايمىقان مېھمان باشلايدىغان.

ــ سەن ئەمەس، ئىككى مەست غەۋغا قىلسا يەر تەۋرەۋاتامدۇ دەيدىغان.

ــ سەن ئەمەس مېھماننى تۆرگە چىقىرىپ قويۇپ قۇيرۇقۇڭنى تالايدىغان.

چاقچاق تازا قىزىۋاتاتتى. ئاڭغىچە ھېلىقى ئىككى مەستنىڭ بىرى داستىخاننى ئاتلاپ ئۆتۈپلا ھېسامنىڭ كانىيىنى سىقتى.

ــ ئەيساكامغا ھۆررۈ ـ پۆررۈ دەيسەنغۇ؟

ھېسام ھەم چۆچۈپ، ھەم ئەتەي كەينىگە سەل داجىپ ۋارقىرىدى:

ــ ھوي، ئەيساكا، مەھەللەڭنى كۆنچى مەھەللە دەۋاتاتتىڭ، كۆنچى مەھەللە ئەمەس سۆپۈرگىچى مەھەللىسىمۇ نېمە؟

ئاڭغىچە ئەيسا تۈلكىمۇ، ئۆي ئىگىسىمۇ مەستنىڭ قولىنى سىلكىپ تارتقۇشلىدى، ئەسكىلىك قىلغىنىنى بايقاپ قالغان مەست غەرلىككە سېلىنىپ:

ــ قېنى، بىر چاقچاق كەلتۈرۈۋەت سۇ دەرۋازىلىق، بولمىسا قولۇم بويىنۇڭدا تۇرۇۋېرىدۇ، ــ دېدى.

ھېسام دەررۇ چاقچاق كەلتۈردى:

ــ ھوي ئاداش، مۇشۇ بوغۇشۇڭدا نەچچە سۆپۈرگە چىقارمەن.

قىقاس كۈلكىلەر ئارىسىدا ھېلىقى يىگىت قولىنى شاپپىدە ئاجرىتىۋالدى.

مەستنىڭ يەنە بىرى تاكى سورۇن تۈگىگىچە يېشىلمىدى. قايتارغا يېقىن ئۇ ھېسامغا خىرىس قىلدى:

ــ ھەي ئاۋاق ئاداش، قايسى يول بىلەن قايتساڭلا ئۇرىمەن.

سورۇن تۈزۈلگەن ئۆينىڭ ھويلىسىدىن ئۆستەڭ ئېقىپ ئۆتەتتى. ھېسام دەررۇ شۇنى يادىغا ئالدى.

ــ بولدى، سۇ بىلەنلا كېتەي، ــ دېدى ئۇ. كۈلكە ئارىسىدا ئىككىنچى مەستمۇ جىمىقتى. ھېلىقى ئىككىيلەننىڭ قىلىقىدىن قاتتىق نومۇس قىلغان كۆنچى مەھەللىنىڭ جىگەرلىك يىگىتلىرى ھېسامغا ئۆزرە قويدى.

ــ رەنجىمەڭ ئاداش، بۇلارنىڭ جاجىسىنى ئۆزىمىز بېرىمىز، كۆرۈشۈپ تۇرايلى.

ھېسامنىڭ چاقچاقچىلىق ھاياتى ئەنە شۇنداق باشلاندى. بەيگىگە چۈشكەن ئاتنىڭ تۇيىقى قىزىغاندەك، سورۇن كۆرگەنسېرى ئۇنىڭ يېڭىدىن يېڭى سورۇنلارغا بارغۇسى، چاقچاق قىلغۇسى كېلىپ تۇراتتى. بۇغۇ ياخشى ئەھۋال، شۇغىنىسى مەدرىس ئالدىدىكى دۇكان كۆپىنچە تاشلىنىپ قالاتتى. قۇربان تېرىچى نامازغا ۋاقتىدا كىرەلمەي ياكى توي ـ تۆكۈن، نەزىر ـ چىراغقا قەرەلدە بارالماي جىلە بولاتتى. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇنىڭ تازا رەللە بولۇپ تۇرغىنىنىڭ ئۈستىگە ئاخشام بارغان ئۆيىدە ئۇخلاپ قېلىپ، ۋاقچە قايتىپ كېلىۋاتقان ھېسام دۇكان ئالدىدا پەيدا بولدى.

قۇربان تېرىچى ئوغلىنىڭ دەل ۋاقتىدا پەيدا بولغىنىدىن خۇشاللاندىيۇ، بايىقى جىلىچىلىكىنىڭ كۈچىدىن ھېسامغا بىر ھۇمايدى.

ــ ھە سەييارە چاقچاقچى، بارمىسەن بۇ دۇنيادا؟ ــ دېدى ئاچچىقى بىلەن.

ــ ئامان بولۇڭ دادا، ــ دېدى ھېسام تۇرسۇن ئاماننىڭ ئادەت گېپىنى يادىغا ئېلىپ، ـ يامان يىراق يەرگە بارغانتىم، شۇڭا كېچىلەپ قالدىم.

ــ نەگە بارغانتىڭ؟

ــ سۆپۈرگە مەھەللىسىگە، ــ دېدى ھېسام كۈلۈمسىرەپ.

(داۋامى بار)

(ئاپتور: ئاپتونوم رايونلۇق رادىئو ـ تېلېۋىزىيە ئىدارىسىدە)

# جۇغراپيه ئۆچيركلرى



ئوتتۇرا ئاسىيادىن ئىبارەت بۇ زېمىن تاكى هازىرغا قەدەر ئېچىلمىغان بىر سىر. گەرچە بۇ يەر روسىيە ۋە ئەنگلىيەدىن ئىبارەت ئىككى كۈچلۈك دۆلەتكە قوشنا بولسىمۇ، ئەمما هەممە جەهەتتىن ياۋروپا ئىلىم ساهەسىگە نامەلۇمدۇر. ئىلمىي جەمئىيىتىمىزنىڭ ئالىمى پ.پ.سىمې-نوف ئەپەندى رىتتېر ئەپەندى يازغان ① «ئاسىيانىڭ تەبىئىي جۇغراپىيىسى» ناملىق كىتابىنىڭ 2 ـ قىسمىنى تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلدۇرغاندىن كېيىن، ئۇ بىزنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانى تەتقىق قىلىش ئەهۋالىمىز، ئافرىقىنىڭ ئىچكى قىسمىنى تەتقىق قىلىشىمىزغا يەتمەيدىكەن، دې-گەن خۇلاسىگە كەلدى. بىز ئۆزىمىزنىڭ جۇغراپىيە كە-تابلىرىمىزدىكى ئوتتۇرا ئاسىياغا دائىر ماتېرىياللارنىڭ بىر ـ بىرىگە زىت هەم كىشىنى قايمۇقتۇرىدىغان مەلۇ-ماتلىرىغا قاراپ بۇ رايوننى سىرلىق هەم قەدىمىي هېس قىلىمىز. بۇ مەلۇماتلار ئىلىم ساهەسى ئالدىدا يەشمەك قىيىن بولغان بىر تېپىشماقتەك تۇيۇلىدۇ. شۇڭا بىز ئۆ-زىمىزنى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مىللەتلەر هەققىدە هېچنەرسە بىلمەيمىز دېسەكمۇ بولىدۇ.

ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ هازىرقى ئىجتىمائىي تۈزۈمى بەكمۇ ئارقىدا قالغان بولۇپ، ئۇ تەرەققىيات جەريانىدىكى بىر خىل كېسەللىك كرىزىسىغا ئوخشايدۇ. بۇ رايوننىڭ هەم-مىلا يېرىدە ۋەيرانە مەهەللە، تاشلاندۇق ئېرىق ـ ئۆس-تەڭ، كونا قۇدۇقلار ئۇچراپ تۇرىدۇ. پايانسىز كەتكەن بۇ ۋادىدا سۆكسۆكلەر ئۆسۈپ كەتكەن بولۇپ، ياۋا ئاتلار بىلەن كېيىكلەر توپ ـ توپ يۈرۈشىدۇ. دەريا ساهىللىرىدا ئۈجمە دەرەخلىرى سايە تاشلاپ تۇرىدىغان كۈجۈم-كۈجۈم مەهەللىلەر بار. ئۇ يەر، بۇ يەرلەردە هۇرۇن دېهـ-قانلار پەرۋىشسىز تاشلاپ قويغانلىقتىن ئانچە ئوخشىمىغان شاللىقلار، تولۇق ئېچىلماي تۇرۇپلا پاختىلىرى يىغىۋې-لىنغان ئېتىزلىقلار، ئۈزۈم ۋە هەر خىل مېۋىلەر يېتىشتۈ-رۈلگەن باغلارمۇ ئۇچرايدۇ. بۇ بوستانلىقلاردىكى كونا شەهەر قەلئەلىرىنىڭ ئورنىغا هازىر كۆرۈمسىز ئولتۇراق ئۆيلەر سېلىنغان. مانا بۇ مەهەللىلەردە خۇراپاتلىقنىڭ ئا-زابىنى يەتكۈچە تارتىۋاتقان بىچارە خەلق نادانلارچە يا-شاۋاتىدۇ.

ئىلگىرى شەرق دۇنياسىدا ئەڭ باي ۋە ئەڭ

مەدەنىيەتلىك ھېسابلىنىدىغان ماۋەرائۇننەھر دىيارىنى ھازىر ھېچبىر ئىقلىمدا تېپىلمايدىغان نادانلىق ۋە پىقىرچىلىك قاپلاپ كەتكەنىدى. سەمەرقەنت، تاشكەنت، پەرغانە (قوقان خانلىقىغا تەۋە)، خىۋە قاتارلىق شەھەرلەردىكى كۆتۈپخانىلار، سەمەرقەنتنىڭ رەسەتخانىلىرى موڭغۇللارنىڭ تاجاۋۇزى بىلەن بۇخارا ئەمىرلىرىنىڭ زالىملىقى تۈپەيلىدىن تۈگىشىپ كەتتى. ئۇلار دىنىدىن خالىي ئىلمىنىڭ ھەممىسىنى ئىنكار قىلدى، ھەتتا قەدىمىي مەدەنىيەتنىڭ ئابىدىلىرىگىمۇ ئاللاھقا شەك كەلتۈرۈپ كۆپۈرلۇق قىلغانلىق دەپ پەتىۋا چىقىرىشتى. ئۇلار پەقەت مەسچىت، مەدرىسە، مازار ۋە مەھبۇسلارنى ئۇستىگە ئېلىپ چىقىپ، ئاندىن يەرگە تاشلاپ ئۆلتۈرۈشتە ئىشلىتىلىدىغان جازا مۇنارلىرى دېگەندەك نەرسىلەرنىلا ساقلاپ قالدى. ئوتتۇرا ئاسىيالىقلار ھازىر ئىلگىرى ئۆتكەن ئاتا-بوۋىلىرىدەك شېئىر يازمايدۇ، قىسسە سۆزلىمەيدۇ، ئاسترونومىيە جەدۋەللىرىنى تۈزمەيدۇ. ئەكسىچە ئۇلار سەپ-سەپ بولۇپ، مەسچىت-خانىقالارغا بېرىپ ئىبادەت قىلىشىدۇ. ئۇ يەردىن بوشىسا ئۆيىدىكى خوتۇنلىرى بىلەن كۆڭۈل ئاچىدۇ ياكى بولمىسا سورۇن تۈزۈپ قوچقار سوقۇشتۇرىدۇ. ئىككى قوچقاردىن بىرىنىڭ بېشى يېرىلىپ توختىمىغىچە ھېچكىم ئۇلارنى ئاجراتمايدۇ. ئاخىرىدا چەۋىق كۆتۈرۈۋالغان قوچقار ئىگىلىرى قان ئىچكەن ئىتتەك ئەلپازىنى بۇزۇپ كېلىپ ئۆز قوچقارلىرىنىڭ دۈمبىسىگە قىرىقنى، قورسىقىغا قىرىقنى ئۇرۇپ پۇخادىن چىقىشىدۇ. ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ يەنە بىر بۆلىكى بولغان كىچىك بۇخارا (قەشقەر ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى شەھەرلەر)نىڭ ئەھۋالىمۇ يۇقىرىقىلاردىن قېلىشمايدۇ. بۇ ئەلنىڭ قەيىرىگىلا بارساق ۋەيرانچىلىق، نادانلىق ۋە ئالدىنى ئېلىپ بولمايدىغان زوراۋانلىقنى ئۇچرىتىمىز. ئەھۋال شۇنداق بولغانلىقتىن بۇ يەرلەرنىڭ مەدەنىي دۇنيا بىلەن ئالاقىسى ئۈزۈلگەنىدى. ئەنگلىيە بىلەن روسىيە ئۆزلىرىگە قوشنا بولغان بۇ يۇرتنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەشكە ئۇرۇنۇپ بېقىپ ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىدى ھەتتا پاجىئەگە دۇچ كەلدى. بۇنىڭ ھەيران قالغۇچىلىكى يوق ئەلۋەتتە. 1859 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا مەن قوقانلىق سودىگەر قىياپىتىدە ياسىنىپ كارۋانغا قوشۇلۇپ قەشقەرگە باردىم. بىلىشىمچە، ئىلگىرىكى زامانلاردا بۇ ئەلگە ماركوپولو (1271 - يىلى) قاتارلىق كىشىلەر بارغانىكەن. يېقىنقى مەزگىللەردە ئىككى ياۋروپالىقنىڭ بارغانلىقى مەلۇم. ئۇلارنىڭ بىرى ئىلگىرى شەرقىي ھىندىستان شىركىتىدە ئىشلىگەن، نام شەرىپى نامەلۇم بولغان بىر گېرمان ئوفىتسېرى بولۇپ، ئۇ كېيىنكىلەرگە بىر ساياھەت خاتىرىسى بىلەن بىر قىسىم قولىيازمىلىرىنى قالدۇرۇپ كەتكەن. يەنە بىرى پرۇسسىيىلىك ئالىم ئادولف شىلاگىنتۋېيت ئىدى. بۇ ئىككىيلەننىڭ ئالدىنقىسى قەشقەردە بولۇشىغا تاياق يەپ ئىككى كۈن يېتىپ ئاتقىمۇ مىنەلمەس بولۇپ قالغان. كېيىنكىسىنىڭ كاللىسى ئېلىنىپ ئادەم كاللىسىنى دۆۋىلەپ ياسىغان مۇنارنىڭ چوققىسىغا قويۇپ قويۇلغان. قەشقەر جۇڭگونىڭ نەنلۇ (جەنۇبىي لىنىيە) دەپ ئاتىلىدىغان ئۆلكىسىگە قاراشلىق شەھەرلىرىنىڭ بىرى. بۇ شەھەر قەدىمكى پىتولېمىي زامانىدىن بېرى چاي سودىسىدىكى تۈگۈنلۈك ئورنى بىلەن دۇنياغا مەشھۇر بولغان كارۋان شەھىرىدۇر. ھازىر ياۋروپا دۆلەتلىرىگە جۇڭگونىڭ شاڭخەي، گۇاڭجۇ شەھەرلىرى مۇھىم بولۇۋاتقاندەك قەشقەرمۇ ئاسىيالىقلار ئۈچۈن شۇنچە مۇھىم شەھەرگە ئايلاندى. يەنە كېلىپ قەشقەر شەرق دۇنياسىدا ئۆزىنىڭ سەتەڭ قىز-چوكانلىرى بىلەن نام چىقارغان شەھەر. قەشقەرگە مۇساپىر بولۇپ كەلگەن كىشىلەر قىز-چوكانلارغا گەپ ئېچىپ بىر مەھەل بولسىمۇ نىكاھىغا ئېلىپ بىللە ئۆتەلەيدۇ. قەشقەر ئۆزىنىڭ نەغمىچىلىرى، ئۇسسۇلچىلىرى ھەم دۇنيادا كەم تېپىلىدىغان يىڭسار كەندىرى بىلەنمۇ دۇنياغا تونۇلغان. شۇنداق بولغاچقىمىكىن ئاسىيا ئەللىرىدىن بۇ شەھەرگە كېلىدىغان سودىگەرلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدۇ. قەشقەردە پارسلار، تېبەتلەر، ھىندىلار، ئىدىل تاتارلىرى، ئافغانلار، يەھۇدىيلار، سىگانلار شۇنداقلا بىزنىڭ رۇس كازاكلىرىمىزمۇ ئۇچراپ تۇرىدۇ. كېيىنكى چاغلاردا بۇ شەھەر باشقىچە بىر خىل ئالامەتلىرى بىلەن تونۇلۇشقا باشلىدى. قەشقەردە ئادەم كاللىسىدىن مۇنارلار ياسالدى. بۇ يەردە ئادەم ئۆلتۈرۈش خۇددى توخۇ بوغۇزلىغاندەكلا بىر ئىش بوپقالدى. خەلق ئاغزىدا:

ئات باقمىقىم تەس بولدى،
بىر باغ پىچان ئىككى پۇل.
جان باقمىقىم تەس بولدى،
نەگە بارساڭ ئۇر - ئۇر.

دەيدىغان بىر قوشاق بار. بۇ قوشاقنىڭ ئۇر ـ ئۇر بىلەن ئاخىرلىششى قەشقەرلىكلەرنىڭ غەزەپ ـ نەپرىتىنىڭ قايناپ تاشقانلىقىنى ئىپادىلەپ بېرىۋاتىدۇ. كېيىنكى چاغلاردا قەشقەرلىكلەر خوجا ئەۋلادلىرىنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن قان كېچىپ كۈرەش قىلغانىدى. ئەمدىلىكتە بولسا بۇ خوجىلار ئۆز پاناھىدىكى قەشقەرلىكلەرنى مانجۇلاردىن ئېشىپ چۈشىدىغان ۋەھشىيلىك بىلەن ئۆلتۈرۈشكە كىرىشتى. ئۇلار بىرىنى سەن مانجۇلارغا ئىشلىدىڭ، دەپ ئۆلتۈرسە، بىرىنى قالايمىقان گەپ قىلدىڭ، دەپ ئۆلتۈرىدۇ، يەنە بىرىنى بولسا سەن قارا تاغلىقكەنسەن، دەپ ئۆلتۈرىدۇ. بىز قەشقەرگە كەلگەندە مانجۇلار قىرغىنچىلىقنى ئەمدىلا تۈگىتىپ تۇرۇشى ئىكەن. سېپىل قوۋۇقىدىن كىرىشتىكى يولنىڭ ئىككى تەرىپىگە رەت ـ رەت تۇۋرۇكلەر قادىلىپ تۇۋرۇك چوققىلىرىغا ئادەم باشلىرىنى سېۋەتكە سېلىپ ئېسىپ قويۇشۇپتۇ. ئاڭلىساق بۇلار يېقىندا ئۆلتۈرۈلگەن كىشىلەرنىڭ باشلىرى ئىكەن. شەھەرمۇ تىنچلانغانىدەك قىلىدۇ. ئاتلىق ئەمەلدارلار مەنسەپ تەلپەكلىرىنى كىيىشىپ بازارنى چارلاپ ئۆزىنى چەتكە ئېلىشقا ئۈلگۈرەلمىگەن كىشىلەرنى قامچىلاپ قوغلاپ يۈرىدۇ. قوقان بىلەن بولغان ئالاقە قايتا راۋانلىشىپ، قوقاننىڭ سودا ئاقساقىلى يېتىپ كەلگىلىمۇ بىر ئايچە بوپتۇ. بىزدىن كېيىن قەشقەرگە يەنە بىر قىسىم بۇخارا ۋە قوقان كارۋانلىرى كېلىپ بوش قالغان كارۋان سارايلىرىغا ئورۇنلاشتى. بىزنىڭ قەشقەرگە كېلىشىمىز شەھەردە ئەندىشە پەيدا قىلدى. چۈنكى بىز كېلىشتىن ئاۋۋال قازاقلار روسىيىدىن ساندۇق ئارتىلغان 500 تۆگىلىك كارۋان كېلىۋاتىدۇ، ساندۇقلارغا پارتلاتقۇچ دورا قاچىلانغاندەك قىلىدۇ، تۆمۈر تاختا دەپ ئاتىلىدىغان كارۋان بېشى گۇمانلىقتەك قىلىدۇ، ئۇ ئورۇس بولۇشى مۇمكىن، دېگەندەك خەۋەرلەرنى تارقىتىۋەتكەنىكەن (ئۇلار بەلكىم كارۋان بېشىنىڭ تۆمۈر كارىۋىتىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا شۇنداق لەقەم قويۇۋالغان بولسا كېرەك). ئوتتۇرا ئاسىيالىقلار تولىمۇ گول خەق. گەپ قانچىلىك يالغان بولسا ئۇلارغا شۇنچىلىك راستتەك بىلىنىدۇ. مانجۇلارمۇ بۇ جەھەتتە ئۇلاردىن ئانچە پەرقلىنىپ كەتمەيدۇ. دېمىسىمۇ ئىشلار بىز ئويلىغاندەك بولۇپ چىقتى. تەلىيىمىزگە يارىشا، قەشقەردىكى قوقان ئاقساقىلى كارۋان بېشى بىلەن بىر قانچەيلەننى تونۇغاچقا ئۇ كىشىنىڭ كاپالىتى بىلەن

شەھەرگە كىرىۋالدۇق. مەن بۇ يەردە مانجۇ ئەمەلدارلىرى بىلەن يەرلىك ھاكىمبەگلەرنىڭ بىزنى تەكرار ـ تەكرار تەكشۈرۈپ سوراق قىلغانلىقى قاتارلىق ئىشلارنى دەپ يۈرمەي. بۇنىڭ ئۈچۈن ۋاقتىمۇ ھەم سەھىپىمۇ ئازلىق قىلىدۇ. مەن پەقەت ئاساسىي تېمىمىز بولغان قىرغىزلار توغرىسىدا سۆزلەپ ئۆتمەكچىمەن. تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالىي ئېتەكلىرى يېقىندا روسىيە تەرىپىدىن تەكشۈرۈلۈپ تەتقىق قىلىنغانىدى. ئەمما ئىلمىي جەمئىيىتىمىزدىن پ.پ. سېمېنوف پەقەت نارىن دەرياسىنىڭ بېشىغىچە بارالىدى. مەن بولسام تەڭرىتاغلىرىنى ئىككى يەردىن كېسىپ ئۆتۈپ قەشقەر، يېڭىسارلاردىن يەكەنگىچە بولغان چوڭ چۆلگىچە باردىم. ئەپسۇس قوقاندا تەخت ماجىراسى سەۋەبىدىن ئېلىپ بېرىلغان سىياسىي ئۆزگىرىش قەشقەردىمۇ ئەنسىزچىلىك پەيدا قىلغاچقا ئالتە شەھەردىكى ئەڭ چوڭ، ئەڭ ئاۋات شەھەر يەكەننى كۆرەلمەي قالدىم. مېنىڭ ئېكسپېدىتسىيە پائالىيىتىمنى ئۆزۈم بارغان جايلارنىڭ ئالاھىدىلىكىگە قاراپ ئىككى باسقۇچقا بۆلۈشكە بولىدۇ. بىرىنچى باسقۇچلۇق سەپىرىمدە يەتتىسۇ، تاشقى ئىلى ۋە ئىسسىقكۆل بويلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان جۇڭغارىيىگە سەپەر قىلدىم. بۇ يەرلەرنىڭ يەر شەكلى سىبىرىيە قوماندانلىق شتابىمىز سىزغان خەرىتىگە چۈشۈرۈلگەن ھەم ئۇنى شرىنېك، ۋلانگالى، سېمېنوف ۋە گولۇبېيېف ئەپەندىلەر ئىلمىي ئۇسۇلدا تەكشۈرۈپ ـ تەتقىق قىلىپ بېكىتكەنىدى. شۇڭىنىسى، ئۇلارنىڭ تەتقىقاتى تەبىئىي جۇغراپىيە جەھەتكىلا تەتقىقات بولۇپ ئېتنوگرافىيە (مىللەتشۇناسلىق) جەھەتلەردىن تەتقىق قىلىنمىغان. مەن جۇڭغارىيىگە تۇنجى بولۇپ 1856 ـ يىلى پولكوۋنىك خومېنتوۋېسكىي ② باشچىلىقىدىكى ئىسسىقكۆلنى تەكشۈرۈش ئەترىتىگە قوشۇلۇپ بارغانىدىم. كېيىن غۇلجىغا بېرىپ ئۈچ ئاي تۇردۇم. شۇنداق قىلىپ جۇڭغارىيىدە بەش ئايچە تۇرغان بولدۇم. بۇ جەرياندا ئالا كۆلدىن تەڭرىتاغقىچە بولغان كەڭ زېمىننى كېزىپ چىقتىم. شۇ يىلى يەنە جىرغىلاڭ دەرياسىنى بويلاپ تەڭرىتاغقا چىقتىم. مەن بۇ يەردە پەقەت ئىلگىرىكىلەر تىلغا ئالمىغان، بايقىمىغان مەسىلىلەرنى، جۈملىدىن، جۇڭغارىيىدىكى ھايۋانلار، تارىخىي مىراسلار ۋە مىللەتلەر توغرىسىدىكى مەسىلىلەرنى سۆزلەپ ئۆتمەكچىمەن. جۇڭغارىيىدىكى ھايۋانلار توغرىسىدا بىز

ئاز ـ تولا مەلۇماتقا ئىگە. ئالېكساندىر شرېنك ئەپەندى ئۆز پاراستىنى ئىشقا سېلىپ بۇ تېما ئۈستىدە قېتىرقىنىپ ئىزدەندى ھەم ئۆزىنىڭ گېرمان تىلىدا ئېلان قىلىنغان ئېسىل ئەسىرىدە جۇڭغارىيىنىڭ ئۆسۈملۈكلىرىنى تونۇشتۇردى. ئۇنىڭ بۇ ئەسىرىنى 1840 ـ يىلى گېلمېرسېن ۋە بېر ئەپەندىلەر نەشر قىلدۇردى. تەڭرىتاغدىكى ئۆسۈملۈكلەرگە سېمېنوف ③ ئەپەندىمۇ قىزىقاتتى. شۇڭلاشقىمىكىن ئۇ كىشىدە قۇرۇتۇلغان ئۆسۈملۈك ئەۋرىشكىلىرىمۇ باردەك قىلاتتى. دوكتور تاتارىنوف ④ ئې.پ.كوۋالېۋسكىي ⑤ نىڭ غۇلجا سەپىرى جەريانىدا توپلىغان ئۆسۈملۈكلىرىنىڭ تىزىملىكىنى تۈرغۇزۇپ ئۇنى ئۇلانگالى ئەپەندىنىڭ ئەسىرى بىلەن قوشۇپ بىرلىكتە نەشر قىلدۇرغان. كارلىن ئەپەندى يەتتىسۇ رايونىنىڭ تەبىئىي بايلىقلىرى ۋە جانلىقلىرى ھەققىدە ئاز ـ تولا بىر نەرسىلەرنى ئېلان قىلغاندەك قىلىدۇ. موسكۋادىكى تەبىئەت تەتقىقات جەمئىيىتى نەشر قىلغان ئەسەرلەردە ئاياكوموف ئەپەندى ئەۋەتىپ بەرگەن قۇش، قۇرت، يىلان، قوڭغۇز تۈرىدىكى ئەۋرىشكىلەرنىڭ شەكلىگە ئاساسەن تەسۋىرلەنگەن بەزى مەلۇماتلار بېرىلدى. مەن ئىسسىقكۆل ئەتراپلىرىدىن قۇشلار ۋە ھاشاراتلارنىڭ بىر قىسىم ئەۋرىشكىلىرىنى يىغۇۋالغانىدىم، بىراق مەن يوق چاغدا بىر بۇرادىرىم مەندىن بىسوراق بۇ نەرسىلەرنى دىرېزدىنگە ئەۋەتىۋېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ نەرسىلەر قولۇمدىن چىقىپ كەتتى. ئەسلىدە يېقىنقى زامانلاردا ئالاكۆل بىلەن بالقاش كۆلىنى بىر كۆل ئىدى دەپ قاراشقا بولىدۇ. سەۋەبى قازاقلارنىڭ دېيىشىچە، يازدا كەلكۈن كەلگەندە بۇ ئىككى كۆلنىڭ سۇلىرى ئارىلىقىدىكى زەيكەشلەر ئارقىلىق قوشۇلۇپ كېتىدىكەن. مانا مۇشۇ زەيكەش تۇپراقنى سېمېنوف ئەپەندى قازاق يايلاقلىرىنىڭ ئاخىرلىشىپ، تۇپراق، ھايۋانات ۋە ئۆسۈملۈكلىرى ئۆزگىچە بولغان ئوتتۇرا ئاسىيا ۋادىسى باشلىنىدىغان تەبىئىي پاسىل دەپ قارايدۇ. مېنىڭچە، جۇڭغارىيىدىكى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئانچە ئۆزگىچىلىكلىرى يوق. تۈزلەڭلىك ئۆسۈملۈكلىرى قازاق يايلاقىنىڭ جەنۇبىدىكى ئۆسۈملۈكلەرگە، تاغ ئۆسۈملۈكلىرى ئالتايدىكى ئۆسۈملۈكلەرگە ئاساسەن ئوخشايدۇ. ئەمما ھايۋانلىرى باشقىچىرەك. جۇڭغارىيىدىكى ھايۋانلارنى تاغ ھايۋانلىرى، تاغ ئارىلاش رايون ھايۋانلىرى ۋە تۈزلەڭلىك ھايۋانلىرى دەپ ئۈچ خىلغا ئايرىشقا بولىدۇ. ئالاتاۋ ۋە تەڭرىتاغ ئەتراپلىرىدا جەنۇبىي سىبىرىيە ۋە قازاق يايلاقلىرىدىكىگە ئوخشاش بۇغا، تاغ ئۆچكىسى، ئارقار، بۆرە، قوڭۇر تۈلكە، قىزىل تۈلكە، ئاق سۆسەر دېگەندەك بىر قىسىم سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلار ياشايدۇ. قازاقلار يەنە بۇ يەردە ئىتقا ئوخشاپ قالىدىغان شىيۆرە دەپ ئاتىلىدىغان رەڭگى قىزغۇچ كەلگەن بىر ھايۋان بار دېيىشىدۇ. بۇ ھايۋان چىل بۆرىگە ئوخشىسىمۇ، ئەمما ئېگىز تاغلاردا ياشايدۇ. شۇڭا ئۇ چىلبۆرە بولماستىن ئالپىس تاغلىرىدا ياشايدىغان ئىتلار بىلەن نەسلداش بىر خىل ھايۋان بولۇشى مۇمكىن. جۇڭغارىيىدە يىرتقۇچ قۇشلاردىن قاراقۇش، بۈركۈت، شۇڭقار، قارچىغا قاتارلىقلار بار. بۇ يەردە ئالا شۇڭقار يوق. كېچىدە ئۇچىدىغان يىرتقۇچ قۇشلارنىمۇ ئۇچراتمىدىم. قازاقلار يەنە بۇ يەردە سېغىزخانلار ئائىلىسىگە كىرىدىغان قۇشلاردىن تاغدا ياشايدىغان ئۇلار، خورازغا ئوخشاپ قالىدىغان ساڭراۋقۇر ھەم بۇدۇنە، كەكلىك دېگەندەك قۇشلارمۇ بار دېيىشىدۇ. تاغ ئارىلاش رايونلاردا يولۋاس، تاغ قاپلىنى، ياۋا تۆڭگۈز، بۆكەن، جەرەن، كىرپە، قىرغاۋۇل، كەپتەر دېگەندەك ھايۋانلار ياشايدۇ. ئورمانلىقلاردىمۇ ھەر خىل قۇش تۈرلىرى بار. جۇڭغارىيىدە سۇ قۇشلىرى بىلەن ئۇزۇن پۇتلۇق قۇشلار يوق دېيەرلىك. پەقەت قوڭۇر غاز دەپ ئاتىلىدىغان بىر قۇش بار. ئومۇمەن جۇڭغارىيىدىكى ھايۋانلارنىڭ كۆپچىلىكى جەنۇبىي قازاق دالىسىدىكى ھايۋانلارغا ئوخشايدۇ. شۇنىسى قازاق دالىسىدىكى كېيىك، ياۋا ئات دېگەندەك بىر قىسىم سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلار جۇڭغارىيىدە يوق، ئەكسىچە جۇڭغارىيىدە يىرتقۇچ قۇشلار، سېغىزخان تۈرىدىكى قۇشلار ۋە ئۆمىلىگۈچىلەر بولۇپ يەنە بىر قىسىم ئۆزگىچە ھايۋانلار ياشايدۇ. بالقاش كۆلىدىن تاغ قاپتاللىرىغىچە بولغان چۆللۈك قارقۇم، قانتاۋ، بورسىق چۆللۈكىنىڭ داۋامى بولۇپ بۇ يەرنىڭ ئانچە قىزىقۇچىلىكى يوق. بۇ يەردىمۇ قازاق دالىسىدىكىدەك شورلۇق يەرلەر بار. سازلىقلار بىلەن چۇ دەرياسى ۋادىسىدىكى دالىدا ياۋا ئات بىلەن كېيىكلەر توپلىشىپ ياشايدىغان بولۇپ، ئۇلار مېرىدىئاننىڭ كۈن چىقىش تەرىپىگە ئۆتمەيدۇ. بىرقانچە يىللار ئىلگىرى بۇ يەردە ھاۋا پەۋقۇلئاددە سوۋۇپ جۇت شۇرىغان بولغاندا

ياۋا ئاتلار بىلەن كىيىكلەر توپ ـ توپ بولۇشۇپ ئىلى دەرياسىنىڭ جىلغىسىنى بويلاپ ئۇزاپ كەتكەن ھەم ئەتىياز كېلىشى بىلەن قايتىپ كەلگەن. مەن ئىلى دەرياسى ۋادىسىدىكى قالقانتاۋ (قالقانتاغ) ۋە قاتۇتاۋ (قاتۇتاغ) تاغلىرى ئەتراپىدا بىر توپ ياۋا ئات ئۇچراتتىم. قازاقلارنىڭ دېيىشىچە بۇلار بىر قېتىملىق ئۆلۈمدىن ئېشىپ قالغان ياۋا ئاتلار ئىكەن. دېمەك جۇڭغارىيە زېمىنى ئوتتۇرا ئاسىيا ياۋا ئاتلىرى بىلەن موڭغۇل چۆللۈكىدىن كەلگەن ئاتلارنى، ئويمانلىق بۆكەنلىرى بىلەن تاغ بۆكەنلىرىنى ئايرىپ تۇرىدىغان تەبىئىي پاسىل بولۇشى مۇمكىن. بۇنداق پاسىللار يەرلىك قوۋملارغا بەش قولدەك ئايان. ئالاتاغنىڭ ئېتەكلىرىدە چوڭقۇر كولانغان خەندەكلەرنىڭ ئىزنالىرى ئۇچراپ تۇرىدۇ. قازاقلارنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە بۇ ئىلگىرى جانىبەگ خان ياۋا ئاتلارنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن قازدۇرغان خەندەكلەر ئىكەن. رىۋايەتتە دېيىلىشىچە، خاننىڭ ئوغلى ئات مىنىشنى ئۆگىنىۋاتقاندا بىر توپ ياۋا ئاتلار ئۇنىڭ ئېتىنى ئەگەشتۈرۈپ كېتىپ ئوغلى قازاغا ئۇچراپتۇ. خان غەزەپكە كېلىپ تارباغاتايدىن ئىلى دەرياسىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى يەرلەرگە خەندەك قازدۇرۇپ ياۋا ئاتلارنى يىقىتىپ ئۆلتۈرۈپتۇ. ئامان قالغان بىر جۈپ ئەركەك ـ چىشى ياۋا ئات بالقاش كۆلىنىڭ ئۇ تەرىپىگە قېچىپ بېرىپ جۈپلىشىپ كۆپىيىپ، ئەۋلادلىرىغا ئەمدى بۇ تەرەپلەرگە كەلمەسلىك ھەققىدە ۋەسىيەت قالدۇرۇپتۇ. ھازىر روسىيىگە تەۋە بولغان جۇڭغارىيە زېمىنى ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ تارىخىدا ئالاھىدە ئورۇن تۇتۇپ كەلگەن. ئەبۇلخازى باھادىرخان ⑥ ئۆز ئەسىرىدە ئەبۇ ۋەلەدخان ئىيفات ئوغلى چۇ، تالاس دەريالىرى بىلەن ئىسسىقكۆل ئەتراپلىرىدىكى چارۋىچى تۈركىي تىللىق قوۋملارنىڭ يولباشچىسى ئىدى، دەپ يازىدۇ. جۇڭگونىڭ تارىخ مەنبەلىرىگە قارىغاندا گوبى چۆللۈكىدىن كۆچۈپ كەلگەن نۇرغۇن مىللەتلەر بۇ يەرگە كېلىپ بىر مەھەل ماكانلىشىپ كېيىن كۈچلۈك دۈشمەنلىرى تەرىپىدىن قوغلاپ چىقىرىلغان. دېمىسىمۇ جۇڭغارىيە چارۋىچى قوۋملارغا تولىمۇ باپ كېلىدۇ. تاغ جىلغىلىرى تومۇز ئىسسىقتىمۇ سالقىن بولغاچقا مال ـ چارۋىلار ياز بويى چىۋىن كۆرمەي، بەھۇزۇر ئوتلايدۇ. كۈزدە چارۋىچىلار تۈزلەڭلىكتىكى قىشلاقلارغا قايتىپ چۈشۈپ زىرائەتلىرىنى يىغىۋالىدۇ ـ دە، قىش كىرىشى بىلەن دەرياغا يېقىن ئورمانلىقلارغا ياكى ئوتتۇن ـ سۇلىرى مول بولغان بالقاش كۆلى ئەتراپلىرىغا بېرىپ پاناھلىنىدۇ. چارۋىچىلار ئۈچۈن ئوتتۇن بىلەن سۇ ناھايىتى مۇھىم. چۈنكى موڭغۇل چۆللۈكىدىكى چوڭ خاننىڭ چېدىرىدىمۇ تېزەك قالىغان ئەمەسمۇ؟ جۇڭغارىيىدە چارۋىچىلىق ئاساسىي ئورۇندا تۇرسىمۇ، ئاز ـ تولا ئولتۇراق ئىگىلىكمۇ بار. بۇ توغرىسىدا، جۈملىدىن، قەدىمكى سىگا شەھىرى توغرىسىدىكى دەسلەپكى خاتىرىلەرنى بىز جۇڭگو تارىخىدىكى مەنبەلەردىن تاپالايمىز. بۇ شەھەرنىڭ ئورنى ئىسسىقكۆلنىڭ شەرق تەرىپىدە بولۇپ ئۇنى ئۇيسۇن كۆنبىيگە ئاتاپ جۇڭگولۇق ئىشلەمچىلەر بىنا قىلغان بولۇشى مۇمكىن. ئوتتۇرا ئەسىرلەردە بۇ يەردىكى ئىلى دەريا ۋادىسىدا ئولتۇراق تۇرمۇش ئومۇملىشىپ بولغان بولۇپ ئالمىلىق، خونىقاي، قاينۇق، ئالمۇتا شەھەرلىرى سودا ـ سېتىق بىلەن نام چىقارغان ھەم بۇ يەرلەر گېنۇيە سودىگەرلىرىنىڭ قەدىمكى جۇڭگوغا، قىپچاق ئەلچىلىرىنىڭ ئۇلۇغ خاقاننىڭ دەرگاھىغا بېرىشىدىكى چوڭ قاتناش تۈگۈنىگە ئايلانغان. دىققەتكە سازاۋەر يەنە بىر ئىش، بۇ رايوندا خرىستىئان دىنىنىڭ نېستورىيان ۋە مونوفىزىتىيە مەزھىپىنىڭ تارقالغانلىقى توغرىسىدىكى بىر قىسىم ئالامەتلەر ساقلىنىپ قالغان. كاتالان خەرىتىسىگە ئاساسلانغاندا ئىسسىقكۆل بويىدا قەدىمكى سۈرىيىدىكى ياكوبىد دىنىنىڭ ئەۋلىياسى ماتخىي دەپنە قىلىنغان بىر ئىبادەتخانا بار. خرىستىئان دىنى بۇ يەردە تارقىلىشى بىلەن يەنە قارشىلىققا ۋە چەتكە قېقىشقا ئۇچرىغان. 16 ـ ئەسىرلەردە ئىسسىقكۆل ۋادىسىدا بىرمۇنچە مۇسۇلمان مەھەللىلىرى شەكىللىنىشكە باشلىغان. ئەپسۇسكى، مەن بۇ يەرلەردە تۈزۈكرەك بىرەر خارابە ئۇچرىتالمىدىم. چۈنكى قىرغىزلار كونا ئىمارەتلەرنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك لاما بۇتخانىلىرى دەپ قاراپ بۇزۇپ تاشلاپتۇ. 1820 ـ يىلى ئىسسىقكۆلگە كەلگەن بىر جۇڭگولۇق ماڭا بۇ يەردە ناھايىتى چوڭ بىر تاش بۇتنى كۆرگەنلىكىنى ئېيتقان بولسىمۇ، مەن شۇنچە ئىزدەپمۇ بىرەر بۇتنىڭ ئىزناسىنى تاپالمىدىم. مەن بۇ يەردە ئولتۇراق تۇرمۇشنىڭ شەكىللىنىشىگە ئائىت خارابىلەرنى ئىزدىدىم ۋە بۇ ھەقتە خەلق ئارىسىدا ساقلىنىپ قالغان رىۋايەتلەرنى توپلىدىم. قەدىمكى ئالمىلىق شەھىرى

خارابىلىكىدىن تېپىلغان بىرمۇنچە ئالتۇن جابدۇق ۋە تىللا
پۇللارنى قولغا چۈشۈردۇم. مەن بۇ ھەقتە ئايرىم توختال-
ماقچىمەن. مەن پەقەت كانچىلىققا ئائىت ئازراق قىستۇرما
بېرىپ ئۆتەي: مەن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئىچكى قۇرۇقلۇق
قىسمىدىن ئىلگىرى ئىشلىتىلگەن كان قۇدۇقلىرىنىڭ ئور-
نىنى تاپتىم. شۇڭا كانچىلىقنى پەقەت فىند خەلقلىرىگىلا
خاس كەسىپ ئىدى دەپ قارىساق بولمىغۇدەك. تارىخىي
پاكىتلار بىزگە بۇ كەسىپتە فىند خەلقلىرىگە قارىغاندا
تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئالدىدىراق ماھىرلىقىدىن
دېرەك بېرىۋاتىدۇ. چۈنكى جۇڭگونىڭ تارىخ مەنبەلىرىدە
قەدىمىي تۈركلەر روران خانلىقىنىڭ كان قېزىپ، تۆمۈر
ئېرىتكۈچىلىرى ئىدى، دەپ يېزىلغان. سىبىرىيىنى بوي-
سۇندۇرغان تاتارلارنىڭ بىر قىسمى ئۆزلىرىنى تۆمۈرچە-
لەر ئەۋلادى دەپ ئاتىغان. چۈنكى ئۇلار دائىم تۆمۈر
تاۋلاش بىلەن مەشغۇل بولۇپ موڭغۇللار بىلەن فىن
خەلقلىرىنى تۆمۈر قوراللار بىلەن تەمىنلەپ تۇرغان.
جۇڭگو تارىخىدىكى مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا خەن سۇلا-
لىسى دەۋرلىرىدە ئوتتۇرا ئاسىيادا كۆك كۆز، سېرىق چاچ
كەلگەن ئالتە قوۋم ياشىغان. كلاپروت ⑦ ۋە رېمونزا ⑧
ئەپەندىلەر ئۇلارنى ھىندى ـ ياۋروپا ئىرقىغا مەنسۇپ
دەپ قارايدۇ. قەدىمكى خاككاسلار (قىرغىزلار) بىلەن
ئۇيسۇنلار ئەنە شۇ ئىرققا كىرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئات يۈزلۈك
كەلگەنلىكىگە قاراپ جۇڭگولۇقلار ھەيران قېلىشقان. ھازىر
جۇڭغارىيىدە ئاساسەن ئىككى خىل قوۋم ياشايدۇ. ئۇنىڭ
بىرى بۇيرۇتلار (ھەقىقىي قىرغىزلار)، يەنە بىرى ئۇيسۇن
دەپ ئاتىلىدىغان چوڭ يۈز قازاقلىرى. ئۇيسۇن قەبىلىلىرى
ئىچىدە ئۆزلىرىنى ئەڭ كۈچلۈك قوۋملارنىڭ ئەۋلادلىرى
دەپ ماختىنىپ يۈرىدىغان سېرىق ئۇيسۇن ناملىق يەنە بىر
قەبىلە بار. مەن ئۇزاقتىن بېرى قازاق، قىرغىزلارنىڭ چۆ-
چەك، رىۋايەت، قىسسە، داستانلىرىنى توپلاش جەريانىدا بۇ
نەرسىلەرنىڭ ياۋروپا خەلقلىرىنىڭكىگە، بولۇپمۇ سلاۋ-
يانلارنىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدىغانلىقىدىن ھەيران قالدىم
ھەم بۇ ئەھۋاللارغا قاراپ قەدىمدە ئوتتۇرا ئاسىيادا ھىن-
دى ـ ياۋروپا ئىرقىدىكى خەلقلەر بىلەن تاتار ئىرقىدىكى
خەلقلەر بىللە ياشاپ ئۆزئارا سىڭىشىپ كەتكەن بولۇشى
مۇمكىن دېگەن قاراشقا كەلدىم. مەن بۇ گۇمانىي قاراشنىڭ
توغۇنىنى چوڭ يۈز قازاقلىرى ئارىسىدىن مول ماتېرىيال-
لارغا ئېرىشىش ئارقىلىق يەشمەكچى بولغانىدىم، ئەمما بۇ
ئىشنى قىلالمىدىم. چۈنكى مەن قازاقلار ئارىسىدا بىرەر
مەدداھ ياكى قوشاقچى تاپالمىدىم. بۇ خەلقنىڭ ئارىسىدا
ناخشا ـ قوشاقلار بەكمۇ ئاز. ئەگەر بار دېسەك يەنىلا شۇ
ئاق ئۆچكە بىلەن قارا يورغا توغرىسىدىكى كونا پەدىلەر
بولۇپ، ئاھاڭى بۇيداي تالىم دېگەن ناخشىنىڭ ئاھاڭىغا
ئوخشاشلا بىر خىل. ئۇيسۇنلار (چوڭ يۈزدىكى قازاقلار)
ناخشا ـ قوشاقچىلىقتا بىتەلەي يارالغان خەق بولۇپ، بۇ-
نىڭغا ئۆزلىرىمۇ ئىقرار. ئۇلاردا مۇنداق بىر رىۋايەت بار:
بۇرۇنقى زاماندا ناخشا ئىلاھى بارچە ئىقلىمنى كېزىپ يۈ-
رۈپ ئىنسانلارغا ناخشا ئۆگىتىپتۇ. ئۇ بىر ئايالمىش. ئۇ
بەزى يەرلەردە خېلى ئۇزاق تۇرىدىكەن، بەزى قوۋملار
ئۇنىڭ ناخشىسىنى يىراقتىنلا ئاڭلىيالايدىكەن. ئۇ بەزىدە
تىنچ كەلسە بەزىدە بوران-دەك ھۇۋلاپ كېلىدىكەن. ناخشا
ئىلاھى ئوتتۇرا يۈزدە ئۇزاق تۇرۇپتۇ. چوڭ يۈزدىكىلەر
ئۇنىڭ ئاۋازىنىلا ئاڭلىغان بولغاچقا پىششىق ئۆگىنەلمەي
ناخشىلىرىنى ئۇنتۇپ كېتىشىپتۇدەك. مەن بۇ يەردىكى
بۇيرۇت، نوغاي ناخشىلىرىدىكى بىر قىسىم ھىندى ـ ياۋ-
روپا ئاھاڭلىرىغا قاراپ بۇ ئاھاڭلارنىڭ ئۇلارنىڭ سلاۋيان
مىللەتلىرى، بولۇپمۇ، رۇسلار بىلەن ئارىلىشىش داۋامىدا
شەكىللەنگەنلىكىنى پەرەز قىلدىم.

ھازىر مەن جۇڭغارىيە توغرىسىدا ئېتنوگرافىيىلىك
ئوچېركلار، سانلىق مەلۇماتلار، تارىخىي مەلۇماتلار، ئۇي-
سۇن، قىرغىزلارنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا دائىر ماتې-
رىياللار بولۇپ توپلىغان نەرسىلىرىم بىرقانچە دەپتەر كې-
لىدۇ. ھۆرمەتلىك ئەپەندىلەر مەن ئاخىرىدا ھەرقايسىڭىز-
لارغا پۈتۈنلەي ناتونۇش بولغان بۇيرۇتلار ھەققىدە
توختىلىپ ئۆتەي. چوڭ يۈزدىكى قازاقلار ھەققىدە توخ-
تالمايمەن. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئەھۋالى سىبىرىيە ۋە ئورىن-
بۇرگ تەرەپتىكى قازاقلار بىلەن ئوخشاش. مەن بۇيرۇتلار
بىلەن ئۇيسۇنلارنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىشكە بولمايدۇ، دەپ
قارايمەن. بۇ خىل قاراشنى ئىلگىرى لېفشىن ئەپەندى بىلەن
مېيىندروف ئەپەندى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. ئەمما ھېچكىم
بۇنى قۇۋۋەتلىمىگەچكە بۇ گەپلەر ھازىر جىمىپ كەتتى.
ھەتتا ھۇمبولت ⑨ ئەپەندى بىلەن رىتتېر ئەپەندىمۇ بۇ
قاراشنى خوپ كۆرمىدى. ئۇلار: قازاقلارنىڭ چوڭ يۈزى
ئەمەلىيەتتە بۇيرۇت قەبىلىلىرىدىن ئىبارەت. شۇڭا ئۇلار-

نى كىچىك يۈز ۋە ئوتتۇرا يۈزدىكى قازاقلاردىن ئايرىپ قاراش كېرەك، دېگەننى تەشەببۇس قىلدى. مانا بۇ ھۆرمەتلىك ئالىملىرىمىزنىڭ چوڭ سەۋەنلىككە يول قويۇشىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. چوڭ يۈز، ئوتتۇرا يۈز، كىچىك يۈز دېگەنلەر ئەمەلىيەتتە قازاقتىن ئىبارەت بىر مىللەتنى كۆرسىتىدۇ. ئۇلار جۇڭگولۇقلارغا، بۇيرۇتلارغا، رۇسلارغا ۋە قارا قىرغىزلارغا ئوخشىمايدىغان باشقا بىر خەلق. بۇيرۇتلار بىلەن قازاقلار تىلى، ئۆرپ ـ ئادەتلىرىمۇ ئوخشىمايدىغان ئىككى مىللەتنى كۆرسىتىدۇ. ھەتتا ئۇلارنىڭ چىرايلىرىمۇ ئانچە ئوخشاپ كەتمەيدۇ (مەن 1858 ـ يىلى سىزغان بورانباي ماناپنىڭ سۈرىتى بىلەن 1848 ـ يىلى ئومبى شەھىرىدە سىزغان 2 ـ سۈرەتكە قارىسىڭىز بىلىسىز).

چىراي شەكىللىرىگە ئاساسلانغاندا ئوتتۇرا ئاسىيالىقلارنى پارسلار، موڭغۇل ئىرقىدىكىلەر ۋە تۈركىي تىللىق خەلقلەر دەپ ئۈچ خىلغا ئايرىشقا بولىدۇ. پارسلارنىڭ تاغدىكىلىرى گالچە، تۈزلەڭلىكتىكىلىرى تاجىك دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇلار كافكاز ئىرقىغا مەنسۇپ بولۇپ، قارامتۇل ھەم چاچلىرى قويۇق كېلىدۇ. گالچىلار ئارىسىدا سېرىق چاچلىقلارمۇ ئۇچراپ قالىدۇ. موڭغۇل ئىرقىدىكىلەر دېگىنىمىز قالماقلارنى كۆرسىتىدۇ. ئۇلار قارامتۇل، قارا چاچلىق، ئات يۈزلۈك، قىسىق كۆزلۈك، پاناقراق كېلىدۇ. ئوتتۇرا ئاسىيادا يەنە باشقا خەلقلەرمۇ بولۇپ ئۇلار مەيلى موڭغۇل ـ تۈرك تىپىدىكىلەر بولسۇن ياكى تۈرك ـ ھىند تىپىدىكىلەر بولسۇن پەرقلەنمەس دەرىجىدە ئارىلىشىپ كەتكەن. ئۇلار ئارىسىدا موڭغۇللاردەك تىك قاشلىق، قىسىق كۆزلۈكلەرمۇ، رىملىقلاردەك سېرىق چاچ، كۆك كۆز، قاڭشارلىق، ئىلمەك بۇرۇنلۇقلارمۇ بار. ئومۇمەن ئۇلاردا كافكاز ئىرقى بىلەن موڭغۇل ئىرقى ئارىلىشىپ كەتكەندەك قىلىدۇ.

سەپىرىمىزنىڭ 2 ـ باسقۇچى نارىن دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىدىن باشلاندى. نارىن دەرياسى—سىر دەرياسىنىڭ مۇھىم بىر تارمىقى بولۇپ سېمېنوف ئەپەندى پەقەت مۇشۇ يەرگىچە تەكشۈرۈپ قايتىپ كەتكەن. مېنىڭ كۆز ئالدىمدا بىر بىپايان سىرلىق زېمىن تەكشۈرۈپ چىقىشىمنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. مەن شارائىتنىڭ قانچىلىك جاپالىق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر سەپەر جەريانىدا خاتىرە يېزىشنى ئۈزۈپ قويمىدىم. قەشقەردىكى چېغىمدىمۇ بىر تەرەپتىن خاتىرە يازسام يەنە بىر تەرەپتىن شۇ يەرلىك كىشىلەر، ئىلىم ئەھلىلىرى ۋە ئەمەلدارلار بىلەن دوستلۇق ئورناتتىم. شۇڭا مەن قەشقەر كوچىلىرىدا بىمالال ھەرىكەت قىلىپ بۇ جەلپكار شەھەرنى ئالا قويماي تەكشۈرۈپ چىقالىدىم.

مەن قەشقەردە ھەرقايسى ئەللەردىن كەلگەن ھەر خىل مىللەتلەرگە تەۋە سودىگەرلەر بىلەن ئۇچرىشىپ قوشنا ئەللەردىكى مىللەتلەر ئەھۋالى، سان ـ ساناقلار ۋە سودا ئاخباراتىغا دائىر ئەھۋاللارنى ئىگىلىدىم. ئوتتۇرا ئاسىيا سودىگەرلىرىنىڭ قانداق سودا قىلىدىغانلىقىنى، قەشقەرگە قانداق ماللارنى ئەكىلىدىغانلىقىنى، سودا دەستۇرلىرىنى ۋە سودا ئېقىمىنىڭ قايسى دەرىجىدە ئىكەنلىكىنى بىلىپ چىقتىم.

مېنىڭ سەپەر خاتىرىلىرىمنى ئۈچ خىلغا ئايرىشقا بولىدۇ: بىرىنچىسى، ئۆزۈم تەكشۈرۈپ خاتىرىلىگەنلىرىم؛ ئىككىنچىسى، ئىشەنچلىك كىشىلەر تەمىنلىگەن ۋە باشقا يوللار بىلەن راستلىقى ئىسپاتلانغان ماتېرىياللار؛ ئۈچىنچىسى، قولىيازما ساتىدىغانلار ئەكىلىپ بەرگەن قولىيازمىلار، ئەمەلدارلار تەمىنلىگەن ھۆكۈمەت مەكتۇپلىرى بىلەن كىتابلاردىن كۆچۈرۈۋېلىنغان ھۆججەتلەردىن ئىبارەت.

مەن ھازىر بىر تەرەپتىن خاتىرىلىرىمنى رەتلەۋاتىمەن، يەنە بىر تەرەپتىن ھەربىي شتاپ گېنېرالى جانابلىرىنىڭ ھاۋالىسى بويىچە ئەڭ يېڭى سىزما ئىسپاتلار ۋە خەرىتىلەر بۆلۈمىدىكى ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىپ، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ خەرىتىسىنى ئىشلەۋاتىمەن.

مەن قەشقەردىكى چېغىمدا شۇ يەرنىڭ ئاھالىلىرى سۆزلىشىدىغان تىل ئۇيغۇر تىلىنى ئۆگەندىم. بۇ تىل ياۋروپا تىلشۇناسلىرىغا ناتونۇش بولغان بىر تىل بولۇپ، ئۇلار پەقەت چاغاتاي تىلىغا ئوخشاش كىتابىي تىلنىلا بىلىدۇ. كىچىك بۇخارا (قەشقەر)دە يەنە خەنزۇچە ئارىلىشىپ كەتكەن بىر خىل يامۇل تىلىمۇ بار. مەن پات ئارىدا بۇ تىل ھەققىدە ماقالە يېزىپ، ئارخېئولوگىيە ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىمەن. مەن ئۇيغۇر ئېغىز تىلىدىكى سۆز ۋە تۇراقلىق ئىبارىلەرنى توپلاپ بىر سۆزلۈك تۈزدۇم ھەم خەلق قوشاقلىرىنى خاتىرىلەپ چىقتىم. كىچىك بۇخارانىڭ تارىخى بىزگە ئانچە تونۇشلۇق ئەمەس. بۇ جاينىڭ تۆمۈرلەڭ زامانىغىچە بولغان تارىخىغا

2006.4

دائىر مەلۇماتلارنى جۇڭگو يىلنامىلىرىدىن ئۇچرىتىمىز. ئۇنىڭدىن كېيىنكى تارىخنى بىلىشتە مۇسۇلمان تارىخچىلارنىڭ ئەسەرلىرىگە مۇراجىئەت قىلىمىز.

مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كوراگان يەكەن خانلىقىنىڭ خانى ئابدۇرەشىد خاننىڭ ۋەزىرى بولۇپ، ئۇ كىشىنىڭ 16 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئابدۇرەشىدخانغا بېغىشلاپ «تارىخىي رەشىدى» ناملىق بىر ئېسىل تارىخىي ئەسەرنى يازغانلىقىنى كۆپ ئادەم بىلمەيدۇ. پېتىربۇرگ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ كۇتۇپخانىسىدا بۇ ئەسەرنىڭ پارسچە نۇسخىسى، پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ مۇزېيىدا تۈركىي تىلدىكى تەرجىمىسى ساقلانماقتا. ئەپسۇسكى، تۈركىي تىلدىكىسى تولۇق ئەمەس، پارسچىسىدا خاتالىقلار كۆپ. ئەھۋالدىن قارىغاندا ئۇنى پارسچىنى بىلمەيدىغان بىرسى كۆچۈرگەندەك قىلىدۇ. «تارىخىي رەشىدى» ئىككى قىسىمغا بۆلۈنگەن بولۇپ، بىرىنچى قىسىمدا تۇغلۇق تۆمۈرخاندىن ئابدۇرەشىدخان ھۆكۈمرانلىق قىلغان ھىجرىيە 962 ـ يىللار (مىلادىيە 1554 ـ يىللار)غىچە بولغان تارىخ بايان قىلىنىدۇ. ئىككىنچى قىسمى ئەسلىمىگە ئوخشاپ كېتىدىغان بولۇپ، مۇئەللىپ بۇ قىسىمدا ئۆز كەچۈرمىشلىرىنى بايان قىلغاچ تەڭرىتاغلىرى، بولۇر تاغلىرى ۋە تىبەت ئېگىزلىكلىرى توغرىسىدا نۇرغۇن جۇغراپىيىلىك ۋە ئېتنوگرافىيىلىك مەلۇماتلارنى بەرگەن. مىرزا ھەيدەر كوراگان ئاتاقلىق دوغلات قەبىلىسىدىن كېلىپ چىققان، ئۇنىڭ ئاتا ـ بوۋىسى موڭغۇل ئوردىسىدا ئىمتىيازلىق كىشىلەر ئىدى. ياۋروپا ئىلىم ساھەسى «تارىخىي رەشىدى»نىڭ نامىنىلا بىلىدۇ (ئاكادېمىيىمىزدىكى قوليازما نۇسخىسىمۇ تېخى تونۇشتۇرۇلمىدى). ئىشىم ئوڭغا تارتىپ مەن يەنە «تەزكىرەئى خوجىگان» ناملىق بىر قوليازمىنى تېپىۋالدىم. بۇ قوليازمىدا خوجىلار تارىخى بايان قىلىنىدۇ. خوجىلار 17 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا بۇددىست ئويراتلارنىڭ ياردىمىدە چىڭگىز ئەۋلادلىرى (يەكەن سەئىدىيە خاندانلىقىنى دېمەكچى ـ ت)نى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ كىچىك بۇخاراغا ھۆكۈمران بولۇۋالغانلار ئىدى. بۇ ئەسەر 1750 ـ يىلى مانجۇ قوشۇنلىرىنىڭ يەكەننى ئىشغال قىلىشىغىچە بولغان ۋەقەلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇڭا «تەزكىرەئى خوجىگان»نى «تارىخىي رەشىدى»نىڭ داۋامى دېيىشكە بولىدۇ. مەن قەشقەردە تاپقان قوليازمىلار ئىچىدە مۇھىمراق دەپ قارىغانلىرىم تۆۋەندىكىلەر: 1. «تەزكىرەئى سۇلتان سۇتۇق بوغراخان». سۇتۇق بۇغراخان ئىلىك خانلار (قارا خانلار) ئارىسىدا تۇنجى بولۇپ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان ۋە قەشقەرگە تارقاتقان كىشى؛ 2. «تەزكىرەئى تۇغلۇق تۆمۈرخان». تۇغلۇق تۆمۈرخان تۇنجى بولۇپ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان موڭغۇل خانى بولۇپ، بۇ ئەسەردە ئۇنىڭ ھايات پائالىيىتى بايان قىلىنغان؛ 3. «رىشاھەت». بۇ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى دىن پېشۋالىرى ۋە ئەۋلىيالار توغرىسىدىكى كىتاب؛ 4. «ئەبۇ مۇسلىم مەرۋەزى». بۇ بىر قەھرىمانلىق داستانى بولۇپ ئۇنىڭغا كۆپلىگەن رىۋايەتلەر كىرىشتۈرۈلگەن. مەن سەپەر داۋامىدا يەنە قەدىمىي پۇللارنى يىغدىم. بۇ پۇللار توغرىسىدىكى مەلۇماتلىرىم پەنلەر ئاكادېمىيىسى ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىندى. يىغقانلىرىم ئىچىدە يەنە يەكەن ئەتراپىدىكى مىرجا تاغلىرى بىلەن قاراقاش دەرياسىدىن چىقىدىغان قاشتېشى، بولۇر تاغلىرىنىڭ چەش، مىرامور، خىرۇستاللىرى، كېرىيە دەرياسىنىڭ ئالتۇن قۇملىرىمۇ بار. يەنە يەرلىك ماتا رەختلەر بىلەن نىگېر سودىگەرلەردىن ئالغان ماللارنىڭ نۇسخىلىرىمۇ بار. يۇقىرىقىلار مېنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا قىلغان سەپىرىمنىڭ ئومۇمىي خۇلاسىسىدىن ئىبارەت. مېنىڭ سەپىرىم 1858 ـ يىلى 28 ـ ماي كۈنى باشلاندى. شۇ كۈنى مەن قاپال شەھىرىگە 30 كىلومېتىر كېلىدىغان قارامولا دېگەن يەردە توختىغان كارۋانغا قېتىلدىم. بۇ قوقان ۋە بۇخارا سودىگەرلىرىنىڭ كارۋىنى بولۇپ، ئۇلار شەمەي تەرەپتىن كەلگەنىدى. كارۋاندا سەككىز چېدىر، 100 تۆگە، 65 ئات، 34 مۇلازىم ۋە كۈمۈش پۇل ھېسابىدا 20 مىڭ سوملۇق مال (تاۋار بۇيۇم) بار ئىدى. مەن كارۋان بېشىنىڭ تۇغقىنى ئالىمباي دېگەن سالاھىيەت بىلەن ئۇلارغا قوشۇلدۇم. 29 ـ ماي كۈنى، ھاۋا ئېچىلىپ بەرگەچكە بىز يولغا چىقىۋالدۇق. بىز قىزغالداق، سارشىمشىق گۈللىرى ھۆپپىدە ئېچىلغان مەنزىرىسى گۈزەل ئالاتاۋ جىلغىسىنى بويلاپ ئالتىن ئېمىل تاغلىرىغا قاراپ ئىلگىرىلىدۇق. 25 چاقىرىمچە ماڭغاندىن كېيىن كەچ كىردى. بىز بىر شاۋقۇنلۇق دەريانىڭ بويىدا توختاپ، بىر توپ ئاق تېرەك ۋە جىگدىلىكنىڭ يېنىغا چۈشكۈن سالدۇق. گۈلخاننى چۆرىدەپ ئولتۇرۇشۇپ نەغمە ـ ناۋا قىلغاچ ئارام ئالدۇق.

www.uyghurkitap.com



بۇخارالىقلار قاپاق ـ چىلىملىرىنى شورىغاچ خوجا هاپىز-
نىڭ غەزەللىرىنى تىڭشاتتى. ئەتراپتىكى قازاقلار قويغا
نەرسە ئالماشتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن يېنىمىزغا كېلىپ ـ كېتىپ
تۇردى. ئۇلارنىڭ قەبىلە باشلىقلىرىمۇ چاپارمەنلىرىنى
ئەگەشتۈرۈپ كېلىپ ئاراڭلاردا ئەڭ بېيىڭلار قايسى؟
دەپ، چېدىرمۇ چېدىر ئارىلاپ سوۋغا ـ سالام بېرىشى-
مىزنى تەلەپ قىلاتتى. هەر بىر چېدىر ئىگىسى نۆۋەتلە-
شىپ قارا چاي، نان، يەل ـ يېمىش دېگەن نەرسىلەرنى
ئۇلارغا تەقدىم قىلاتتى. قازاقلار بۇ نەرسىلەرنى قويۇنلى-
رىغا تىقىشىپ قارىشاتتى. بىر كۈنى ئولتۇرساق جالايىر
قەبىلىسىنىڭ باشلىقى جانغازى سۇلتان يېتىپ كەلدى. بۇ
بىر كالۋاراق ئادەم بولغاچقىمىكىن، ئالاتاۋ ئېلىنىڭ چوڭ-
لىرى ئۇنىڭغا بىر كىشىنى قوشۇپ بېرىپتۇ. قىرغىزلار
ئۇنى ياردەمچى دەپ ئاتىشىدىكەن. سۇلتانىنىڭ مىجەزى
غەلىتە بولۇپ، ئۇ چېدىرغا غازدەك ئىرغاڭلاپ كىرىپ
كەلدى ـ دە، ئۇدۇل تۆرگە چىقىپ بىر هازا بۇتتەك قېتىپ
ئولتۇرۇپ قالدى. هەممەيلەن جىم بولدۇق. بىر پەستىن
كېيىن ئۇ تەكشى بىر قارىۋېتىپ تۇلۇمدىن توقماق چىق-
قاندەكلا: جالايىردا قوي تولا، جانغازىدا ئوي، دەپ قو-
يۇپ يەنە جىمىپ كەتتى. ئارقىدىنلا باشقا قازاقلار گەپ
تەشتى. ئۇلار گېنېرال گوبېرناتورنىڭ ۋېرنىي قەلئەسىگە
قانداق كەلگەنلىكى، قازاقلارغا نېمىلەرنى دېگەنلىكىگە
ئوخشاش ئىشلارنى سۆزلەشتى. ئۇلار تېخى گېنېرالنىڭ
سۆزلىگەن چېغىدىكى هەرىكەت قىياپەتلىرىنىمۇ ئوخشىتىپ
دوراپ بېرىشتى. قازاقلار بىزدىن قانۇننى ئۆگىتىپ قو-
يۇشنى تەلەپ قىلىشتى. ئۇلار بۇنىڭ سەۋەبىنى چۈشەن-
دۈرۈپ مۇنداق دېيىشتى: رۇس كازاكلىرى ۋېرنىي قور-
غىنىنىڭ ئىشلىرى ئۈچۈن بىزدىن ئات ـ ئۇلاق ئۆتنە ئې-
لىپ كېيىن قايتۇرۇپ بەرمەيدىغان بولۇۋېلىشتى، كازاكلار
قانۇنىنىڭ يوچۇقلىرىنى بىلگەچكە بىزنى قاپقانغا دەسسە-
تىپ قويۇپ مال ـ چارۋىلىرىمىزنى ئوچۇق ـ ئاشكارا
هالدا ئەكىتىۋېرىدۇ. بىز ئەرز قىلىپمۇ يېڭەلمەيمىز، چار-
پادىشاهنىڭ ئادەملىرىگە تەڭ كەلگىلى بولامتىمۇ؟ ئۈچ
كازاك ئەسكىرى يوقاپ كېتىۋېدى بىز بالاغا قالدۇق.
گوبېرناتورنىڭ ئادىمى بىلەن ئۇنىڭ تەرجىمانى بىر قىش
دېگۈدەك قاراتالدىن كەتمەي تۇرۇۋېلىپ بىزنى ئاۋارە
قىلىۋەتتى. ئەزىبرايى خۇدا نەدىمۇ ئۇنداق ئادەم ئۆلتۈ-
رىدىغان ئىش بولسۇن.

گوبېرناتور تېخى قاتىلنى تېپىپ بەرمىسەڭلار كۆر-
گۈلۈكنىڭلارنى كۆرسىتىمەن، مېنىڭ قولۇمدىن هەر قانداق
يامانلىق كېلىدۇ. دېگەندەك گەپلەرنى قىلدى... قازاقلار
پولۇ يەپ تارقىدى، لېكىن چېدىر ئىچىدىكى پولۇنىڭ
مەززىلىك پۇرىقى ئۇزاققىچە تارقىمىدى. كارۋىنىمىز ئالتىن
ئېمىل داۋىنىدىن ئۆتۈپ تۈپتۈز بىر سايلىققا چىقتى.
شەرقىي شىمال شەرەپتىن كۈچلۈك شامال چىقتى. قازاقلار
بۇنداق شامالنى ئەبى دەپ ئاتىشىدۇ. يىراقتىن ئىلى
دەرياسى كۆرۈندى. بىز دەريادىن ئۆتۈشنى نىشانلاپ
مېڭىپ، قالقان تاغلىرى ئارىسىدىكى بىر بۇلاق بېشىغا
كېلىپ قوندۇق. بۇ يەر، يىلان ـ چايان، بۆرگە، قۇرت ـ
قوڭغۇزلارنىڭ ماكانى بولۇپ، بىر كېچە ئۇخلىماي ئۆرە
ئولتۇردۇق ـ دە، ئەتىسى سەهەر يۈرۈپ كەتتۇق. بىز
چىققان كېمە بەك كونا بولغاچقا ئىلى دەرياسىدىن ئىككى
كۈندە ئاران ئۆتۈپ بولدۇق. كېمىنى بىزنىڭ ئاتلىرىمىز
سۆرىدى، كېمىچىلەر كېمىگە كىرىۋالغان سۇلارنى چېلەككە
ئۇسۇپ دەرياغا تۆكۈپ تۇردى. بىز دەريادىن ئۆتۈپ،
قۇربانلىق قىلىۋېتىپ يولغا چىقىپ سۆگېتى، تور ئايغىر،
ئۈچمېركى داۋانلىرىدىن ئۆتۈپ، 17 كۈن بولغاندا قارقارا
جىلغىسىدا توختىدۇق. بىز بۇ يەردە ئالبان قازاقلىرىغا
تەۋە ئايتبوزىم قەبىلىسىدىكىلەرنىڭ ئاۋۇللىرى بىلەن
ئۇچراشتۇق هەم ئاۋۇللارغا بۆلۈنۈپ سودا قىلدۇق. بىز
كېلىشتىن ئاۋۋال ئايتبوزىم قەبىلىسى بىلەن قىزىلبۆرك
قەبىلىسى جېدەللىشىپ قېلىپ، رۇس ئەمەلدارىنىڭ كېلىپ
ئايرىپ قويۇشنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. ئەگەر دەۋادا كېلە-
شەلمىسە هەر ئىككى قەبىلە بۇ يەردىن كۆچۈپ كېتىدىغان
بولۇشۇپتۇ. راست دېگەندەك 4 ـ ئاۋغۇست كۈنى قازاقلار
كۆچۈشكە باشلاپ، كەچتە بۇ يەردە بىزنىڭ چېدىرىدىن
باشقا هېچقانداق ئۆي قالمىدى. بۇ ئىشلار بىزگە بىر ئاز
غەلىتىرەك تۇيۇلدى. كارۋانبېشى بىلەن چوڭ ياشتىكىلەر
قازاقلاردىن تېگىشىۋالغان 900 قوينى ئاز كۆردى بولغاي،
ئەمدى قىرغىزلار ئارىسىغا بارماقچى بولۇشتۇق. 6 ـ
ئاۋغۇست قىرغىزلارنىڭ سالمېكى قەبىلىسىنىڭ باشلىقى
قاراش چوڭنىڭ ئاۋۇلىغا يېتىپ باردۇق. بۇلار روسىيە
تەرەپكە بويسۇنىدىكەن. قاراش توپاقتەك يوغان هەم
سېمىز بولغاچقا چوڭ دەپ ئاتالغانىكەن. ئاڭلىساق ئۇنىڭ

يۇزبېشى بولۇپ ئۆسكۈسى بار ئىكەن. قاراش بېشىغا تۆپىسى ئۇچلۇق كەلگەن كىگىز قالپاق، ئۇچىسىغا ھەر خىل رەختلەردىن قۇراشتۇرۇپ تىكىلگەن، تىك ياقىلىق، ئالدىدا ئۈچ تال لەپىلىمىسى ساڭگىلاپ تۇرىدىغان قېلىن چاپان، پۇتىغا قىزىل خۇرۇم ئۆتۈك كىيىۋاپتۇ. ئۇنىڭ ئوغلىنىڭ ئۇستىۋاشلىرىمۇ دادىسىنىڭكىدىن قېلىشمايتتى. قاراشنىڭ يەنە چاپارمەنلىرى بولۇپ ئۇلار خىلمۇ خىل كىيىۋالغانىدى. ئۇلار ھاۋانىڭ ئىسسىق بولۇشىغا قارىماي كىگىز مالخاي، كىگىز جىلتىكە، جۇۋا دېگەندەك نەرسىلەرنى كىيىۋېلىشقانىدى. بۇ قىرغىزلار تېز ھەم چىرقىراق ئاۋازدا توختىماي سۆزلەپ، ھېرىپ قالسا ئېغىزلىرىغا ناس سېلىشاتتى. كېگېن دەرياسىنىڭ باش تەرىپىدىكى جايلار ئېگىز ھەم ئوت چۆپلىرى مول، دەريا ياقىلىرى ئوي ـ چوڭقۇر ھەم نەم ئارىلاش ئىدى. جۇغراپىيىدە مانا مۇشۇنداق ئۆزگىرىپ تۇتىشىپ كەتكەن مۇنبەت ۋە ئوت ـ چۆپلىرى مول يايلاقتىن ئۆچى بولۇپ، ئۇلار كېگېن تېكەس ۋە قارقارا دەريالىرى بويلىرىدا ئىدى. يايلاقنىڭ بىر تەرىپىدە بىر مۇنچە چېدىر ئۆينىڭ قالدۇقلىرى بولۇپ، ئىلگىرى بۇ ئۆيلەردە قالماق ئەسكەرلىرى يېتىپ شۇ ئەتراپتىكى بىر كاننى قوغدىغانىكەن. ھازىر بۇ كاننى تاشلىۋېتىپتۇ. بىز شۇ كۈنى كەچتە شالكۆدە دەرياسىنىڭ بويىغا بېرىپ قوندۇق. كېچىچە قار يېغىپ ھاۋا سوۋۇپ كەتتى. قار ـ شىۋىرغان قاتتىق بولغاچقا، ئەتراپتىكى قىرغىزلار بىلەنمۇ ئالاقە قىلالمىدۇق. تۆتىنچى كۈنى بولغاندا قىرغىزلار كېلىپ، بىزنى ئاۋۇل ـ ئاۋۇللارغا ئورۇنلاشتۇردى. مەن مامرازىق دېگەن بىر سەپدىشىم بىلەن بورسىق بەگنىڭ ئاۋۇلىغا باردىم. بورسىق قىرغىزلارنىڭ قەدىق قەبىلىسىنىڭ باشلىقى ئىكەن. بىز ئالدى بىلەن قەبىلە باشلىقىنىڭ ئۆيىگە سالامغا باردۇق. بۇ ئىسلىشىپ قارىداپ كەتكەن بىر ئۆي بولۇپ، بورسىق ئۆيىنىڭ تۆرىگە چىقىۋاپتۇ. ئۇنىڭ سول تەرىپىدە خوتۇنى بىلەن قىزلىرى قاتار ئولتۇرۇشۇپتۇ. بۇ خوتۇن تىلىنىڭ ئاستىغا ناس سېلىۋېلىشنى ھېسابقا ئالمىغاندا خېلى تۈزۈك خوتۇندەك قىلاتتى، ئۆي ئىچى رەتسىز بولۇپ، بىر تەرەپتە قاچا ـ قۇچىلار، يەنە بىر تەرەپتە ئوتۇن، تەمەچلەر بىلەن لاتا ـ پۇتىلار چېچىلىپ ياتاتتى. بۇلۇڭدا بىر قىرغىز ئۆتۈك ياماپ ئولتۇراتتى. بورسىق بىر نېمە بۇيرۇۋېدى، خوتۇنى چاپانغا يۆگەپ قويغان ئىدىشنى ئېچىپ، ئاش يۇقى ئەۋرىقلارنى يالىۋېتىپلا قىمىز قۇيدى. مەن قاچىنىڭ مەينەتلىكىگە قارىمايلا قىمىزنى ئىچىۋەردىم. چۈنكى بۇنداق ئىش ماڭا يېڭىلىق ئەمەس ئىدى. 1856 ـ يىلى مەن قىرغىزلارنىڭ ئەڭ چوڭ بېگى بورانباينىڭ ئۆيىدە مېھمان بولغانىدىم، بورسىق بەگ بىزگە ئاتاپ كۆز ئالدىمىزدىلا بىر قوي بوغۇزلىتىپ قازان ئاستى. ئۆينىڭ ئىچى ـ تېشىنى قىرغىزلار قاپلاپ كەتتى. كەچتىكى نەغمىدە قومۇزچىلار قومۇز چېلىپ دويت ـ دويت دەپ باشلىنىدىغان بىر ناخشىنى ئېيتىشتى. تاماق تارتىلىپ ھۆرمىتىمىز ئۈچۈن قوينىڭ يانپاش گۆشىنى بىزنىڭ ئالدىمىزغا قويدى. بىز گۆشنى تۇزغا چۆكۈرۈپ ئىشتىھا بىلەن يېيىشكە باشلىدۇق. قىرغىزلار ئادەتتە سۈت ـ قايماق، گۆش دېگەندەك نەرسىلەر بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ. ئۇلار بىزنىڭ چېدىرلىرىمىزدەك سودا چېدىرلىرىنى تۇنجى قېتىم كۆرگەندەك قىلىشىدۇ. شۇنداق بولغاچقىمىكىن، بورسىق بىزنى كۆز ـ كۆز قىلىپ، يۇرت ئىچىدە تېرىسىگە پاتماي قالدى. ئۇ تېخى يات ئاۋۇللارغا مېنىڭ ئاۋۇلۇمغا چۈشكەن سارتلارنىڭ جىقلىقىنى كۆرۈشتۈڭمۇ؟ دەپ ھەيۋە كۆرسەتتى. بەزىدە قىرغىز قىزلىرى گۆش، قىمىز، سېرىق ماي، قۇرت ئەكىلىپ بىزنى يوقلاپ تۇراتتى. بىزمۇ ئۇلارنى قۇرۇق قول قايتۇرمايتتۇق. مېنىڭ ھەمرىيىم خوتۇن كىشىنى كۆرسە خۇدىنى يوقىتىپ قويىدىغان ئادەم ئىدى. شۇڭا ئۇ كەلگەن قىز ـ چوكانلارغا قەنت ـ گېزەك، يەل ـ يېمىش، ئۈنچە ـ مارجان دېگەندەك نەرسىلەرنى تارتۇق قىلىپ تۇراتتى. ئەمما قىز ـ چوكانلار ئۇنىڭ گەپلىرىنى تولۇق چۈشىنىپ كەتمەيدىكەن، ئىشقىلىپ توختىماي سوئال سورايتتى. شۇنداق قىلىپ، بۇ ھەمرايىمنىڭ نامى يىراق ئاۋۇللارغىچە يېيىلىپ كەتتى.

بەزىدە بورسىقنىڭ قىزلىرىمۇ چېدىرغا كېلىپ قىز ـ يىگىتلەر ئولتۇرۇشىغا قاتنىشاتتى. بۇنداق ئولتۇرۇشتا قىزىقارلىق ئويۇنلار ئوينىلىدۇ. قىز ئورنىدىن تۇرۇپ قول ياغلىقى بىلەن ئۇرغاننى قىلىپ ئۆزى ياقتۇرغان بىر يىگىتنى ناخشا ياكى ئۇسسۇلغا تەكلىپ قىلىدۇ. يىگىت بۇ تەلەپلەرنى ئورۇندىيالىسا قىز ئۇنى بىرنى سۆيۈپ قويىدۇ، ئەگەر ئىشنى ئەپلەشتۈرەلمىسە قىزدىن تاياق يەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئېيتىدىغىنى ئىشق ـ مۇھەببەت ناخشىلىرى

بولۇپ، ئاھاڭى ئۆزگىچە. قىرغىزلار بىر ناخشىنى باشلاپ ئاھاڭغا سېلىپ بولغۇچە خېلى تەرلەيدۇ ھەم ئاھاڭىنى كەلتۈرەلمىسە باشقا ئاھاڭلارغا سېلىپ ئېيتىۋېرىدۇ. بەزىلەر ئۇلارنىڭ ناخشا ئېيتىشىنى ئېشەكنىڭ ھاڭرىشىغا ئوخشىتىدۇ. بۇ ئوخشىتىش ئانچە جايىغا چۈشمىگەندەك قىلىدۇ. مېنىڭچە ئۇ دەرىجىدە ئەمەس. يىگىت ناخشىسىنى ئېيتىپ بولسا ئۆز ئورنىغا بېرىپ ھېلىقى قىز بىلەن يادمۇيان ئولتۇرىدۇ ـ دە، ئىككىيلەن تۈيۈقسىز سۆيۈشۈپ كېتىدۇ. قىرغىزلار ھازىرمۇ ئىلگىرىكىدەكلا قىز ـ ئوغۇللىرىنىڭ ئىشلىرىغا چەك قويمايدۇ. قىزغىز قىز ـ چوكانلىرىنىڭ چىرايلىقلىرىمۇ ئاز ئەمەس ئىكەن. يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسى ئىسلام دىنىنىڭ مۇستەھكەم ئەقىدىلىرىنىڭ بۇيەرلەرگە تېخى تولۇق تارقىلىپ بولالمىغانلىقىدىن بولۇۋاتقان ئىشلار.

بۇيرۇتلار (قىرغىزلار) ئۆزلىرىنى مۇسۇلمان دەيدۇ، ئەمما، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھەققىدە ھېچ نەرسە بىلمەيدۇ، ئۇلار ئۆلۈم ـ يېتىم، توي ـ تۆكۈن ئىشلىرىنى شامان دىنىنىڭ ئادەتلىرى بويىچە ئۆتكۈزىدۇ. ئەمما بۇ تەرەپلەرگە بىرەر موللا ياكى تاتار كېلىپ قالغۇدەك بولسا، ئۆيلىرىدە قوندۇرۇپ خەتمە ـ قۇرئان قىلدۇرۇۋالىدۇ. ئىسسىقكۆلدىن تارتىپ تاكى بەدەخشانغىچە بولغان بۇ كەڭ قىرغىز زېمىنىدا بىرمۇ موللا (ساۋاتلىق كىشى) تاپقىلى بولمايدۇ. قىرغىزلار قىمىز قوشۇلغان شاراپ، بوزا دېگەندەك ئىچىملىكلەرنى ئىچىدۇ. تەقۋادار دەپ قارالغانلىرىمۇ پەيتىنى تاپسا ئۆلگۈچە ئىچىپ مەست بولىدۇ. بۇنىڭدىن 30 يىللار ئىلگىرى بىزنىڭ ئوتتۇرا يۈزدىكى قازاقلىرىمىزمۇ ئاشۇنداق دىنغا سۇس ئىدى. كېيىن روسىيە ھۆكۈمىتى قازاق زېمىنىدا مەسچىت سالدۇرۇپ تاتار موللىرىنى ئەۋەتكەندى، ئەمدىلىكتە بىر قىسىم قازاقلار بەش ۋاق ناماز ئوقۇيدىغان، رامىزاننى تولۇق تۇتىدىغان بولۇشۇپ، تاتار موللىلىرىدىن ئېشىپ چۈشتى. بەزى قازاقلار تېخى خوتۇنلىرىنى تالا ـ تۈزگە چىقارمايدىغان بولۇۋېلىشتى. ھازىر قازاقلار ئۈچۈن قاتتىق دىنىي چەكلىمىلەردىن كۆرە ئاۋۋالقى نادانلىق ھالىتى ياخشىمۇ ياكى 300 يىلدىن بېرى تەرەققىياتقا قارشى تۇرۇپ كەلگەن تاتار مائارىپى ياخشىمۇ؟ بىز بۇنىڭغا بىر نېمە دېيەلمەيمىز. روسىيىدىكى تاتارلار ئۆزگىچە بىر شەرق دۇنياسى. تاتارلار بىلەن روسىيىلىكلەرنىڭ ھېچقانداق بىر مەنپەئەت بىرلىكى يوق. چوڭ يۈزدىكى قازاقلار ھازىر بىر بۇرۇلۇش پەيتىدە تۇرۇۋاتىدۇ. مۇشۇنداق پەيتتە تاتار موللىلىرى ئۈچ يۈزدىكى ھەممە قازاق ئاۋۇللىرىغا بېرىپ دىن تەشۋىق قىلىۋاتىدۇ. ئۇلار بۇ جەھەتتە بۇخارا موللىلىرىدىن ئېشىپ چۈشتى. بىز بىر ئاي داۋامىدا قىرغىزلار بىلەن كۆچۈپ يۈرۈپ سودا قىلدۇق. بىز چۈشكەن ئاۋۇلنىڭ باشلىقى بورسىق، ئۆزى ئانچە باي بولمىغاچقىمىكىن، باشقا بەگلەرگە ئارىلاشمايتتى، كېڭەشلەرگە قاتناشمايتتى، تېزرەك باي بولۇپ يۈز تېپىشنى ئارزۇ قىلاتتى، بۇنىڭ ئۈچۈن باشقىلارنىڭ ماللىرىدىن چوتا ئايرىۋېلىپ ئۇزاقتىكى يايلاقلارغا كۆچۈپ كېتەتتى. بىز بار چاغدىمۇ ئۇنىڭ ئاۋۇلى مۇزارت تېغىدىكى چاتقاللىقلاردا، تېكەس دەرياسىنىڭ بېشىدىكى يايلاقلاردا كۆچۈپ يۈردى. باشقا قىرغىز ئاۋۇللىرى كېگېن دەرياسىنىڭ جىلغىسىغا يىغىلىپ ئۆلۈپ كەتكەن قەبىلە ئاقساقىلى بورانباينىڭ 90 كۈنلۈك نەزىرىگە ئاتاپ ئات بەيگىسى ئۆتكۈزگەندىمۇ بورسىق بۇ يەرگە كەلمىگەن، ئۇنىڭ توققۇز ئوغلى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئات ئوغرىلاش بىلەن بولغانىدى. مەن قىرغىزلار بىلەن 1855 ـ يىلى تونۇشۇشقا باشلىدىم. شۇ يىلى بۇغا قەبىلىسىدىكى ئون مىڭ ئائىلىلىك قىرغىز بورانباينىڭ باشچىلىقىدا روسىيىگە تەۋەلىك بىلدۈردى. ئىككىنچى يىلى روسىيە تەرەپ ئۇلارنىڭ زېمىنلىرىنى تەكشۈرۈپ خاتىرىلەش ئۈچۈن پولكوۋنىك خومېنتوۋسكىي باشچىلىقىدىكى كازاك ئەترىتىنى ئەۋەتتى. نەتىجىدە شىمالدا ئاقسۇغىچە، جەنۇبتا زاۋقى دەرياسىغىچە بولغان يەرلەر تەكشۈرۈلۈپ ئىككى چاقىرىملىق ماسشتاب بويىچە خەرىتىگە ئېلىندى. مەن ئاشۇ تەكشۈرۈشكە قاتنىشىش داۋامىدا بورانباينىڭ ئائىلىسىگە بارغاندىمۇ بىر قىسىم قىرغىز رىۋايەتلىرىنى توپلاپ خاتىرە قالدۇرۇۋالغانىدىم. كېيىن يەنە قىرغىزلارنىڭ سارباغىش، سۇلېتى قەبىلىلىرىگە بېرىپ ئۇ يەردىن قەشقەرگىچە بولغان زېمىنلارنىڭ ئەھۋاللىرىنىمۇ ئىگىلەپ چىقتىم. قىرغىزلارنىڭ كېلىپ چىقىش تارىخى— جۇڭگوشۇناس ۋە شەرقشۇناس ئالىملىرىمىز ئارىسىدا تالاش ـ تارتىش قوزغاۋاتقان بىر مەسىلە، كۆپ قىسىم ئالىملار ھازىرقى بۇيرۇتلارنى ئۆتكەن ئەسىردە جۇڭغارلار مۇشۇ ماكانغا قوغلاپ ئەكەلگەن بولۇپ، ئۇلار تاڭ سۇ-

لالىسى دەۋرىدىكى خاكاس، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى كىلىكىسى دېگەنلەر بىلەن بىر خەلق دەپ قارايدۇ. راشىددىن ⑩ ئۆزىنىڭ موڭغۇل تارىخى توغرىسىدىكى كىتابىدا قىرغىزلارنى ئىلگىرى جەنۇبىي سىبىرىيىدە ياشىغان ئورمان خەلقلىرى ئىدى، دەپ يازىدۇ. راشىددىن بىلەن ئوبۇلغازى ئۆز ئەسەرلىرىدە قىرغىزلارنى كەم ـ كەمجۇت دەپ ئاتىغان. بىز بۇنىڭدىن كەم (يەنىسەي) ۋە كەمچۈك دەريالىرىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرەلەيمىز. بۇ ئىككى دەريا ۋادىسىنى ئىلگىرىكى قىرغىزلارنىڭ ماكانى دېيىشكە بولىدۇ. سىبىرىيىگە دەسلەپ بارغان روسىيە كازاكلىرىمۇ ئاباقان، يۈۋس قاتارلىق سىبىرىيە زېمىنلىرىدا قىرغىزلارغا دۇچ كېلىپ، ئۇلار بىلەن 17 ـ ئەسىردىن تارتىپ 18 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە ئۇرۇش قىلغان. شۇنىڭدىن كېيىن قىرغىزلارنىڭ نامى سىبىرىيە تارىخىدىن غايىب بولغان. فىيشىر⑯ ئەپەندى قىرغىزلار جۇڭغار خانلىقىنىڭ قۇنتەيجىلىرى (خانلىرى) تەرىپىدىن قوغلاپ چىقىرىلغاندىن كېيىن تىبەت ۋە ھىندىقۇش تاغلىرى تەرەپكە كەتكەن دەپ قارايدۇ. لېۋشىن ئەپەندى قىرغىزلارنىڭ كۆچۈش ۋەقەسىنى ئەڭ دەسلەپ شۋېتسىيىلىكلەر خاتىرىلىگەن، قىرغىزلار روسىيە بىلەن جۇڭغار قۇنتەيجىلىرى ئارىسىدىكى كېلىشىم بويىچە كۆچۈرۈلگەن دەپ قارايدۇ. جۇڭگولۇقلار قىرغىزلارنى بۇيرۇتلار دەيدۇ ھەم ئۇلارنى كۇئېنلۇن تاغلىرىدىن كۆچۈپ كەتكەن تاڭ دەۋرىدىكى بولۇ (پولۇ) قوۋملىرى دېيىشىدۇ. بۇيرۇتلارنى تۇنجى بولۇپ جەنۇبىي سىبىرىيىدىكى قازاقلاردىن پەرقلەندۈرگەن كىشى ئىياكىنىف⑰ ئەپەندى بولۇپ، ئۇ قىرغىز (بۇيرۇت) لارنى قەدىمىي تۈركىي خەلقلەر دەپ قاراشتىن پەرقلەندۈرۈپ قىرغىز دەپ ئاتاشنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. رىتتېر ئەپەندى «ئاسىيانىڭ تەبىئىي جۇغراپىيىسى» ناملىق كىتابىدا بۇيرۇت (قىرغىز)لار بىلەن قازاقلارنى بىر خەلق دەپ قاراپ ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسىنى يەنىسەي قىرغىزلىرى (خاكاسلار)نىڭ غەربكە كۆچۈشىدىن پەيدا بولغان خەلقلەر دەپ يازىدۇ. ئۇ كېيىن يەنە كلاپروت بىلەن رېموزا ئەپەندىلەرنىڭ قاراشلىرىنى قوللاپ قىرغىزلار ئەسلىدە ھىندى ـ ياۋروپا ئىرقىغا تەۋە بولۇپ، كېيىن ئۇلار تۈركلىشىپ كەتكەن، 17 ـ ئەسىردە سىبىرىيىدىكى قىرغىزلار ئېرتىش دەرياسىنىڭ جەنۇبىي بىلەن ئالتەشەھەردىكى قېرىنداشلىرى بولغان بۇيرۇتلارنىڭ ئارىسىغا بارغان، دېيىش ئارقىلىق قىرغىز (بۇيرۇت)لارنى ئەزەلدىن ھازىرقى جايىدا بار ئىدى دېمەكچى بولىدۇ. يۇقىرىقىلار قىرغىزلارنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدىكى قاراشلار بولۇپ، بۇ قاراشلارنىڭ بەزىلىرى بىر ـ بىرىگە زىت كېلىدۇ. بىز بۇ مەسىلىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن، بۇ قاراشلارنى خەلق ئەپسانىلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ قارىساق ئەڭ ئاخىرىدا مۇنداق يەكۈن چىقىرىمىز: 1. بىز تاغ قىرغىزلىرى ياكى قارا قىرغىز دەپ ئاتايدىغان خەلقلەر ئۆزلىرىنى پەقەت قىرغىز دەپلا ئاتايدۇ. جۇڭگولۇقلار بىلەن قالماقلار قويۇپ قويغان بۇيرۇت دېگەن گەپ ئۇلاردا مەۋجۇت ئەمەس؛ 2. قىرغىزلار بولسا ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ماكانلىرىنى ئەنجان تاغلىرى دەپ قارىشىدۇ؛ 3. ھازىرقى قىرغىزلار ئارىسىدا جەنۇبىي سىبىرىيىدىن كۆچۈپ كەلگەنلىك ھەققىدە رىۋايەت يوق. ئەمما ئۆزلىرىنى جەنۇبتىن شىمالغا قاراپ كۆچۈپ قارا ئېرتىش دەرياسى بىلەن ئالتاي تېغى ئەتراپىغا، شەرققە قاراپ كۆچۈپ ئۈرۈمچى ئەتراپلىرىغا بارغانلىقى توغرىسىدا رىۋايەتلەر بار. بىز قىرغىزلارنى يەنىسەي خاكاسلىرى بىلەن بىر خەلق دەپ قارايمىز. چۈنكى موڭغۇللار دەۋرىدىكى بىر خەنزۇ تارىخچىسى كىلىكىزى دېگىنىمىز شۇ خەلقنىڭ تىلىدا قىرغىز دېگەنلىك بولىدۇ دەپ يازغان. ئۆزلىرىنىڭ قەيەردىن كەلگەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ھازىرقى قىرغىزلارمۇ مۇشۇ سۆزنىڭ تومۇرىدىن پايدىلىنىدۇ. گولاكوف ⑱ 1253 ـ يىلىدىكى سەپىرىدە تەڭرىتاغلىرىدا قىرغىزلارنى كۆرگەنلىكىنى دەپ ئۆتكەن. شۇڭا دەيمىزكى، قىرغىزلار ناھايىتى ئىلگىرىلا ھازىرقى جايىغا كۆچۈپ كەلگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ خانگاي تاغلىرى تەرەپكە كۆچۈشى بولسا كېيىنكى دەۋرلەردىكى گەپ. ئۇلارنىڭ بۇنداق كۆچۈشلىرى ئالتاي تاغلىرى بىلەن تەڭرىتاغلىرى ئارىسىدا جۇڭغار خانلىقى تىكلەنگەنگە قەدەر داۋام قىلغان. قىرغىزلار 18 ـ ئەسىردە جۇڭغارلار تەرىپىدىن ھازىرقى جايىغا قوغلاپ كېلىنگەن دېگەن قاراشتا گۇمان بار. چۈنكى مەن «تارىخىي رەشىدى» دىن قىرغىزلارنىڭ 15 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ئەنجان تاغلىرىدا ياشىغانلىقى توغرىسىدىكى بايانلارنى كۆردۈم.

بىز ئۆزىمىزگە قوشنا بولغان قىرغىزلارنى ئىلگىرىكى

زامانلاردا كۆچۈپ كەلگەن دېسەك، ئۇنداقتا يېقىنقى مەزگىللەرگىچە سىبىرىيىدە ياشاپ كەلگەن قىرغىزلار نەگە يوقالغان؟ بىزنىڭ ئومسكىيدىكى ئارخىپلىرىمىز ئارىسىدا مۇنداق مەزمۇندىكى بىر ماتېرىيال بار: ئۇسكامۇنگرىسكاياغا 12 ئائىلىلىك كىشى كېلىپ ئۆزلىرىنى قىرغىز قالماقلىرى دەپ تونۇشتۇردى ھەم مۇنداق دېدى: بىز ئەسلىدە سىبىرىيىدىكى يەنسەي دەرياسى بويلىرىدا ياشايتتۇق. بىزنى تاگىبىن باتۇر دېگەن كىشى باشقۇراتتى. بۇنىڭدىن 50 يىل ئىلگىرى يەنى ھازىرقى خۇنتەيجى غالدان سېرىڭنىڭ دادىسىنىڭ زامانىدا قالماقلارنىڭ دۇئار، ساندۇ ۋە چىنبىن دېگەن سەركەردىلىرى 500 ئادەمنى باشلاپ كېلىپ تاگىبىن باتۇرىمىزنىڭ ئوغلى چاينىشنى قوشۇپ 3000 چېدىرلىق ئائىلىنى جۇڭغارىيىگە ئېلىپ كەتتى. ئاندىن ۋورگاغا كۆچۈرۈپ ئاپاردى، ھازىر شۇ يەردە تۇرۇۋاتىمىز، غالدان سېرىنگە سېلىق تۆلەيمىز، باشقا قىرغىز قالماقلىرىمىز ساغاي ئېلىدە تۇرىدۇ، ئۇلارمۇ جۇڭغار خانىنىڭ تەۋەلىكىدە ياشايدۇ.

ماتېرىيالدا يەنە مۇنداق مەلۇماتلارمۇ بار: 1847-يىلى جۇڭغارىيىدىن قېچىپ كەلگەن يەنە ئىككى قىرغىز قالماق تۇتۇلدى. بۇ ئىككىيلەنمۇ يۇقىرىقى گەپلەرنى دەپ كېلىپ ئاخىرىدا ساغاي ئېلىدە خارتايداش ۋە ئېچىن مەرگەن ئىسىملىك ئاكا-ئۇكا جەمەتتىكىلەرنىڭ ياشايدىغانلىقىنى دەپ بەردى. يۇقىرىدىكى پاكىتلارغا ئاساسەن بىز سىبىرىيىدىكى 3000 ئائىلىلىك قىرغىزنىڭ موڭغۇللارنىڭ جۇڭغار ۋە ئۇرانخاي قەبىلىلىرىگە قوشۇلۇپ كەتكەنلىكىنى پەرەز قىلالايمىز. ئېياكىنق ئەپەندى سىبىرىيە قىرغىزلىرىنى موڭغۇل ئىرقىغا تەۋە دەپ ھۆكۈم قىلىشتا مانا مۇشۇ قىرغىزلارنى كۆزدە تۇتقان بولسا كېرەك. ئۇنداقتا موڭغۇللارنىڭ جۇڭغار ۋە ئورانخاي قەبىلىلىرىگە ئوخشاش كۈچلۈك قوشنىلىرى بىلەن بىر ئەسىر ئۇرۇش قىلىپ پۈتكۈل سىبىرىيە شەھەرلىرىنى پاراكەندە قىلىۋەتكەن شۇنچە كۆپ سىبىرىيە قىرغىزلىرى نەگە غايىب بولدى؟ بىز بۇنىڭغا داۋاملىق جاۋاب ئىزدەيلى. قىرغىزلار ئىلگىرى ئورانخاي موڭغۇللىرىنىڭ ئالتۇن خان دەپ ئاتىلىدىغان خانىغا بېيئەت قىلغان. ھازىر ئورانخاي قەبىلىسى زاۋاللىققا يۈزلىنىپ ئاران ئىككى قوۋم ئادىمى قالدى ھەم روسىيە بىلەن چىڭ ئىمپېرىيىسىگە قوش سېلىق تۆلەيدىغان بېقىندى ئەلگە ئايلىنىپ قالدى. مەن بىر ماتېرىيالدىن يەنسەي دەرياسى بويلىرىدىكى تاتار قوۋملىرىگە تەۋە ساغايلار ئۆزلىرىنى قىرغىز ئەۋلادلىرى دەپ بىلىدۇ دېگەن مەلۇماتنى كۆرگەنىدىم. يېقىندا ئالتايغا بېرىپ كەلگەن باش شتاپ ئوفىتسېرى مۇراۋلېيىف ئەپەندى ماڭا بوختۇرما دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدا ياشايدىغان ئىككى قوۋم بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنى كەم (يەنسەي) ۋە كەمجۈت دەريالىرى ئەتراپلىرىدىن كۆچۈپ كەلگەن قىرغىزلار دەپ تونۇشتۇرغانلىقىنى سۆزلەپ بەرگەنىدى. خەلق ئارىسىدىكى رىۋايەتلەرنى تەتقىق قىلىشنىڭ ئېتنوگرافىيە تەتقىقاتى ئۈچۈن قانچىلىك مۇھىملىقى ئالىملىرىمىزغا بەش قولدەك ئايان. چۈنكى بۇ رىۋايەتلەر خەلقنىڭ تۇرمۇش ۋە ئۆرپ-ئادەتلىرىنى ئەڭ روشەن ئىپادىلەپ بېرەلەيدۇ. ئۆز ئەنئەنىلىرىنى قەدىرلەش، مول رىۋايەتلەرگە ئىگە بولۇش—شىمالىي ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى كۆچمەن خەلقلەرگە خاس بولغان ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكتۇر. بۇ خەلقلەرنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرى، ئەپسانە-رىۋايەتلىرى قانۇندەك ئۇلۇغلىنىپ چوڭلارنىڭ ئېغىزى ئارقىلىق كېيىنكىلەرگە ئەۋلادمۇ ئەۋلاد يەتكۈزۈلىدۇ. بۇ رىۋايەتلەردىكى بەزى سۆزلەرنىڭ ھازىر پۈتۈنلەي ئىستېمالدىن قالغانلىقىغا قاراپ بۇ رىۋايەتلەرنى ناھايىتى قەدىمكى زامانلاردا پەيدا بولغان دېيىشكە بولىدۇ. گۈل مەلىكە توغرىسىدىكى رىۋايەت خۇددى چىڭگىزخاننىڭ رىۋايەتلىرىدەك پۈتكۈل تاتار قوۋملىرى ئارىسىغا كەڭ تارقالغان. تىبېرى ئەپەندى بۇنى ھۇن تەڭرىقۇتى ئاتىللا زامانىدىكى رىۋايەت دەپ قارايدۇ. قىرغىزلار ئۆزلىرىنى بىر قىزىل ئىت بىلەن بىر مەلىكىدىن تۇغۇلغان قىرىق قىزدىن تارقالغان دەيدىغان بىر قەدىمىي رىۋايەتنى ئېيتىشىدۇ. ئوتتۇرا ئاسىيا رىۋايەتلىرىدە ھەرقايسى قوۋملار ئۆزلىرىنىڭ پەيدا بولۇشىنى مەلۇم بىر ھايۋانغا ئاپىرىپ تاقايدۇ. جۇڭگو تارىخ مەنبەلىرىدە يېزىلىشىچە، قەدىمدە گاۋچې ياكى تېلې (چىلى) دەپ ئاتىلىدىغان خەلقلەر ئۆزلىرىنى بۆرە بىلەن ھۇن مەلىكىسىنىڭ ئەۋلادى دەپ قارايدىكەن. رىۋايەت قىلىنىشىچە، ھۇن تەڭرىقۇتىنىڭ چىرايلىق ئىككى قىزى بولۇپ، تەڭرىقۇت ئۇلارنى ئادەتتىكى يىگىتلەرگە بەرگۈسى كەلمەي، ئېگىز بىر مۇنارنىڭ ئۈستىدىكى ھۇجرىغا بەند قىلىپ قويۇپ:- ئاھ





www.uyghurkitap.com

تەڭرىم قىزلىرىمنى ئۆز پاناھىڭغا ئال،ـ دەپ تەڭرىگە ئىلتىجا قىپتۇ. بىر قېرى بۆرە كىچىك مەلىكىگە ئاشىق بولۇپ قېلىپ، كېچە ـ كۈندۈز مۇنار تۈۋىدىن نېرى بارماپتۇ ھەم مۇنار تۈۋىدە ئۇۋا ياساپ يېتىپتۇ. مەلىكە ئاچىسىنىڭ نەسىھىتىنى ئاڭلىماي، ئاخىر بۆرىگە ياتلىق بوپتۇ. تۇيغۇنلارمۇ ئۆزلىرىنى بۆرىدىن پەيدا بولغان دەپ قارايدۇ. تېبەتلىكلەر بولسا ئۆزلىرىنى ئىتنىڭ ئەۋلادلىرى دېيىشىدۇ. جۇڭگولۇقلار موڭغۇل خانلىرىنىڭ ئەجدادى بولغان باتاچىنى كۆك بۆرە بىلەن ئاق ياۋا ئاتنىڭ ئارىسىدىن تۇغۇلغان دەيدۇ. شىمالىي ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم قىزىل تەنلىك قەبىلىلەر ئۆز ئەجدادىنى قۇندۇز، تاشپاقا دېگەندەك ھايۋانلارغا باغلايدۇ. شۇنىڭدىن قارىغاندا ئوتتۇرا ئاسىيالىقلار بىلەن قەدىمكى ئامېرىكىلىقلارنىڭ رىۋايەتلىرىدە ئورتاقلىقلار باردەك قىلىدۇ. قىرغىز رىۋايەتلىرى ئاساسەن بۇرمىلانماي ئۆز پېتىچە ساقلىنىپ قالغان. چۈنكى قىرغىزلار خېلى قەدىمىي رىۋايەتلەرنىمۇ ئېلىشتۇرۇۋەتمەي ئەينەن سۆزلەپ بېرەلەيدۇ. قىپچاقلاردا 99ئەجدادى ھەققىدىكى بىر رىۋايەت بولۇپ، بۇ رىۋايەت قازاقلار بىلەن ئۆزبېكلەر ئارىسىدىمۇ بار. بۇ رىۋايەتلەر توپلىنىپ نەشر قىلىنسا كارامەت ياخشى بولاتتى. ئەمما بۇ ئىشنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى ئاسان ئەمەستەك قىلىدۇ.

شەجەرە تەرىقىسىدىكى رىۋايەتلەر رىۋايەتلەر ئارىسىدىكى مۇھىم بىر تۈر. بىز شەجەرىلەردىن ئۇرۇقلارنىڭ ئەھۋالىنى بىلەلەيمىز. بىر ئۇرۇقنىڭ يەنە بىر ئۇرۇقتىن ئۈستۈن ئورۇندا تۇرۇشى شۇ ئۇرۇقنىڭ ئاتا ـ بوۋىسىنىڭ چوڭ ئوغۇل بولۇپ، ئۇرۇققا ۋارىسلىق قىلىپ كېلىۋاتقانلىقىدىن بولغان. شەجەرە تەرىقىسىدىكى رىۋايەتلەر بىر مىللەت كىشىلىرى ئىچىدىكى ئۇرۇقلار ۋە شۇ مىللەتنىڭ تەشكىلىي ئەھۋالىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. قازاق، ئۆزبېك ۋە نوغايلارنىڭ شەجەرىلىرىدىن قارىغاندا، ئۇلارنىڭ ئالتۇن ئوردا خانلىقى بىلەن چاغاتاي خانلىقى يىمىرىلگەندىن كېيىن قەدىمىي تۈركىي خەلقلەر بىلەن موڭغۇللار ئارىسىدىن پەيدا بولغان خەلقلەر ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز. بۇيرۇتلارنىڭ شەجەرىسىدىن قارىغاندا ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى قەدىمىي تۈركىي تىللىق قىرغىزلار بولۇپ، كېيىن ئۇلارغا ئىككى يات ئۇرۇق قوشۇلغان. ئۇنىڭ بىرى قىپچاق، نايمان، كېنتاي ئۇرۇقلىرى بولۇپ، شەجەرىدە بۇ ئۈچ ئۇرۇقنىڭ ھەممىسى قىرغىزباينىڭ ئەۋلادى دەپ قارىلىپ ئورتاق قىرغىز نامى بېرىلگەن. يەنە بىر يات ئۇرۇق ئىچكىلىك بولۇپ، ئۇلارمۇ ئۆزلىرىنى قىرغىزباينىڭ ئەۋلادى دەپ بىلىدۇ، ئەمما باشقا ئۇرۇقلار ئۇلارنى ئېتىراپ قىلمايدۇ. يەنە بىر خىل قىرغىزلار بولۇپ، ئۇلار ھەقىقىي قىرغىزلاردۇر. ئۇلار ئوڭ قىرغىز، سول قىرغىزلارغا ئايرىلىدۇ، ئۇلارنى يەنە بىر قانچە جەمەتكە، تېخىمۇ ئىنچىكىلىسەك جەمەتلەرنى يەنە بىر قانچە ئاتىلارغا بۆلۈشكە بولىدۇ.

رىۋايەتلەرنىڭ ئۈچىنچى بىر خىلى نوغاي قوشاقلىرى شەكلىدىكى رىۋايەتلەر بولۇپ، بۇنداق قوشاقلار قازاق، ئۆزبېك، نوغاي ۋە قىرغىزلارنىڭ ھەممىسىدە بار. موڭغۇل تىلىدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى «قالماق» دەپ ئاتالغانغا ئوخشاش تاتار تىلىدا (تۈركىي تىلىدا) سۆزلىشىدىغان مىللەتلەر بىلەن تۈركلەشكەن موڭغۇللار «نوغايلار» دەپ ئاتالغان بولۇشى مۇمكىن. نوغاي رىۋايەتلىرى 15 ـ ، 16 ـ ئەسىرلەرگە تەۋە رىۋايەتلەردۇر. بۇ رىۋايەتلەر ئېپوس شەكلىدىمۇ، خەلق قوشاقلىرى شەكلىدىمۇ تارقالغاچقا، ئۇلارنى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا مەنسۇپ دېيىشكە بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ياخشى يېرى شۇكى، ئۇلار خەلقنىڭ روھىي دۇنياسىنى، دۇنيا قاراشلىرىنى، ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى ۋە تۇرمۇش شەكىللىرىنى جانلىق سۈرەتلەپ بېرەلەيدۇ. بۇ خىل رىۋايەتلەرنىڭ فىلولوگىيە جەھەتتىمۇ، تارىخ تەتقىقاتى جەھەتتىمۇ قىممىتى زور. ئۆزلىرىنى چاغاتاي خانلىقى بىلەن ئالتۇن ئوردا خانلىقىدىن كېلىپ چىققانلار دەپ قارايدىغان قازاق، ئۆزبېك، نوغايلار ئارىسىدا ئېدىگەن، ئېر كۆكشى، ئوراق، شورا قاتارلىق باتۇرلار توغرىسىدا رىۋايەتلەر بار. بۇ باتۇرلار تارىختا ئۆتكەن كىشىلەر بولۇپ ئېدىگەن تۆمۈرلەڭنىڭ سەركەردىسى. ئۇ ئالتۇن ئوردىدا قوماندان بولغان جەڭلەردە نۇسرەت قازىنىپ نامى چىققان. رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئوراق ئېدىگەنىنىڭ ئەۋلادى بولۇپ، ئۇ رۇسلارغا ئەسىرگە چۈشۈپ رۇس كېنەزىنىڭ قىزىغا ئۆيلەنگەن (بۇ توغرۇلۇق تارىخىي مەلۇماتلار تېپىلمىدى). «نىكون يىلنامىسى»دا «1423 ـ يىلى كېنەز كۇۋايدادات ئونداي خەلقىگە ھۇجۇم قىلدى... ناھايىتى كۈچلۈك ھەم قاۋۇل كەلگەن تاتار باتۇرى ئېركۆكشى مۇشۇ ھۇجۇمدا

ئۆلدى...» دېگەن خاتىرىلەر بار. شورا بولسا مۇھاسىرىدە قالغان قازان شەھىرىنى قۇتقۇزغىلى بارىدىغان باتۇر دەپ تەسۋىرلىنىدۇ. ئۇنىڭ نامى قازان تارىخنامىلىرىدا ئۇچرايدۇ. بۇ خىلدىكى رىۋايەتلەردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، يايلاق مىللەتلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتى مىراسلىرىنى تولىمۇ قەدىرلەپ كەلگەن. شۇنى بىلىشىمىز كېرەككى، ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتلىرىنىڭ ياشايدىغان زېمىنلىرى تۇتاش، سۆزلىشىدىغان تىللىرى بىر ـ بىرىگە يېقىن بولغاچقا ئۇلارنىڭ رىۋايەتلىرىمۇ ئوخشىشىپ بىر ـ بىرىگە ئارىلىشىپ كەتكەن. بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى پەرقلەندۈرۈش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلىدۇ. خۇدياكوف ئەپەندى ئېدىگەن رىۋايىتىنى تۈركمەنلەردىن ئاڭلىغان. بۇ رىۋايەت تۈركمەنلەرگە قازاق ياكى نوغايلاردىن كىرگەن. ئوخشاشلا تۈركمەنلەرنىڭ گۆر ئۆغلى ھەققىدىكى داستانىنى قازاق قوشاقچىلىرى پىششىق بىلىدۇ. ئاكادېمىك كاستېرىن⑲ لاپلاندىيىلىكلەر بىلەن كارېللاردىن ئودىسسا داستانىدىكى يەكچەشمە باتۇر پوپېفم توغرىسىدىكى رىۋايەتلەرنى ئاڭلىغانىكەن. ئۇنىڭ ئاڭلىغىنى ئەلۋەتتە شۇ خەلقلەرنىڭ ئۆز قوۋملىرىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى سىڭدۈرۈپ ئۆزگەرتىپ توقۇۋالغىنى بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى بۇ رىۋايەت قازاقلار ئارىسىدىمۇ بار. قازاقلار ھېلىقى يەكچەشمىنى ئادەم يەيدىغان بىر كۆزلۈك دىۋە قىلىپ تەسۋىرلىسە، ئودىسسانى ئۆزلىرىنىڭ قەھرىمانى باتۇرخان قىلىپ تەسۋىرلەيدۇ.

قىرغىزلارنىڭ نوغاي دەۋرىگە مەنسۇپ بىردىنبىر ئېپوسى «ماناس». «ماناس» ئېپوسىدا ماناس باتۇرنىڭ ئەتراپىغا ئۇيۇشقان قىرغىزلارنىڭ رىۋايەت، ئەپسانە ۋە چۆچەكلىرى بايان قىلىنىدۇ. شۇڭا ئۇنى يايلاق خەلقلىرىنىڭ «ئىلىيادا»سى دېسەكمۇ بولىدۇ. ئۇنىڭغا قىرغىزلارنىڭ تۇرمۇش شەكلى، ئۆرپ ـ ئادىتى، ياشىغان ماكانلىرى، دىنىي ئېتىقاد ئەھۋالى، تېببىي چۈشەنچىلىرى، باشقا قوۋملار بىلەن بولغان ئالاقىسى قاتارلىقلار مۇجەسسەملەشكەن. بىزنىڭ قارىشىمىزچە «ماناس» ئەسلىدە پارچە ـ پارچە داستان، كېيىنكىلەر ئۇلارنى جەملەپ بىر پۈتۈن داستان قىلىپ چىققان. «ماناس» نۇرغۇن بۆلەكتىن تۈزۈلگەن بولۇپ، «سېمېتەي» داستانى ئۇنىڭ داۋامى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنى قىرغىزلارنىڭ «ئودىسسا»سى دېيىشكە بولىدۇ. قىرغىزلار «ماناس»نى ئېيتىپ بولۇشقا ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز كېتىدۇ، «سېمېتەي» مۇ ئۇنىڭدىن قىلىشمايدۇ، دېيىشىدۇ. بەلكىم ئۇلار سەل ئاشۇرۇپ ئېيتقاندەك قىلىدۇ. «ماناس» داستانىنىڭ ئاساسىي قەھرىمانى ـــ جاقىپنىڭ ئوغلى ماناس باتۇر بەزىدە چۇ، تالاس دەريالىرى ئارىلىقىدىكى نوغايلارنىڭ خانى سۈپىتىدە تەسۋىرلەنسە، بەزىدە سەمەرقەنتلىك سارت سۈپىتىدە تەسۋىرلىنىدۇ. داستاندا دېيىلىشىچە، ماناس ئېسىل نەسەب ئەمەس (چىڭگىزخاننىڭ ئەۋلادى ئەمەس)، ئەمما ئۇنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتى خانلارنىڭكىدىن قېلىشمايدۇ. ماناسنىڭ دادىسى جاقىپ مۇنداق دەيدۇ: مەن چۇ، تالاس دەريالىرى ئارىلىقىدىكى نامى مەشھۇر ماناسنىڭ ئاتىسى بولىمەن، مەن خان ئەمەس، لېكىن خاندىن قېلىشمايدىغان جاقىپ خان بولىمەن. ماناس سەزگۈر، تولىمۇ قامەتلىك بىر تاغ باتۇرى دېيىلىدۇ. داستاندا مۇنداق بايانلار بار: ماناس ئەنجاندا خام نان، توك ئالمىلارنى يەپ قامەتلىك چوڭ بولدى، 12 يېشىدا ئوقيا بىلەن، 13 يېشىدا نەيزە بىلەن جەڭگە كىرىپ دۈشمەنلىرىنى ئۆلتۈردى، ئات چاپتۇرۇپ كېلىپ ئۆزى دېمەتلىك بالىلارنى يەردىن ئۈزۈپ ئېلىپ كېتەلەيدىغان بولدى، چىرايلىق قىزلارنى ئېلىپ قاچتى، كىم باتۇر ئاتالسا شۇنى يەر چىشلەتتى، 14 يېشىدا يۇرتلارنى پاراكەندە قىلىپ دۈشمەننىڭ ماللىرىنى ھەيدەپ كەلدى، 15 يېشىدا نۇرغۇنلىغان قوۋمغا باش بولدى. ماناسنىڭ قېنى قارا، قېشى تىك، يۈزلىرى مۇزدەك سوغۇق، قورسقى ئالىيېشىل، گەدەن چېچى كۆك ئىدى. ئۇنىڭ تۇرقى خۇددى تىك يايلىلىق كۆك بۆرىگە ئوخشايتتى. ئەگەر ئۇ غەزەپكە كەلسە ساقال ـ بۇرۇتلىرى تىترەپ، كۆزلىرىدىن ئۇچقۇن، ئاغزىدىن ئوت چىقىپ، تېخىمۇ قورقۇنچلۇق بولۇپ كېتەتتى. «ماناس» داستانى ياش ماناسنىڭ قاراخاننىڭ قىزى خانىكەينى ئەمرىگە ئېلىش ئۈچۈن دادىسىنى ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىشى بىلەن باشلىنىدۇ. داستاندا خانىكەي قىزنىڭ گۈزەللىكى يۈزلىرى قاردەك ئاپئاق ھەم قارغا تامغان قاندەك قىزىل، 15 ياشلىق بۇ قىزنىڭ چېچى تاپىنىغا چۈشكەن، چىشلىرى سەدەپتەك سۈزۈك، بەدىنىدىن ئىپارنىڭ ھىدى كېلەتتى، دەپ تەسۋىرلىنىدۇ. داستاندا ئېيتىلىشىچە، ماناسنىڭ دادىسى خانىكەي قىزنى ئەكېلىش ئۈچۈن ئۇزاق يول مېڭىپ قىزنىڭ

2006

مەھەللىسىگە بارغۇچە ئۇنىڭ ئىپتى ئورۇقلاپ ئىرغاي (بىر خىل ياغاچ) دەك، پىتلىرى سەمرىپ تورغايدەك بولۇپ كېتىدۇ. ئەمما قاراخان قىزىنى بەرمەكتە يوق، مېنىڭ قەزىمغا خان ئوغلى لايىق، سېنىڭ ئوغلۇڭغا گادايىنىڭ قىزى لايىق، دەپ ھاقارەت قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ماناس خانغا ئۇرۇش قوزغاپ قىزنى ئېلىپ قاچىدۇ. داستاننىڭ بەزى يەرلىرىدە ماناس خۇددى قاراقچىدەك دادىسىنىڭ مۈلكىنى بۇلاپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى قېرىغاندا پېقىرچىلىق ئىچىدە ئۆتىدۇ. داستاننىڭ ئاخىرىدا ماناس يەنە ئاجىزلارغا باش پاناھ بولىدىغان باتۇر ئەزىمەت قىياپىتىدە مەيدانغا چىقىپ قالماقلار بىلەن ئۇرۇش قىلىپ، پۈتكۈل جۇڭغارىيىدە نام قازىنىدۇ. قىرغىزلار ئۈرۈمچىنىڭ يېنىدىكى ماناس بىلەن ئىرتىش دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى ماناس دېگەن جايلارنى ماناس باتۇرنىڭ نامى بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ قارايدۇ. ماناس داستانىنىڭ ئەڭ قىزىقارلىق يەرلىرىنىڭ بىرى ـ كۆكېتاي خاننىڭ نەزىرى ھەققىدىكى ۋەقەلىكتۇر. داستاندا ئېيتىلىشىچە، نوغايلارنىڭ خانى كۆكېتاينىڭ بوقمۇرىن (پوق بۇرۇن) ئىسىملىك ئوغلى ئىسسىقكۆل ۋادىسىنى تاشلاپ، ئىرتىش دەرياسىدىن ئۆتۈپ ئالتاي ۋە ھنگان تاغلىرى تەرەپتىكى چولاي ئىسىملىك موڭغۇل خانىنىڭ تەۋەلىكىگە ئۆتۈپ دادىسىنىڭ نەزىرىنى بېرىدۇ. نەزىرگە بارغان ماناس باتۇر بىلەن ئۇنىڭ ئادەملىرى مۇسۇلمان بولغاچقا نەزىردە دىنسىز موڭغۇللار بىلەن كېلىشەلمەي ئارىدا چوڭ ئۇرۇش چىقىدۇ. ماناس باتۇر چولاي خانىنى ئۆلتۈرۈپ لەشكەرلىرىنى مەغلۇپ قىلىدۇ. كېنتاي قەبىلىسىنىڭ قوڭغرباي ئىسىملىك باتۇرى بىلەن ئېلىشىپ ئۇنىمۇ ئۆلتۈرىدۇ. ئاخىرىدا ماناس موڭغۇللارنىڭ خانى نازقورىنىڭ قولىدا ئۆلىدۇ. ماناسنىڭ ئوغلى سېمېتەينىڭ قايتىپ كېلىپ دادىسىنىڭ قەساسىنى ئېلىشى قاتارلىقلار بولسا قىرغىزلارنىڭ باشقا بىر داستانىدىكى ۋەقەلەردۇر. مەن ماناس داستانىدىكى كۆكېتاي خاننىڭ نەزىرى توغرىسىدىكى قىسمىنى قىرغىزلارنىڭ ئېغىزىدىن خاتىرىلىۋالدىم. مېنىڭچە، بۇ قىرغىز شېئىرلىرىنىڭ تۇنجى بولۇپ قەغەز يۈزىنى كۆرۈشى ئەدى. مەن ھازىر «ماناس» داستانىنى رۇسچىغا تەرجىمە قىلىۋاتىمەن ھەم شەرقشۇناسلىرىمىزنىڭ بۇ يات تىل بىلەن تونۇشۇۋېلىشى ئۈچۈن ئاددىي بىر سۆزلۈك تۈزمەكچىمەن. قىرغىز تىلى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى باشقا تىللارغا ئوخشاش كىچىك بۇخارالىقلار (قەشقەرلىكلەر)نىڭ ئېغىز تىلىغا يېقىن بولۇپ، تۈركىي تىللار تۈركۈمىگە كىرىدۇ. قىرغىز تىلىدا ئەرەبچە، پارسچىدىن كىرگەن سۆزلەر يوق ھېسابتا، ئەكسىچە باشقا تۈركىي تىللار بىلەن موڭغۇل تىلىدىن كىرگەن سۆزلەر ناھايىتى كۆپ. قىرغىزلار توغرىسىدىكى بايانلىرىمنىڭ ئاخىرىدا ئۇلارنىڭ تارقىلىش ئەھۋالى، ئاساسلىق ئۇرۇق قەبىلىلىرى توغرىسىدا توختالماقچىمەن. موڭغۇللار بۇرائغار ۋە جۇڭغاردىن ئىبارەت ئىككىگە ئايرىلغاندەك، قىرغىزلارمۇ ئوڭ قانات قىرغىزلار ۋە سول قانات قىرغىزلار دەپ ئىككىگە ئايرىلىدۇ. ئوڭ قانات قىرغىزلار يەنە ئۆز ئىچىدىن ئارگىنى بىلەن تاغاي قەبىلىلىرىگە بۆلۈنىدۇ. تاغاي ئەڭ چوڭ بىر قەبىلە بولۇپ، ئۇمۇ ئۆز ئىچىدىن بىر ـ بىرى بىلەن پېتىشالمايدىغان سارباغىش، بۇغا، سۇلتۇۋ، ساياق، چېرىك، چوڭباغىش ۋە باشسىز دېگەن ئۇرۇقلارغا ئايرىلىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى بۇغا ئۇرۇقى 1855 ـ يىلىدىن ئېتىبارەن روسىيىگە بېقىنىپ كېلىۋاتىدۇ. بۇغا ئۇرۇقىدا 11 ئاۋۇل بار. ئۇلار ئەتىيازدا ئىسسىقكۆلنىڭ جەنۇبىدىكى تېرىم يەرلەرگە ئۇرۇق چېچىۋېتىپ يازنى تېكەس، كېگىن دەريالىرىنىڭ بېشىدىكى يايلاقلاردا ئۆتكۈزىدۇ. سارباغىشلار 10 ئاۋۇل بولۇپ، ئۇلار چۇ دەرياسى بويلىرى بىلەن ئىسسىقكۆلنىڭ جەنۇبىدا ياشايدۇ. سۇلتۇۋلار 15 ئاۋۇل بولۇپ، جېدەل ـ ماجىراغا ئامراقراق خەق. ئۇلار چۇ، تالاس دەرياسى بويلىرى بىلەن پىشپەك قەلئەسى ئەتراپىدا ياشايدۇ. ساياق ئۇرۇقى نارىن دەرياسى بىلەن جۇڭغالا دەرياسىنىڭ باش تەرىپىدە ياشايدۇ. چېرىك ئۇرۇقى ئىسسىقكۆلنىڭ جەنۇبىدىكى تەڭرىتاغلىرى ئارىسىدا ياشايدۇ. چوڭباغىشلار قەشقەرنىڭ غەربىي شىمالىدىكى تاغلاردا ياشايدۇ. يۇقىرىقىلاردىن كېيىنكى ئىككىسى بىر قەدەر نامرات ئۇرۇق ھېسابلىنىدۇ. تاغاي قەبىلىسىنىڭ باشقا ئۇرۇقلىرى نەمەنگاننىڭ شىمالىنى بويلاپ ئەنجان تاغلىرى ۋە جومگول دەرياسىنىڭ باش تەرەپلىرىدە ياشايدۇ. ئادگىنى قەبىلىسىدىكى قىرغىزلار مەرغىلان، ئوش شەھىرى ئەتراپى بىلەن پەرغانە ۋادىسىدا يەر تېرىپ، يازنى ئوش بىلەن قوقان ئارىسىدىكى يايلاقلاردا ئۆتكۈزىدۇ. بۇ قىرغىزلار قوقان خانلىقىدا ئۆزبېكلەر بىلەن

www.uyghurkitap.com

ئوخشاش ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ قەبىلە باشلىقلىرىنىڭ خان ئوردىسىدا بولسۇن ياكى ئەسكىرىي قىسىمدا بولسۇن خېلى گېپى ئۆتىدۇ. قوقان خانىنىڭ ئالىمبەگ دادخاخ ئەسملىك ۋەزىرى ئەسلىدە ئاشۇ قىرغىزلارنىڭ بىر قەبىلەسىنىڭ باشلىقى ئىدى. ئۇ ئۆز قەبىلىسىدىكىلەرنى قوزغاپ هازىرقى مەللە خانىنىڭ تەختىنى ئىگىلىشىگە كۈچ چىقارغان. سول قانات قىرغىزلار كىچىك ـ كىچىك ئۇچ قەبىلىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، تالاس دەرياسى بويىدا ياشايدۇ. ئۇلارنىڭ قەبىلە باشلىقلىرى قوقان خانلىرى بىلەن تۇغقان كېلىدۇ. چۈنكى قوقان خانلىرىنىڭ كۆپ قىسمى ئوردىدىكى قىرغىز خانىشاردىن تۇغۇلغانىدى. قىرغىزلارغا كېيىن قوشۇلغان نايمان، قىپچاق، كېنتاي، ئىچكىلىك قەبىلىلىرى ئوش تەۋەسىدىن پامىر، بەدەخشان ۋە قاراقۇرۇملارغىچە بولغان يەرلەردە ياشايدۇ. قىرغىزلارنىڭ بۇغا قەبىلىسى روسىيىگە، قەشقەر تاشمىلىقتىكى تور ئايغىر ـ قىپچاق قەبىلىسى مانجۇ خانىغا قارىغاندىن سىرت باشقا قىرغىزلارنىڭ هەممىسى قوقان خانلىقىغا بېقىنىدۇ. ئۇلار قوقان تەرەپكە 100 ئاتقا بىر ئات زاكات تاپشۇرىدۇ. قوقان تەرەپ ئۇلارنى باشقۇرۇشقا ئاسان بولسۇن ئۈچۈن قىرغىز زېمىنلىرىدا بىر مۇنچە قەلئەلەرنى بىنا قىلدۇرغان بولۇپ، بۇ قەلئەلەر مۇنۇلار: چۇ دەرياسى بويىدىكى توقماق، پىشپەك، مېركى، تالاس دەرياسى بويىدىكى ئەۋلىيا ئاتا (قەدىمكى تاراز)، نارىن دەرياسى بويىدىكى قۇرتقا، توققۇز تۇراۋ. جۇڭغالا دەرياسى بويىدىكى كەتمەنتۆپە، جۇمغال شۇنداقلا پامىر ئېگىزلىكىدىكى بوستانتېرەك ۋە تاشقورغان قەلئەلىرىدىن ئىبارەت. مېنىڭ بۇ يىغىنغا تەييارلىغان دوكلاتىمنىڭ سەهىپىسى چەكلىك بولغاچقا، كېيىنكى ساياهىتىمنىڭ خاتىرىلىرىنى ئوقۇيالماي قالدىم. ئەگەر مېنىڭ يازمىشلىرىم هۆرمەتلىك ئەزا ئەپەندىلەرنىڭ نەزەرىگە ئېلىنغان بولسا كۆپچىلىككە قاراڭغۇ بولۇپ كېلىۋاتقان ئاسىيا ئىچكى قۇرۇقلۇقىغا قىلغان ساياهىتىمنىڭ خاتىرىلىرىنى يەنە بىر قېتىملىق يىغىلىشىمىزدا ئوقۇپ بېرىشنى مۇقەددەس بۇرچۇم دەپ قارايمەن.

ئىزاهاتلار:

① كارل رىتتېر ـ (1779 ـ 1859). گېرمانىيىلىك جۇغراپىيە ئالىمى. ئوتتۇرا ئاسىيانى تەتقىق قىلغۇچى.

② خومېنتوۋېسكى ـــ روسىيە ئارمىيىسىنىڭ ئوفىتسېرى هەم ئېكسپېدىتسىيىچى.

③ سېمېنوف ـــ (1827 ـ 1914) ـــ سېمېنوف تيانشانسكى. تۇنجى قېتىم تەڭرىتاغلىرىنى تەكشۈرۈپ چىققان رۇس جۇغراپىيە ئالىمى.

④ تاتارىنوف ـــ ئۇزاق مەزگىل بېيجىڭدا تۇرۇپ خەنزۇ تېبابىتى بىلەن خەنزۇ تىلىنى ئىگىلىگەن روسىيىلىك دوختۇر هەم دىپلومات.

⑤ كوۋالېۋىسكى ـــ (1811 ـ 1868) ـــ رۇس ئېكسپېدىتسىيىچىسى. 1853 ـ يىلى «جۇڭگوغا سەپەر» ناملىق ئەسىرى بار.

⑥ ئوبۇلغازى باهادىرخان ـــ (1603 ـ 1663) ـــ خىۋە خانى، مەشهۇر تارىخچى، «شەجەرەئى تۈرك» نىڭ ئاپتورى.

⑦ كلاپروت ـــ (1783 ـ 1835) ـــ گېرمانىيىلىك ئېكسپېدىتسىيىچى، ئۇ قەدىمىي تۈركىي خەلقلەرنى چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلغان ۋە 1805 ـ يىلى روسىيە تەكشۈرگۈچىلىرى تەركىبىدە شىنجاڭغا كەلگەن.

⑧ ئابېل رېموزا (1788 ـ 1832) ـــ فرانسىيىلىك شەرقشۇناس. ئۇ قەدىمىي تۈركىي خەلقلەر، خەنزۇ، مانجۇ، موڭغۇللار توغرىسىدا خېلى كۆپ ئەسەرلەرنى يازغان.

⑨ هۇمبولت (1769 ـ 1859) ـــ گېرمانىيىلىك ئېكسپېدىتسىيىچى هەم تەبىئەتشۇناس 1843 ـ يىلى «مەركىزىي ئاسىيا» ناملىق كىتابى نەشر قىلىنغان.

ئىياكىنىف بىچۈرىن ـــ مەشهۇر رۇس تارىخچىسى.

1985 ـ يىلى ئالمۇتىدا نەشر قىلىنغان قازاقچە «چوقان ۋە لىخانوف تاللانما ئەسەرلىرى» ناملىق كىتابتىن تەرجىمە قىلىندى.

**تەرجىمە قىلغۇچى: مەتتىمىن ئۆمەر**

**هۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلەر:**

تەھرىراتىمىز «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 1998 ـ يىللىق سانلىرىدىن 2005 ـ يىللىق سانلىرىغىچە توپلام قىلىپ ئىشلىدۇق.

سېتىۋالغۇچىلارنىڭ بىز بىلەن ئالاقىلىشىشىنى قىزغىن قارشى ئالىمىز. يەككە باهاسى 35 يۈەن.

ئالاقىلاشقۇچىلار: **ئەسقەر مەخسۇت، خۇرسەنئاي مەتتىمىن**

تېلېفون: 8914609، 8177315، 4554017 (0991)



ئابلىز مۇھەممەد سايرامى

# ئۇيغۇرلاردا چاي مەدەنىيىتى

ئۇيغۇر خەلقى ئۆزلىرىنىڭ جۇغراپىيىلىك شارائىتى، ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى، تۇرمۇش مۇھىتى، ياشاش ئادىتى ۋە كۈندىلىك تۇرمۇشىغا خاس چاي مەدەنىيىتىنى شەكىللەندۈرگەن. ئەجدادلىرىمىزنىڭ چايغا ھېرىسمەنلىكى، چايدىن ئايرىلالمايدىغانلىقى، چايخۇمارلىقى، مېھماندوستلۇقىدىن ئىبارەت مۇنداق ئېتنىك ئۆرپ ـ ئادىتى ناھايىتى ئۇزاق زامانلاردىن تارتىپ داۋاملىشىپ كەلگەن.

شۇڭا، ئۇيغۇر خەلقى تۇرمۇشىدىكى چاي مەدەنىيىتى ئەنئەنىسى ئۈستىدە ئىزدىنىش، چاي (ئىچىش) ئادىتى، چاي ھازىرلاش ئۇسۇلى، چاي تۈرلىرى ۋە چاينىڭ خۇرۇچلىرى (خام ئەشيا) ھەم چاي قاچا ـ قۇچا سايمانلىرى قاتارلىقلار ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىش — ئۇيغۇر خەلقىنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك جەھەتتىكى فولكلور بايلىقىنى ئېچىشتىكى مۇھىم بىر تەتقىقات تېمىسى ھېسابلىنىدۇ.

**ئۇيغۇرلاردا چاي مەدەنىيىتىنىڭ شەكىللىنىشى**

مەدەنىيەت دېگەندە، بىز بۇ يەردە ئىنسانلارنىڭ ئەجابىي ئەمگىكى نەتىجىسىدە يارىتىلغان ھەر بىر بايلىقنى كۆزدە تۇتىمىز. بۇ بايلىق ماددىي ۋە مەنىۋى ئامىللارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھەر بىر مىللەتنىڭ تۇرمۇشىدىكى ئۆزىگە خاس ئالاھىدە بەلگىلەر — يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك ۋە باشقا بارلىق ماددىي ۋە مەنىۋى بەلگىلەرنىڭ ھەممىسى مىللىي مەدەنىيەت كاتېگورىيىسىگە كىرىدۇ. ھەر بىر مىللىي مەدەنىيەتنىڭ يارىتىلىش تارىخى ۋە ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلىرى بولىدۇ.

چاي مەدەنىيىتى ئۇيغۇر تۇرمۇشىدا قەدىمدىن ھازىرغىچە بار ئىكەن، ئۇنىڭ كېلىپ چىقىش تارىخى زادى قانچىلىك؟ «چاي»نى بىر ئىچىملىك سۈپىتىدە ئۇيغۇرلار قاچاندىن بېرى تاللىۋالغان؟ ئۇلار قانداق نەرسىلەرنى چاي ئورنىدا ئىشلەتكەن؟ مانا بۇلار ئۇيغۇرلاردىكى ئېتنىك ئۆرپ ـ ئادەتكە ئايلانغان چاي مەدەنىيىتى ھەققىدىكى فولكلور قاتلىمىنى يورۇتۇشنىڭ ئالدىنقى شەرتلىرىدىن بىرى.

**ئۇيغۇرلارنىڭ چاي مەدەنىيىتى ئۇزاق تارىخىي تەرەققىياتنىڭ مەھسۇلىدۇر**

قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز ئىپتىدائىي چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان دەۋرلەردە، ئۆي ھايۋانلىرىنىڭ گۆشىنى ئوزۇقلۇق، كالا، قوي سۈتلىرىنى ئىچىملىك قىلغان. ئىپتىدائىي دېھقانچىلىق بارلىققا كەلگەندىن كېيىن، قوشۇمچە چارۋا ـ مال بېقىش ۋە سۈت ئىچىش داۋاملىشىپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن نوپۇسنىڭ كۆپىيىشى ئارقىسىدا ئىچىملىك

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



ئېھتىياجىنى سۈت ئارقىلىق تەمىنلەش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئەجدادلىرىمىز ئۇزاق مۇددەتلىك تۇرمۇش ئەمەلىيىتى داۋامىدا، پىشۇرۇلغان ئاش ـ تاماقلارنىڭ سىڭىشلىك، تەملىك ئىكەنلىكىنى، قايناق سۈت ۋە قايناق سۇنىڭ خام سۈت ھەم سوغۇق سۇغا قارىغاندا بەدەننىڭ ساقلىقىنى ساقلاشقا پايدىلىق ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە ھەر خىل ئاشلىقلار، ياغلىق دانلار، گۆشلەر، مېۋە ـ چېۋىلەر ۋە ئوت ـ چۆپلەرنىڭ تەمى، خۇسۇسىيىتىنىڭ پەرقلىق ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ ئوزۇقلۇق بولۇشتىن تاشقىرى، ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا بەزى كېسەللىكلەرنى داۋالاش ئۈنۈمىنىڭ بارلىقىنى بايقىغان. شۇنداق قىلىپ، بەزى ئوت ـ چۆپلەرنى مەقسەتلىك ھالدا سۇ بىلەن قاينىتىپ ئىچىشكە ئادەتلەنگەن ① .

كېيىنكى دەۋرلەردە، ئەجدادلىرىمىزنىڭ چاي بىلەن تونۇشۇش ۋە چاي دەملەپ ئىچىشىنىڭ ئومۇملىشىشى نەتىجىسىدە «چاي» ئاتالغۇسى ھەر خىل چايلاردىن، سۈتلەردىن، مېغىزلاردىن، يەككە ياكى مۇرەككەپ تەڭشەلگەن دورا، ئوت ـ چۆپلەردىن دەملەپ تەييارلانغان ئىچىملىكلەرنىڭ ئومۇمىي نامىغا ئايلىنىپ كەتكەن. دېمەك، ئۇيغۇرلارنىڭ چاينى بىلىشى كېيىنرەك بولسىمۇ ۋە ھازىر ئاساسىي ئىچىملىك مەدەنىيىتى — چاي مەدەنىيىتى دەپ ئاتالسىمۇ، لېكىن بۇ مەدەنىيەتنىڭ كېلىپ چىقىشى ئەجدادلىرىمىزنىڭ چاي بىلەن تونۇشۇشىدىن كۆپ بالدۇر ئىدى. ئۇنىڭ ئەڭ يىراق يىلتىزى ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىكى سۈت ئىچىش ئادىتى ۋە قايناق سۇ، قايناق چۆپ ئىچىش ئادىتىگە تۇتىشىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ خەلق ئېغىز ئىجادىدا ئۇيغۇرلارنىڭ «چاي» بىلەن باغلىق بولغان ئۆرپ ـ ئادەتلىرى بايان قىلىنغان. شۇنىڭغا ئاساسەن ئېيتىش مۇمكىنكى: «چاي» مەدەنىيىتى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كۆچمەنچى قەبىلە بولۇپ ياشاۋاتقان ئىجتىمائىي ھالىتىدىلا شەكىللىنىشكە باشلىغان. يىرىك يېمەكلىكلەرنى پىشۇرۇش ئومۇملىشىشتىن ئاۋۋال، ئىچىملىك ئومۇملاشقان، ئۇ چاغدا كىشىلەر «تاتلىق سۇ» ۋە «شىپالىق سۇ»لارنى ئىستېمال قىلىشنى بىلگەن. ئولتۇراقلىشىش ۋە دېھقانچىلىق مەدەنىيىتى ئومۇملىشىپ، مەدەنىي ئۆسۈملۈكلەر كەڭ تېرىلىشتىن ئاۋۋال ئەجدادلىرىمىز ئوت ـ چۆپ ۋە مېۋە ـ چېۋىلەر ئىچىدىكى شىپالىق نەرسىلەرنى چاي ئورنىدا ئىشلەتكەن. مەسىلەن، يالپۇز، گازۋان، ئارپىبەدىيان، دولانە، بېھى قاتارلىقلار «مەززىلىك، پۇراقلىق، شىپالىق ئىچىملىكلەر»نىڭ ياسىلىشىدا ئاساسلىق مەنبە بولغان ② .

قەدىمكى شىنجاڭ، ماۋارەئۇننەھر (ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئىككى دەريا ئارىلىقىدىكى رايونلار) ۋە يەتتىسۇ رايونلىرىدا ياشىغۇچى خەلقلەر يىلنىڭ ھەر بىر پەسلىدە شۇ پەسىل تەبىئىتىگە ماس كېلىدىغان ئۆسۈملۈكلەردىن چاي دەملەپ ئىچىشكە ئادەتلەنگەن. بۇ خىل ئادەتلەر ئەجدادلارنىڭ ناھايىتى ئۇزاق يىللىق ئەمەلىي تەجرىبىسى نەتىجىسىدە سالامەتلىكنى ئاسراش ۋە ئەمگەك ـ جىسمانىي ئۆسۈش ئۈنۈمدارلىقىنى ئۆستۈرۈشنى مەقسەت قىلىپ كەشىپ قىلغان مەنىۋى مەدەنىيەتتۇر.

ئىجتىمائىي تەرەققىيات ۋە دېھقانچىلىق مەدەنىيىتىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، دەملەپ ئىچىلىدىغان چاي ئۆسۈملۈكىنى مەخسۇس تېرىلىدىغان ئۆسۈملۈككە ئايلاندى.

ئىنسانىيەت چاي مەدەنىيىتى تارىخىدا چاي ئۆسۈملۈكىنى تۇنجى قېتىم تېرىشنى كەشىپ قىلغان ئەل — قەدىمكى جۇڭگودۇر. تارىخىي مەلۇماتلارغا قارىغاندا، جۇڭگونىڭ جەنۇبىي ۋە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونلىرىدا مىلادىيىدىن ئاۋۋالقى 6 ـ ئەسىردە، يەنى بۇنىڭدىن تەخمىنەن 2600 يىل بۇرۇن چاي ئۆسۈملۈكىنى تېرىش، مەخسۇس چاي ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىش خېلى كەڭ ئومۇملاشقان، شۇڭا، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى تارىخىدا چاينىڭ ۋەتىنى جۇڭگو ئىكەنلىكى پۈتۈن دۇنياغا ئايان.

دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىغا چاي ئۆسۈملۈكى كېيىنرەك تارقالغان. بۈگۈنكى زاماندا چاي تېرىلىدىغان ئەللەردىن ھىندونېزىيىدە 1824 ـ يىلى، ھىندىستان ۋە سەيلوندا 1834 ـ يىلى، گرۇزىيىدە 1847 ـ يىلى، روسىيىنىڭ كراسنودار قاتارلىق جايلىرىدا 1885 ـ ، 1910 ـ يىللاردا، ئەزەربەيجاندا 1912 ـ يىلى چاي ئۆسۈملۈكى تېرىلىشقا باشلىغان③ .

شىنجاڭدا چاي ئۆسۈملۈكى تېرىلمايدۇ، چۈنكى شىنجاڭ تروپىك بەلۋاغدىن يىراق بولغاچقا ھاۋا كلىماتى ماس كەلمەيدۇ. لېكىن شىنجاڭ جۇڭگو چېيىنىڭ ئەڭ قەدىمدە پۈتۈن دۇنياغا تارقىلىشىدا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىغان. «يىپەك يولى» ئارقىلىق غەربكە يۆتكەلگەن ئەڭ دەسلەپكى تاۋار — چاي بولغان. جۇڭگو چېيى شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ئارقىلىق ھەممىدىن ئاۋۋال كىچىك ئاسىيا ۋە ئوتتۇرا شەرق ئەللىرىگە يېتىپ بارغان. تارىخىي مەلۇماتلاردا خاتىرىلىنىشىچە، جۇڭگو چاي كارۋىنى تۇنجى قېتىم مىلادىيىدىن ئاۋۋالقى 2 ـ ئەسىردە ئورتا شەرقتىكى ئەڭ ئاۋات ئەل ۋىزانتىيىگە يېتىپ بارغان. دېمەك،

قەدىمكى جۇڭگو تۇنجى بولۇپ ئەرەب ئەللىرىدە ئۆزىنىڭ يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتى — چاي ئارقىلىق داڭق چىقارغان ④ .

ئۇيغۇر خەلقى تۇرمۇشىدا قەدىمدىن شەكىللەنگەن چاي مەدەنىيىتى جۇڭگو چاي مەھسۇلاتى سودىسىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە غەربىي ئەللەرگىچە قانات يېيىشىدا مۇھىم ۋاستە بولدىغان. ئۇيغۇر سودىگەرلەر چاينىڭ تەمى ۋە سورتىنى پەرقلەندۇرۇشكە ماھىر ئىدى. 15 ـ، 17 ـ ئەسىرلەردە قەشقەر، يەكەن، ئاقسۇ، قومۇل شەھەرلىرىدىن ئوتتۇرا ئاسىيا، ئىران ۋە كىچىك ئاسىيا ئەللىرىگە، خوتەندىن ھىندىستانغا مەخسۇس چاي سودىسى بىلەن بارغان چوڭ سودا كارۋانلىرى ھەققىدە يازما تارىخىي خاتىرىلەر بار.

## ئۇيغۇرلاردا چاي (ئىچىش) ئادىتى

يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەندەك، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك ۋە تۇرمۇش مەدەنىيىتى ئىچىدە چاي (چاي ئىچىش) ناھايىتى مۆتىۋەر مەدەنىي ئادەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ، بۇ مەدەنىيەت ئۇيغۇر، ئۆزبېك، قازاق، تاتار ۋە باشقا مىللەتلەر ئۈچۈن ئورتاقتۇر. شۇنداقتىمۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ چاي ۋە چايخورلۇق ئادىتىدە ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەر بار. مەسىلەن، ئۇيغۇر تۇرمۇشىدا مېھمان ئەزىز ھېسابلىنىدۇ. مېھمان ھەر قانداق ئالىي تاماقتىن بۇرۇن چاي بىلەن كۈتۈلىدۇ. توي قىلىشقا پۈتۈشۈلگەندىن كېيىن ئۆتكۈزۈلىدىغان مىننەتدارلىق مۇراسىمى «چاي ئىچۈرۈش» دەپ ئاتىلىدۇ. بىرەر چوڭ مەرىكىنى ئۆتكۈزۈش ئالدىدا بىر ئائىلىنىڭ يۇرت ـ جامائەت بىلەن كېڭىشىش ئۈچۈن ئۆتكۈزۈلىدىغان مۇراسىمى «مەسلىھەت چېيى» دەپ ئاتىلىدۇ. ئازارلىشىپ قالغان ئىككى كىشىنىڭ ئاداۋەتنى يۇيۇپ قايتىدىن ئەپ بولۇش ئۈچۈن ئۆزئارا ئۆتكۈزگەن سۆھبىتى «ناماقۇللۇق چېيى» دەپ ئاتىلىدۇ. ۋاقىتلىق ئىش بىلەن ئۆيگە كەلگەن مېھمان «سىن چاي» (تاماقسىز، بەزىدە تاتلىق ـ تۈرۈم بىلەن بېرىلىدىغان چاي) بىلەن كۈتۈلىدۇ، تويدىن كېيىن يېڭى ئەر ـ خوتۇنلار ئەمدىلا باشلانغان تۇرمۇشنى تەبرىكلەش ئۈچۈن يۇرت ـ جامائەت ئوتتۇز ئوغۇل (ياشلار)غا «توي چېيى» بېرىدۇ، يېڭى ئۆيگە كۆچكەندە «ئۆي چېيى» ئۆتكۈزۈلىدۇ. ئومۇمەن، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تۇرمۇشىدا مۇراسىم تۈسىنى ئالغان ھەر بىر مەدەنىي پائالىيەت «چاي» نامى بىلەن ئاتىلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، ئۇيغۇر ئۆرپ ـ ئادىتىدە «چاي» سۆزىنىڭ كۆپ مەنالىق ئۇقۇملارنى بىلدۈرىدىغانلىقىمۇ ھەممىگە مەلۇم، مەسىلەن، «خام چاي» (مەرىكىنى پىششىق تاماق بىلەن ئەمەس، پۇل ياكى ماددىي نەرسىلەر بىلەن تەبرىكلەش)، «چاي تۇتۇش» (مەشرەپلەردە بىر ـ بىرىنى ئويۇنغا تەكلىپ قىلىش)، «چېيىنى ئېلىش» (ھاجەتمەننىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىپ، ھەققىنى ئېلىش، پايدىسىنى ئېلىش)، «چاي بېرىش» (مېھمان چاقىرىش ياكى مۇراسىم ئۆتكۈزۈش) ۋەھاكازالار...

چاي بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ئۆرپ ـ ئادەتلەر ئۇيغۇرلاردا باشقا ھېچقانداق مىللىي ئادەتلەرگە ئوخشىمايدىغان بىر خىل ئۆزگىچىلىكتۇر. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى «چاي مەدەنىيىتى»نىڭ ئۇيغۇر خەلقى ئېتنىك تۇرمۇشىدا ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

بۇ يەردە شۇنى ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈش لازىمكى، ئۇيغۇرلاردا چاي ئىستېمال قىلىش ئادىتى ناھايىتى قەدىمىي ئادەت بولۇش بىلەن بىللە يەنە ئۆرپ ـ ئادەت، ئىجتىمائىي ئەخلاق ۋە تۇرمۇش قائىدە ـ يوسۇنلىرىنىڭ پەيدا بولۇشى ھەمدە كېڭىيىشىگىمۇ سەۋەب بولغان. مەسىلەن، چاينى قانداق دەملەش، قانداق قۇيۇش، مېھمانغا قانداق تۇتۇش قاتارلىق ھەرىكەتلەرنىڭ ھەممىسىدە بىر خىل ئەدەپ ـ ئەخلاق بەلگىلىمىسىگە رىئايە قىلىنىشى كېرەك. ئالايلى، چەينەكتىكى سۇغا ئاۋۋال چاي سېلىپ ئاندىن قاينىتىشقا بولمايدۇ. سۇ قاينىغاندا ئاندىن چاي سېلىنىدۇ (بۇنىڭ مەلۇم ئىلمىي ئاساسى بار). چاينى پىيالىگە تولدۇرۇپ قۇيۇش، مېھمانغا سول قول بىلەن چاي تۇتۇش، چاينى پۇۋلەپ ئىچىش، قاداق، پۇچۇلغان پىيالىدە چاي بېرىش قاتارلىق ھەرىكەتلەر ئۇيغۇر مېھماندارچىلىق ئادىتىدە ئەدەپسىزلىك ۋە «سورۇن كۆرمىگەن»لىك ھېسابلىنىدۇ. داستىخانغا چاي كەلگەندە مېھمانىنىڭ ۋە ساھىبخانىنىڭ ھەرىكىتىگە قاراپ ئۇلارنىڭ ئەخلاقىي ـ پەزىلىتىگە باھا بەرگىلى بولىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، ئۇيغۇرلاردا چاي ئىدىشلىرى (چىنە ـ چەينەك) ناھايىتى چىرايلىق، سەنئەتلىك بولىدۇ. ئارخېئولوگىيىلىك قېزىلمىلار ئىچىدە ئۇيغۇرلارنىڭ چاي مەدەنىيىتىگە ئائىت نەقىشلىك چەينەكلەر، گۈللۈك پىيالىلەر ۋە خونچا ـ پەتنۇسلار — باشقا مىللەتلەر چاي مەدەنىيىتى بۇيۇملىرىدىن ئۆزىنىڭ خاس بەلگىلىرى بىلەن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ چاي مەدەنىيىتى ئۆرپ ـ ئادىتىدە چاي ئىچىش، چاي دەملەشكە ئالاقىدار بىر يۇرۇش مەخسۇس

www.uyghurkitap.com





قاچا ـ قۇچا، سايمانلارمۇ بارلىققا كەلگەن. مەسىلەن، چاي قازىنى (مىستىن ياسىلىدۇ، چوڭ ـ كىچىكلىكى ھەر خىل بولىدۇ)، ساماۋەر (مەركىزىي قىسمىدا ئوتخانا ئىس يولى، ئۇنىڭ ئەتراپىدا سۇ قاچىلايدىغان قورسىقى بولغان بىر خىل ئالاھىدە قازان)، چاي چۆگۈنى (مەخسۇس چاي ياكى قايناق سۇ قاينىتىشقا ئىشلىتىلىدىغان مىس چۆگۈن)، چاي قۇتىسى (قۇرۇق چاي ۋە چاي دورىلىرىنى قاچىلاشقا ئىشلىتىدۇ، ياغاچتىن قىرىپ ياسىلىدۇ ياكى مىس، تۇچ ـ تۆمۈرلەردىن ياسىلىدۇ، سىلىندىر ياكى كۆپيۈنكى قورساقلىق كېسەك كونۇس شەكلىدە بولىدۇ)، چاي خالتىسى (ھەر خىل رەڭدار رەختلەر قۇراق كەشتە ياكى تىكمە كەشتە ئارقىلىق كەشتىلىنىپ، ئەستەرلىنىدۇ، قۇرۇق چاي ياكى دورا ـ دەرمەكلەر قاچىلىنىدۇ). چەينەك (مىس ياكى تۇچتىن ھەر خىل شەكىل ۋە چوڭ ـ كىچىك قىلىپ ياسىلىدۇ، يەنە فارفۇر چەينەكلەرمۇ بولىدۇ، چاي دەملەشكە ئىشلىتىلىدۇ)، چەينەكپاي (چاي دەملەش ۋاقتىدا چەينەك ئاستىغا قويۇلىدىغان تەگلىك)، چاي قالپاق (چاي دەملەنگەندە چەينەككە كىيدۈرۈپ قويۇلىدىغان، رەڭدار كەشتىلەنگەن، چاينى ئىسسىق ساقلايدىغان رەخت قالپاق)، چاي تۇتقا (بىر نەچچە قات رەختتىن ياكى ئەستەر ئارىسىغا پاختا ئېلىپ تىكىلىدىغان چەمبىرەك ياكى چاسا شەكىللىك بۇيۇم بولۇپ، چاي چۆگۈنى ۋە چەينەكلەرنى قىزىق ھالەتتە تۇتۇشتا قولنى مۇھاپىزەت قىلىش رولى بار)، ھېجىر (چاي ئىچىدىغان ساپال قاچا ـ قۇچا)، چاي چۆچەكى (چاي ئىچىدىغان ياغاچ قاچا، ياغاچتىن قىرىپ ياسىلىدۇ)، پىيالە (چاي ئىچىدىغان فارفۇر قاچا)، پەتنۇس (مىس، تۇچ ياكى قاڭالتىردىن ياسىلىدىغان، چاي پىيالىلىرى تىزىلىدىغان بىر خىل لېگەن) قاتارلىقلار. بۇلار دەسلەپتە ھايۋان مۈڭگۈزى ۋە سۆڭەكلەردىن، ئۇنىڭدىن كېيىن مىس قاتارلىق مېتاللاردىن، ئۇنىڭدىن كېيىن ئەينەكتىن، ياغاچتىن، سېغىزدىن، ئاخىرىدا فارفۇر بۇيۇملاردىن ياسىلىدىغان بولغان.

## ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىدىكى سۈت چاي، مېغىز چاي، تۇخۇم چاي، غازاڭ چاي ۋە قەنت چايلار

ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا كۆپرەك ئىستېمال قىلىنىدىغان چايلارنى كېلىش مەنبەسى ۋە سۈپىتىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ سۈت چاي، مېغىز چاي، تۇخۇم چاي، غازاڭ چاي ۋە قەنت چاي دەپ بەش خىلغا بۆلۈش مۇمكىن.

### 1. سۈت چايلار

سۈت چاي قايناق سۇ رەڭگىنى سۈت رەڭگىگە كىرگۈزىدىغان ھەر خىل خۇرۇچلاردىن تەييارلىنىدىغان چايلارنى كۆرسىتىدۇ. ئۇلارنى ماتېرىيال پەرقىگە قاراپ، سۈتلۈك چاي، مېغىز چاي، تۇخۇم چاي دېگەن تۈرلەرگە بۆلۈش مۇمكىن.

سۈتلۈك چاي: سۈتلۈك چاي كالا سۈتى، قوتاز سۈتى، قوي سۈتى، ئۆچكە سۈتى قاتارلىقلار ئاساسىي خۇرۇچ قىلىپ تەييارلىنىدىغان چايلاردۇر. سۈت مۆتىدىل تەبىئەتلىك بولۇپ، تەركىبىدە ياغ، ئاقسىل قاتارلىق ماددىلار بىر قەدەر مول. ئۇنىڭدىن باشقا كالىي، كالتسىي، فوسفور، ناترىي، گۈڭگۈرت، تۆمۈر، مىس، يود قاتارلىق ئادەم بەدىنىگە كېرەكلىك ھەر خىل ئېلېمېنتلار بار. سۈتتە يەنە ۋىتامىن B گۇرۇپپىسىدىكى كۆپ خىل ۋىتامىنلار بار. سۈت ئاسان ھەزىم بولىدىغان سۈپەتلىك ئوزۇقلۇق بولۇپ، تەرەتنى راۋانلاشتۇرۇپ، تېرىنى پارقىرىتىش، مېڭە، يۈرەك قاتارلىق ئەزالارنى قۇۋۋەتلەش، كۆزنى روشەنلەشتۈرۈش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

خۇسۇسىيەت جەھەتتە بۇغا سۈتى ئالدىنقى ئورۇندا، قوتاز سۈتى ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. كالا، تۆگە، ئۆچكە، قوي سۈتلىرى ئوتتۇراھال، بايتال سۈتى تۆۋەن سۈپەتلىك ھېسابلىنىدۇ.

ئەتكەن چاي: قازان ياكى چەينەكتە قاينىتىلغان سۇغا چاي سېلىپ سۇس ئوتتا بىر ئۆرلىتىلىدۇ، ئاندىن ئۈستىگە سۈت قۇيۇپ يەنە بىر ئۆرلىتىپ ئېلىنىدۇ. ئادەتتە ئىككى جىڭ سۇغا تۆت مىسقال قارىچاي، بىر جىڭ سۈت قۇيۇلىدۇ، تەم تېتىغۇدەك دەرىجىدە ئاش تۇزى سېلىنىدۇ. بەزىلەر تۇز سالماي شېكەر قوشۇپ ئىستېمال قىلىدۇ.

قايماق چاي: قاينىغان سۇغا چاي سېلىپ بىر ئۆرلىتىلىدۇ. خام قايماققا مۇۋاپىق مىقداردا تۇز سېلىپ ئايرىم قاچىدا قوچۇپ سۇيۇلدۇرۇلىدۇ، ئاندىن قايناق چايغا قۇيۇپ يەنە بىر ئۆرلىتىلىدۇ، ئىككى جىڭ سۇغا ئادەتتە ئىككى ـ ئۈچ سەر خام قايماق، بىر قوشۇق ئاش تۇزى قوشۇلىدۇ.

### 2. مېغىز چاي

مېغىز چاي ھەر خىل مېۋە مېغىزلىرىنى خۇرۇچ قىلىپ، چاي رەڭگىنى سۈت رەڭگىگە كىرگۈزۈپ تەييارلىنىدىغان چايدۇر. خۇرۇچ پەرقىگە قاراپ ياڭاق چاي، بادام چاي دەپ ئايرىلىدۇ، رەڭگى ئوخشاش بولسىمۇ، خۇسۇسىيەتلىرى پەرقلىنىدۇ.

ياڭاق چېيىنى تەييارلاشتا ئاۋۋال ياڭاق تونۇرغا سې-

لىپ قىزىتىلىدۇ ياكى مېغىزى قازاندا قورۇپ سارغايتىلىدۇ، ئاندىن يۇمشاق سوقۇلىدۇ، ئازراق سۈيۈق تۇز قۇيۇلۇپ، تەكشى ئارىلاشتۇرۇلىدۇ. ياڭاق چېيى مېھمان كۈتۈش ئۈچۈن تەييارلانماقچى بولسا سوقۇپ تەييارلانغان ياڭاق مېغىزى ئۈستىگە ئازراق قايناق سۇ قۇيۇپ قوچۇلىدۇ. ئۈستىگە دەملەنگەن قارىچاي قۇيۇپ، قاچىنىڭ ئاغزى بىردەم يۆگەپ تىندۇرۇلىدۇ، ئاندىن چاي ۋە ياڭاق مېغىزىنىڭ تىرىپلىرى داكىدا سۈزۈپ تاشلىنىدۇ. ئائىلىدە ئىستېمال قىلىش ئۈچۈن تەييارلانسا سۈزۈلمىسىمۇ بولىدۇ. ئىككى جىڭ سۇغا ئادەتتە ئىككى سەر ئەتراپىدا ياڭاق مېغىزى ئىشلىتىلىدۇ. ياڭاق چېيى خەلق تىلىدا «ياڭاق بىلەن چاي سۈتلەش» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ، يېزىدا كۆپ ئىستېمال قىلىنىدىغان بىر خىل چاي تۈرىدۇر.

### 3. تۇخۇم چاي

توخۇ تۇخۇمنى خۇرۇچ قىلىپ تەييارلىنىدىغان بۇ چاي خۇرۇچ ۋە تەييارلاش جەھەتتىكى پەرقىگە قاراپ تۇخۇم چاي ۋە خام شىرە چاي دەپ ئىككىگە ئايرىلىدۇ.

تۇخۇم چاي تەييارلاشتا ئون تۇخۇم ئىككى جىڭ سۈتكە قۇيۇپ قوچۇپ تەكشى ئارىلاشتۇرۇلىدۇ، ئاندىن ئىككى جىڭ سۇ قوشۇلۇپ قازانغا قۇيۇپ ئاستا قاينىتىپ پىشۇرۇلىدۇ. تۇخۇمنىڭ قازان تېگىگە ئولتۇرۇپ پىشلاق بولۇپ قېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن قاينىتىش ۋاقتىدا قازان قوچۇپ تۇرۇلىدۇ. تۇخۇم چاي گەرچە «چاي» دەپ ئاتالسىمۇ، لېكىن چاي قوشۇلمايدۇ. شىرىنلىك، خۇشبۇي، قېنىق قايماق رەڭلىك، ئالاھىدە قۇۋۋەتلىك بولىدۇ. تۇخۇم چاي قارا قۇرۇم باغرىدىكى تاغلىق رايون خەلقىنىڭ ئەتىۋارلىق مېھمانلىرىنى كۈتۈۋېلىشتا تەييارلىنىدىغان ئالاھىدە چايدۇر. تۇخۇم چاينى ئېھتىياجىغا قاراپ تۇز ياكى شېكەر قوشۇپ ئىستېمال قىلىشقىمۇ بولىدۇ.

خام شىرە چاي تەييارلاشتا ئىككى ـ ئۈچ دانە تۇخۇم چېقىلىپ قاچىغا قۇيۇپ تەكشى ئارىلاشتۇرۇلىدۇ. ئۈستىگە تولۇق قاينىغان بىر جىڭ ئەتراپىدىكى قايناق سۇ قۇيۇلۇپ، دەرھال قوچۇپ ئارىلاشتۇرۇلىدۇ. تۇخۇم چالا پىشىپ پىشلاققا ئايلىنىدۇ. خام تۇخۇم ھىدى بىر قەدەر كۈچلۈك بولىدۇ. شۇڭا، «خام شىرە چاي» ياكى «تۇخۇم بىلەن چاي سۈتلەش» دەپمۇ ئاتىلىدۇ ⑤ .

### 4. يوپۇرماق چايلار

يوپۇرماق چاي دەرەخ يوپۇرمىقىدىن ئىشلەپ چىقىرىلىدىغان ھەر خىل چايلارنى كۆرسىتىدۇ. ئادەتتە «ـ چاي» چاي دەرىخىنىڭ يوپۇرمىقىدىن تەييارلانغان چايلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

چاي ـ مەشھۇر ئىچىملىكلەرنىڭ بىرى، چاي دەرىخىنىڭ يوپۇرمىقىنى قۇرۇتۇش بىلەن تەييارلىنىدۇ. چاينىڭ ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا كۆپرەك تارقالغان، بىر قەدەر تونۇشلۇق بولغان تۈرى تۆۋەندىكىچە:

قارىچاي: چاي دەرىخىنىڭ يوپۇرماق ۋە بىخلىرىنى يىغىۋېلىپ، ئېچىتىپ، پىششىق خىش شەكلىدە، ھەر خىل چوڭلۇقتا ياسالغان چاي، رەڭگى قارا ياكى قارىغا مايىل بولغاچقا «قارىچاي» دەپ ئاتالغان ⑥ .

پەملچاي: چاي دەرىخى يوپۇرماقلىرىنى ئۈزۈپ قۇرۇتۇپ ئىشلەنگەن چاي بولۇپ، دانىسى ئۇششاق، رەڭگى قارىغا مايىل كېلىدۇ. ئۇيغۇر خەلقى بۇ خىل چاينى مۆتىدىل تەبىئەتلىك دەپ قارايدۇ.

كۆكچاي: چاي يوپۇرماقلىرى دانىمۇ دانە قۇرۇتۇلۇپ ئىشلەنگەن چاي بولۇپ، رەڭگى كۆكۈچ ياكى سارغۇچ، قارا كېلىدۇ. دەملىگەندە يوپۇرماقلىرى ئەسلىگە كېلىدۇ.

قىزىلچاي: بۇ كۈنجۈت چوڭلۇقىدىكى قارا كىرىستال چاي بولۇپ، تەبىئىتى ئىسسىق، دەملىگەندە قىزغۇچ رەڭگە كىرىدۇ. سوغۇق مىجەزلىك، كەم ماغدۇر كىشىلەرنىڭ ئىستېمال قىلىشىغا باب كېلىدۇ، دەپ قارىلىدۇ.

ئاق چاي: چاي يوپۇرمىقىنى دانىمۇ دانە شار شەكلىگە كەلتۈرۈپ قۇرۇتۇلغان چاي.

دومچاي: يوپۇرماقلىرىنى ئۈزۈپ يۇمىلاق توقاچ سوپۇن شەكلىدە قاتۇرۇپ ياسالغان بىر خىل چاي، ئۇنىڭ بىر تەرىپىدە دامان نان ئويمانچىسىغا ئوخشاش ئويمانچىسى بولىدۇ. بۇ چاينى قارىچاي سەپرايىغا تېگىدىغان كىشىلەر ئىستېمال قىلىدۇ.

تاشچاي: شەكلى ۋە رەڭگى قارىچايغا ئوخشاش بىر خىل تاختا چاي، ناھايىتى قاتتىق كېلىدۇ. سۇندۇرۇش ياكى كېسىش خېلى قىيىن. ئىسسىق مىزاج كىشىلەر دەملەپ ئىچىدۇ.

### 5. قەنت چايلار

بۇ سۈت چاي، دورا چاي ياكى يوپۇرماق چايلارنىڭ تاتلىق تەم خۇرۇچلىرى قوشۇلۇپ تەييارلانغان چايلارنىڭ ئومۇمىي نامىدۇر. چايغا قوشۇلىدىغان تاتلىق تەم خۇرۇچلىرى ناۋات، ھەسەل، قەنت ـ شېكەر قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولۇپ، چەينەككە سېلىنماي چاي قاچىسىغا سېلىنىپ، ئۈستىگە دەملەنگەن چاي قۇيۇپ ئېرىتىپ ئىچىلىدۇ. بەزىدە قەنت ياكى ناۋات چاي خۇرۇچلىرى بىلەن بىللە چەينەككە سېلىپ دەملەپمۇ ئىچىلىدۇ. بۇنداق

www.uyghurkitap.com

چايلاردا تەم ئاساس، رەڭ قوشۇمچە بولىدۇ. شۇڭا، تاتلىق تەم خۇرۇچىنىڭ نامى قوشۇلۇپ «ھەسەل چاي»، «ناۋات چاي»، «قەنت چاي»، «شېكەر چاي» دەپ ئاتىلىدۇ.

## ئۇيغۇرلاردا دورا چاي (ئىچىش) مەدەنىيىتى

ئۇيغۇرلارنىڭ سۈت چاي، يوپۇرماق چاي ۋە قەنت چاي ئىچىش ئادىتىدىن باشقا، يەنە دورا چاي ئىچىش ئادىتىمۇ ناھايىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە. ھازىرغىچە يۈرگۈزۈلگەن ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ـ قېزىشلارغا قارىغاندا، دىيارىمىزدىكى قەدىمكى شەھەر ـ قەلئە خارابىلىرى بىلەن ئىپتىدائىي قەبرە ـ يادىكارلىقلاردىن قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز كېسەل داۋالاش ۋە ھەر خىل كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن دورا چاي قىلىپ ئىشلەتكەن ئۆسۈملۈكلەر، دورىلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە ھەر خىل ئوت ـ چۆپلەر، شاخ ـ يوپۇرماقلىرى ۋە يىلتىزلىرى تېپىلدى. بۇ ئۆسۈملۈكلەر ئەلۋەتتە قەدىمكى تېۋىپلىرىمىزنىڭ ئۆز ئەتراپىدىكى ھەر خىل ئۆسۈملۈكلەرنى تونۇشى، دورىلىق خۇسۇسىيىتىنى ئىگىلىشى، قايتا ـ قايتا سىناق قىلىشى ۋە كېسەللەرنى شىپا تاپقۇزۇش نەتىجىسىدە بارلىققا كەلگەن بولۇپ، ئۇ كېيىنچە چاي ئورنىدا دائىم ئىستېمال قىلىنىدىغان بولغان ۋە بارا ـ بارا دورىلىق چايغا قاراپ تەرەققىي قىلغان. بۇنداق دورا چاي ئىچىش ئادىتى خوتەن ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا ھازىرغىچە ئەۋلادمۇ ئەۋلاد خاس يەرلىك ئەنئەنە سۈپىتىدە ساقلىنىپ كەلگەنلىكى ھەممىگە مەلۇم.

خوتەندە ئۆتكەن داڭلىق دورىگەرلەر ۋە تېۋىپلار ئۆز ئەجدادلىرىنىڭ دورا چاي مەدەنىيىتى ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى يەنىمۇ راۋاجلاندۇرۇپ، ئۇيغۇر چاي مەدەنىيىتىنىڭ دائىرىسىنى كېڭەيتكەن، مەزمۇنىنى بېيىتقان. تارىخىي ماتېرىياللاردا خاتىرىلىنىشىچە، سۈي (581 ـ 618)، تاڭ دەۋرلىرىدە ئۇدۇن (خوتەن)، سۇلى (قەشقەر)، قۇم (ئاقسۇ)، كۇسەن (كۇچا)، ئىدىقۇت (تۇرپان)، ئۇيغۇرغول (قومۇل) قاتارلىق خانلىقلىرىمىزدا دورىگەرلىك، تېبابەتچىلىك، جۈملىدىن، دورا چايچىلىق ئىشلىرى خېلى زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن. نۇرغۇن شىپاخانىلار بارلىققا كېلىپ، ھەر خىل دورا ـ ئۆسۈملۈكلەر بىلەن خېلى مۇرەككەپ كېسەللەرنى شىپا تاپقۇزالايدىغان بولغان ھەمدە ئاھالە ئىچىدە ھەر خىل ئۆسۈملۈكلەردىن دورا چايلار ياساپ ئىستېمال قىلىدىغان ئادەت ھەممە ئائىلىلەر تۇرمۇشىدا ئومۇملاشقان.

ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئالتۇن دەۋرى بولغان قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىدە ئۇيغۇرلار ماددىي، مەنىۋى مەدەنىيەت جەھەتتە يۇقىرى سەۋىيىگە يېتىپ، ئۇيغۇر دورا چاي مەدەنىيىتى يېڭى بىر دەۋر ياراتتى. بۇ دەۋردە كامالەتكە يەتكەن ئالىملارنىڭ ئەسەرلىرىدە دورا چاينىڭ مۇكەممەل رېتسېپلىرى خاتىرىلەنگەن. مەشھۇر ھېكىم ئىمامۇددىن قەشقىرى «شەرھى ئەلقانۇن» ناملىق ئەسىرىدە، ئەبۇناسىر فارابى تېبابەتچىلىككە ئائىت ئەسەرلىرىدە، يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىگ» ناملىق قامۇسىدا، مەھمۇت قەشقىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» ناملىق ئەسىرىدە، مەشھۇر ئالىم، تېۋىپ ئالاھىدىن مۇھەممەد خوتەنى «قەۋائىنولئاج» ناملىق ئەسىرىدە دورا چاي خام ئەشيالىرىنى تېپىش، چاي ئىشلەپچىقىرىش، دورا چايلارنى مىزاجغا قاراپ تەڭشەش، دورا چاينىڭ مەيدانغا كېلىش تارىخى، قاراخانىيلار زېمىنىدا ئۆسكەن ھەر خىل دورا ئۆسۈملۈكلىرى قاتارلىقلار ئەتراپلىق، تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلغان.

سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدە ئۇيغۇر دورا چايچىلىقى يۇقىرى دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان بولۇپ، ئۇ چاغلاردا ئاساسلىق ئىچىلگەن دورا چايلار سۇرۇنجان، پىلپىل، موزا، بادام، خوتەن ئىگىرى، ئىپار قاتارلىقلار شىنجاڭنىڭ ئالاھىدە مەھسۇلاتى سۈپىتىدە ئىسلام مەملىكەتلىرى ۋە مىڭ، چىڭ سۇلالىلىرىگە توشۇلاتتى.

چىڭ سۇلالىسى ۋە جۇڭخۇا مىنگو دەۋرىدە ئۆتكەن بەرقى تەجەللى، موللا ئارىپ خوتەنى قاتارلىق ئالىملار يېقىنقى زامان ئۇيغۇر دورا چايچىلىقىنىڭ پېشۋالىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ دورا چاي تەڭشەش ئۇسۇلى ھازىرغىچە قوللىنىلماقتا.

ئازادلىقتىن كېيىن يېتىشىپ چىققان ماھىر تېۋىپلاردىن ھاجى ئابدۇلھەمىد يۈسۈفى، ئەمەت ھاجى، تۇردىمۇھەممەد ئاخۇنۇم قاتارلىقلار ئۇيغۇر دورا چايچىلىقىنى بېيىتقان، تەرەققىي قىلدۇرغان ھەم تارىخىي پاكىتلار بىلەن دەلىللىگەن ⑦ .

ئۇيغۇر دورا چايچىلىقى ئادەم بەدىنىنىڭ بىر پۈتۈنلۈكىنى ئالاھىدە تەكىتلەيدۇ. خوتەن ئۇيغۇرلىرى ئىچىپ ئادەتلەنگەن دورا چاي ماتېرىياللىرى قارىمۇچ، قوۋزاق دارچىن، زىرە، چىلان، چۈچۈكبۇيا، قەلەمپۇر، ئالقات، بۆرە سامسىقى قاتارلىقلار بولۇپ، بۇ خىل دورا چاينىڭ خاراكتېرى مۆتىدىل، تەبىئىتى ئىسسىققا مايىل. ئۇ يەلنى ھەيدەپ، تەرەتنى بوشىتىدۇ، سوغۇقنى تارتىدۇ، يۈرەك-

2006.4

نىڭ ئىسسىقنى ئېلىپ زەھەر تارقىتىدۇ، تالنى ساغلاملاشتۇرىدۇ، جىگەرنى قۇۋۋەتلەيدۇ، ئۆپكىگە ھۆللۈك يەتكۈزۈپ، يۆتەلنى توختىتىدۇ، ئىچكى ئەزانى قۇۋۋەتلەپ، پۇت ـ قولغا ماغدۇر كىرگۈزىدۇ، جىنسىي ئاجىزلىقنى داۋالايدۇ. ئاشقازاننى ياخشىلاپ، ئىشتىھانى ئاچىدۇ، ھەزىم قىلىشقا ياردەم بېرىپ، مايىنى پارچىلاپ، قان ئايلىنىشنى راۋانلاشتۇرىدۇ، كىشىنى روھلاندۇرۇپ، ھۆسن تۈزەيدۇ.

ھازىر ئۇيغۇرلار كۈندىلىك تۇرمۇشىدا ئىستېمال قىلىۋاتقان، بولۇپمۇ، خوتەن تەرەپلەردىكى ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىدا ئومۇملاشقان دورا چايلار مەلۇم دورىلىق خۇسۇسىيەتكە ۋە ئۇزۇقلۇق قىممىتىگە ئىگە ئوت ـ چۆپ، گۈل ـ گىياھلارنىڭ ئۇرۇقى، چېچىكى، شاخ ـ يوپۇرماقلىرى ياكى يىلتىزى ئاساسىي خورۇچ قىلىنىپ تەييارلىنىدىغان ئىچىملىكنى كۆرسىتىدۇ. دورا چايلارنى تەييارلىنىش ئالاھىدىلىكىگە قاراپ، ئاددىي دورا چاي ۋە مۇرەككەپ دورا چاي، دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ.

**1. ئاددىي دورا چاي**

ئاددىي دورا چاي مەلۇم بىر خىل دورا ئوت ـ چۆپنى خام ئەشيا قىلىپ دەملىنىدىغان چايلاردۇر. شۇڭا، ئۇنى «يەككە خۇرۇچلۇق دورا چاي» دەپ ئاتاشقىمۇ بولىدۇ. ئاددىي دورا چايلارنىڭ تۈرى خېلى كۆپ بولۇپ، كۆپرەك ئۇچرايدىغانلىرى تۆۋەندىكىچە:

گۈلچاي: بۇ، قىزىلگۈلنىڭ قۇرۇتۇلغان بەرگىلىرى سېلىنىپ دەملىنىدىغان چايدۇر. قىزىلگۈل بولمىغاندا قىزىلگۈل يوپۇرمىقى، بېغىشى قاتارلىقلاردىن دەملەشكىمۇ بولىدۇ. گۈلچاي دەملەشتە چەينەككە 4 ـ 2 گرام گۈل بەرگىسى سېلىنىپ، ئۈستىگە ئىككى جىڭ قايناق سۇ قۇيۇلىدۇ. چەينەك ئۈستىگە چاي قالپاق كىيدۈرۈلۈپ بەش مىنۇت ئەتراپىدا دەملىنىدۇ.

پىننە چاي: پىننىنىڭ يوپۇرماق، غول ـ بېغىشلىرى سېلىنىپ دەملىنىدىغان چاي بولۇپ، ئۇلارنى ئايرىم ئىشلىتىشكىمۇ، قوشۇپ ئىشلىتىشكىمۇ بولىدۇ. دەملەش ئۇسۇلى گۈلچاينىڭ دەملىنىشىگە ئوخشاش.

رەيھان چېيى: تاغ رەيھىنىنىڭ گۈل، يوپۇرماقلىرى سېلىنىپ دەملىنىدۇ. دەملەش ئۇسۇلى گۈلچاينىڭ دەملىنىشىگە ئوخشاش.

سېرىقچېچەك چېيى: بۇ، سېرىق چېچەك ئۆسۈملۈكىنىڭ گۈلى ياكى گۈل بېغىشلىرى قوشۇلۇپ دەملىنىدىغان چاي بولۇپ، دەملەش ئۇسۇلى يۇقىرىغا ئوخشاش.

ئاددىي چايلارنىڭ تۈرى كۆپ. بابۇنە، بادرەنجى، بۇيا، چۈلچۈن، ئەڭلىك ئوت، ئىگىر، بېدىيان، زىرە قاتارلىق ئۆسۈملۈكلەرنىڭ يىلتىزى، ئۇرۇقى ياكى گۈل، يوپۇرماقلىرىدىن چاي دەملەشكە بولىدۇ. ئاددىي چايلار ئەجدادلىرىمىزدىن تاكى ھازىرقى دەۋرگىچە داۋاملىشىپ كەلگەن ئەڭ قەدىمىي ئىچىملىكلەردۇر.

**2. مۇرەككەپ دورا چايلار**

مۇرەككەپ دورا چايلار بەدەننىڭ مىزاج تەڭپۇڭلۇقىنى تەڭشەپ، سالامەتلىكنى ئاسراش مەقسىتىدە خۇسۇسىيىتى ئوخشاش بولمىغان كۆپ خىل ئوت ـ چۆپ دورا ئەشيالىرىنى مەلۇم نىسبەتتە تەڭشەپ سوقۇپ ياسالغان چايلارنى كۆرسىتىدۇ. مۇرەككەپ دورا چايلار ئومۇمىي خۇسۇسىيىتىگە قاراپ مۆتىدىل دورا چاي، ئىسسىق دورا چاي، سوغۇق دورا چاي، مەخسۇس دورا چاي دەپ ئايرىلىدۇ. مۇرەككەپ دورا چايلارنىڭ دورىلىق خۇسۇسىيىتى (مىزاجنى تەڭشەش، كېسەلنى داۋالاش رولى) ئاساسىي ئورۇندا، چايلىق رولى ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. دورا چاينىڭ ھەر قاندىقىنى ئايرىم دەملەپ ئىچىشكىمۇ، قارا چاي بىلەن قوشۇپ دەملەپ ئىچىشكىمۇ بولىدۇ.

دېمەك، ئەجدادلىرىمىز ناھايىتى قەدىمكى چارۋىچىلىق ۋە تېرىقچىلىق تۇرمۇشى ھاياتىدا سۈت چاي، يوپۇرماق چاي (ئىچىش) مەدەنىيىتىنى يارىتىش بىلەن بىللە ئۆز سالامەتلىكىنى ئاسرايدىغان، كېسەلدىن مۇداپىئەلىنىدىغان ۋە كېسەل داۋالايدىغان ئۈنۈملۈك خۇسۇسىيەتكە ئىگە دورا چاي (ئىچىش) مەدەنىيىتىنى ياراتقان. ھازىرقى خوتەن ئۇيغۇرلىرى ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇنى تېخىمۇ ئىلمىي قانۇنىيەتلەر بىلەن زامانىۋى ئۇسۇلدا ياساپ ئىستېمال قىلىۋاتىدۇ.

ئىزاھاتلار:

① ⑤ ⑥ مەمتىمىن سابىر: «ئۇيغۇرلارنىڭ چاي مەدەنىيىتى»، «شىنجاڭ سەنئىتى ژۇرنىلى»نىڭ 2003 ـ يىل 3 ـ سان، 26 ـ ، 30 ـ بەتلىرىگە قاراڭ.

② ③ ④ قادىر ئەكبەر: «ئۇيغۇرلاردا چاي مەدەنىيىتى»، «شىنجاڭ ياشلىرى ژۇرنىلى» 1992 ـ يىلى 1 ـ سان، 26 ـ ، 27 ـ بەتلىرىگە قاراڭ.

⑦ غوجىئابدۇللا جاپپار: «خوتەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ دورا چاي مەدەنىيىتى»، «شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا گېزىتى»، 1999 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنىدىكى سانىغا قاراڭ.

2005 ـ يىلى 5 ـ دېكابىر، ئۈرۈمچى شەھىرى.

www.uyghurkitap.com



سۈن جاخۇك

# يەر شارلىشىش تىل مۇھىتىدىكى غەربىي دىيار مەدەنىيىتى

سۈن جاخۇك، ئەر، 1956 ـ يىلى 3 ـ ئايدا تۇغۇلغان، خەنزۇ، 1982 ـ يىلى بېيجىڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ خەنزۇ تىلى ئەدەبىياتى فاكۇلتېتىنى پۈتكۈزۈپ، ئالىي مەكتەپتە كۆپ يىل ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. كېيىن نەشرىياتتا ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەھرىرى بولغان. ھازىر يۇننەن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدا ئوقۇتقۇچى، پروفېسسور، يۇننەن ئۇنىۋېرسىتېتى يۇننەن ئەدەبىيات تەتقىقات ئورنىنىڭ باشلىقى.

ئۇ «جۇڭگو يېقىنقى زامان، ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى»، «ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەزەرىيىسى»دىن ئىبارەت ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقات ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىپ كېلىۋاتىدۇ. 100 پارچىدىن ئارتۇق (ئومۇمىي خەت سانى 800 مىليوندىن ئارتۇق) ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلغان. ئىلمىي ئەسەرلىرىدىن «جاك ئەيلىنىڭ مەنىۋى دۇنياسىغا سەپەر» دېگەن كىتابى 2000 ـ يىلى خۇاچىڭ نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ ئۈچ قېتىم قايتا بېسىلغان.

1

بىز بۈگۈن غەربىي دىيار ئەدەبىياتىنى تىلغا ئالغىنىمىزدا «يەر شارلىشىش»دىن ئىبارەت بۇ ئۇقۇمدىن چەتنەپ ئۆتۈپ كېتەلمەيدىغان بولۇپ قالدۇق. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، بۇ ئۇقۇم مەسىلىسىلا بولۇپ قالماي بەلكى قاش بىلەن كىرپىك ئارىلىقىدىكى رېئاللىق بولۇپ قالدى، يەر شارلىشىشنىڭ قەدەم ئاۋازى ھەر ۋاقىت روھىمىزنى تەۋرەتمەكتە.

ماركس ۋە ئېنگېلس «كومپارتىيە خىتابنامىسى»دە دۇنيا بازىرىنىڭ ئېچىلىشى بىلەن بارلىق دۆلەتلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىستېمالى دۇنياۋىلىققا ئايلانماقتا، ماددىي جەھەتتىكى ئىشلەپچىقىرىش مۇشۇنداق بولسا، مەنىۋى جەھەتتىكى ئىشلەپچىقىرىش مۇشۇنداق بولىدۇ. مىللەتلەرنىڭ مەنىۋى مەھسۇلاتلىرى جامائەتنىڭ مال ـ مۈلكىگە ئايلىنىپ قالدى. مىللەتلەرنىڭ بىر تەرەپلىمىلىكى، چەكلىمىلىكى كۈنسېرى ئاجىزلىشىپ نۇرغۇن مىللىي ۋە يەرلىك ئەدەبىيات بىر خىل دۇنيا ئەدەبىياتىنى شەكىللەندۈردى، دەپ كۆرسەتكەن. بىز بۈگۈن ئېيتىۋاتقان «يەرشارلىشىش» بىلەن ماركس دېگەن «دۇنياۋىلىق» تولىمۇ ئوخشاپ كېتىدۇ، مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ يەرشارلىشىشى بىلەن يەرلىكلىشىشى قارىمۇ قارشى ئىككى قۇتۇپ ئەمەس، يەر شارلىشىش يەرلىكلىشىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەدەنىيەتنىڭ يەر شارلىشىشى خۇددى بىر ئومۇمىي خور ئەترىتىگە ئوخشايدۇ، ئۇنىڭ نۇرغۇن ئاۋاز بۆلىكى بولىدۇ، ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ مەدەنىيىتى ئۆزئارا ماسلىشىپ بىر ناخشىغا جور بولماقتا. ئىلگىرى ھەرقايسى مىللەت، ھەرقايسى دۆلەتلەرمۇ ئۆزلىرىنىڭ يەرلىكلەشكەن ئاھاڭى بىلەن ئۆز ناخشىلىرىنى ئېيتاتتى، ئىقتىساد، ئۇچۇرلىشىش قاتارلىق يەر شارلىشىشنىڭ يېتىپ كېلىشى بىلەن، مەدەنىيەت ئەمدى بېكىنمە مۇھىت ئىچىدىكى ئۆزى كۈيلەپ، ئۆزى ھالاك بولىدىغان ئورگانىزمغا ئوخشىماي قالدى. ئۇلار چوقۇم يەر شارلىشىشقا مۇجەسسەملىشىش جەريانىدا ئىناق ھالەتتە ئۆتىدۇ.

بۇ بىزنىڭ مەدەنىيەتنىڭ يەر شارلىشىشقا قارىتا ئېگىلىپ بارغان لايىھىمىز. ھالبۇكى، بىز يەنە يەر شارلىشىش جەريانىدىكى مۇرەككەپلىكنى نەزەردىن ساقىت قى-

لالمايمىز. بىر دۆلەت، بىر مىللەتنىڭ يەر شارىلىشىش ئومۇمىي خور ئەترىتىدە ئۈنۈملۈك ئاۋاز بۆلىكى بولۇپ شەكىللىنىدىغان ـ شەكىللەنمەيدىغانلىقى، ئۇنىڭ ئۇنىۋېرسال ئەمەلىي كۈچى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. بولۇپمۇ، ئىقتىسادىي كۈچ مەدەنىيەتكە نىسبەتەن غايەت زور تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، بىر مىللەت، بىر دۆلەتنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇش ئېڭىنىڭ بار ـ يوقلۇقى ۋە ئۆز مەدەنىيىتىگە بولغان تەبىرى ئۈنۈملۈك ئاۋاز بۆلىكىنى شەكىللەندۈرۈشتە بەلگىلەش خاراكتېرلىك رول ئوينىماقتا. بىر مىللەت ئۈنۈملۈك ئاۋاز بۆلىكىنى شەكىللەندۈرەلمەيدىكەن، ئۇنىڭ مەدەنىيىتىمۇ يەر شارىلىشىش جەريانىدا كۆمۈلۈپ قالىدۇ.

بىز غەرب دۆلەتلىرىنىڭ كۈچلۈك ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچىگە، ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ يېتىپ كەلگەن غەرب مەدەنىيىتى ۋە يەرلىك مەدەنىيەتنىڭ تەڭپۇڭسىزلىق ھالىتىگە دۇچ كەلمەكتىمىز. ناۋادا ئىقتىسادنى گۈللەندۈرۈشتە مىللىي مەدەنىيەت قۇرۇش ئېڭى كەمچىل بولسا، «يەر شارىلىشىش»، «غەربلىشىش» بولۇپ قالىدۇ. بىزنىڭ مەدەنىيىتىمىزمۇ يەر شارىلىشىش جەريانىدا كۆمۈلۈپ كېتىدۇ. بۇ بىز پەقەت كۆرۈشنى خالىمايدىغان يەنە بىر خىل «يەر شارىلىشىش»تۇر، 19 ـ ئەسىردىن بېرى، بىرمۇنچە دۆلەت ۋە مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت ئەنئەنىسى ئىقتىسادنى زامانىۋىلاشتۇرۇش جەريانىدا كۆمۈلۈپ كېتىپ، يەنە يېڭىۋاشتىن جاپالىق گۈللىنىشتەك تارىخىي قىسمەتنى بېشىدىن كەچۈردى. بىز ئەمدى يەنە كونا سەنەمگە دەسسەك بولمايدۇ.

جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ يەر شارىلىشىشتىن ئىبارەت خور ئەترىتىدە ئەلۋەتتە ئۆزىنىڭ ئۈنۈملۈك ئاۋاز بۆلىكى بولۇشى كېرەك. بۇ بىزدىن جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكىگە توغرا تەبىر بېرىشىمىزنى، مىللىي مەدەنىيەتكە نىسبەتەن ئاڭلىق تونۇشتا بولۇشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. جۇڭخۇا مىللىي مەدەنىيىتى دېگەن نېمە؟ مانا بۇ چوڭ مەسىلىدە ناھايىتى نۇرغۇن مۇجمەل قاراشلار بار.

بىز تەرىقەتچىلەر مەدەنىيىتىنى جۇڭخۇا ئەنئەنە مەدەنىيىتى، خەنزۇ مىللىي مەدەنىيىتىنى پۈتكۈل جۇڭخۇا مىللىي مەدەنىيىتى دەۋالدۇق. ۋەھالەنكى تەرىقەتچىلەر مەدەنىيىتى جۇڭخۇا ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى ئەمەس، خەنزۇ مىللىي مەدەنىيىتىمۇ پۈتۈنلەي جۇڭخۇا مىللىي مەدەنىيىتىگە باراۋەر ئەمەس، يەنى تەرىقەتچىلەر مەدەنىيىتى خەنزۇ مىللىتى ئىچىدە يۇقىرى قاتلام مەدەنىيەتكە مەنسۇپ، شۇنداقلا ئۇ خەنزۇ مىللىتىنىڭ تۆۋەن قاتلام مەدەنىيىتىگە زور تەسىر كۆرسەتكەن، تۆۋەن قاتلام مەدەنىيەتنىڭ نۇرغۇن ئامىللىرى ھەتتا تەرىقەتچىلەر مەدەنىيىتى بىلەن توقۇنۇشۇپمۇ قالىدۇ. مەسىلەن، خەنزۇ مىللىتىنىڭ مىللىي ئۆرپ ـ ئادەت مەدەنىيىتىدە جىن ـ ئالۋاستى ئىدىيىسى ئومۇمييۈزلۈك مەۋجۇت، ئەمما تەرىقەتچىلەر مەدەنىيىتى ئۇنىڭغا ئانچە ئەھمىيەت بەرمەيدۇ. ھازىر بىرمۇنچە كىشىلەر مەدەنىيەت كرىزىسى قايغۇسىدا، يەر شارىلىشىشنى غەربلىشىشكە تەڭ قويۇشنى رەت قىلىپ، مىللىي مەدەنىيەتنىڭ گۈللىنىشنى تەكىتلەۋاتىدۇ ـ يۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئىدىيىۋى مەنبەسىنى تەرىقەتچىلەر مەپكۇرىسىدىن ئىزدەپ، تەرىقەتچىلەر ئىدىيىسىنى يەر شارىلىشىشقا تاقابىل تۇرۇشنىڭ بىردىنبىر ياخشى ئۇسۇلى دەپ قاراۋاتىدۇ. تەرىقەتچىلەر ئىدىيىسىنى تەلتۆكۈس ئۆزگەرتمىگەندە زامانىۋىلىشىشتىن ئىبارەت ئېغىر يۈكنى ئۈستىگە ئالغىلى بولمايدۇ، شۇنداقلا يەر شارىلىشىش جەريانىدا كۈچلۈك ئىقتىسادىي كۈچكە ھەمراھ بولۇپ بۆسۈپ كىرگەن غەرب مەدەنىيىتىنىڭ زەربە بېرىش كۈچىگە تاقابىل تۇرغىلى بولمايدۇ. بۇ ئاللىبۇرۇن تارىخ تەرىپىدىن ئىسپاتلانغان پاكىت.

جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى بولسا غايەت زور بىرىكمە گەۋدە. ئۇ جۇڭگونىڭ ئوخشىمىغان مەزگىللىدىكى مىللەت، ئوخشىمىغان ئېقىمدىكى مەدەنىيەت ئامىللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە 4 ـ ماي يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتى بەرپا قىلغان مەدەنىيەت غايىسى، نەچچە يۈز مىڭ يىللاردىن بېرى ئۆزگەرمەي تۆۋەن قاتلامدىكى پۇقرالار ئارىسىغا مىراس بولۇپ كەلگەن مەدەنىيەت ئەنئەنىسىمۇ بار. بۇ غايەت زور بىرىكمە گەۋدىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئۆزئارا ماس كېلىدىغان ۋە توقۇنۇشۇپ قالىدىغان كۆپ خىل ئامىللار مەۋجۇت. ئۇزاق مەزگىلدىن بۇيان خىلمۇخىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بۇ بىرىكمە گەۋدىنىڭ ئىچكى پۈتۈنلۈكى تېخى تولۇق تاماملانمىدى.

20 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىدىن ئىلگىرى ئوتتۇرا

تۈزلەڭلىك مەدەنىيەت مەركەزچىلىكى مۇۋاپىق ئۇسۇل بويىچە ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ كەلگەچكە، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىنى «مەدەنىيەتنىڭ سىرتى» دەپ قاراپ، ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتىنى ئىنكار قىلىپ ھەتتا ئۇنىڭغا سۈس مۇئامىلىدە بولغان. پەقەت ئانچە ـ مۇنچە يەرلىك ئالاھىدىلىك ۋە مىللىي ئۆرپ ـ ئادەت ئامىللىرىلا ئۇلارنىڭ دىققىتىنى قوزغاپ تۇرغان. چېگرا رايوندىكى مىللىي مەدەنىيەتنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىغا كەمدىن كەم دىققەت قىلغان. تەرەققىيچىلەر ئىدىيىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنى شەكىللەندۈرگەن تار نەزەردە، خەنزۇ مىللىتىنىڭ تۆۋەن قاتلام مەدەنىيىتى بىلەن ئاز ئۇچراشقان. گەرچە 4 ـ ماي ھەرىكىتىدىكى پېشۋالار خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى، مىللىي ئۆرپ ـ ئادەت قاتارلىق تۆۋەن قاتلام مەدەنىيىتىگە قىزغىنلىق بىلەن نەزەر سېلىپ كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما شارائىتنىڭ چەكلىمىسى بىلەن خەنزۇ مىللىتىنىڭ تۆۋەن قاتلىمىدىكى مەدەنىيەتكە مۇئەييەن چۈشەنچىدە بولۇپ قوبۇل قىلدى. 20 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى جەھەتتە سىياسىي، ئىدېئولوگىيىنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە بىر گەۋدىلىشىشى ۋە «ئىككىدە ئادا ـ جۇدا بولۇش» ئىدىيىسىنىڭ بىر تەرەپلىمە ئېغىشى نەتىجىسىدە، جۇڭخۇانىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىدىن ئىبارەت بۇ رەڭگارەڭ غايەت زور بىرىكمە گەۋدە ئۈستىدە چوڭقۇر تەتقىقات ئېلىپ بېرىلمىدى، ئۈنۈملۈك بىرىكىشتىن تېخىمۇ سۆز ئاچقىلى بولمىدى. تەخمىنەن 20 ـ ئەسىردىكى 80 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ جۇڭخۇا ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى ئۈستىدە بىرقەدەر چوڭقۇر تەپەككۇر يۈرگۈزۈلۈشكە باشلىدى. بىراق جۇڭگونىڭ ئىقتىسادى ئارقىدا بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەدەنىيەت ئىشەنچى ئۇ چاغدا تېخى رەسمىي تۇرغۇزۇلمىغان بولغاچقا، جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ قىممىتى پەقەت قىسمەن جەھەتتە بايقالدى. مەسىلەن، جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ ھالقىما مەنىۋى قىممىتى ئېستېتىكا قاتلامدىن بايقالغان بولسا، جۇڭگودىكى ئوخشاشمايدىغان ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت قىممىتى تېخىمۇ كەڭ ساھەدىن ھېس قىلىندى ھەم ئوخشىمىغان رايون، ئوخشىمىغان مىللەتلەرنىڭ تۇرمۇش كارتىنىلىرىدىن مول، رەڭگارەڭلىكنى سەزدى. ئەمما ئۇ چاغدىكى مەدەنىيەت جەھەتتىكى قايتا ئويلىنىشنىڭ مەقسىتى زامانىۋى مۇساپىنى يۈكسەلدۈرۈش، زامانىۋىلىق غەربلەشتۈرۈش بىلەن تەڭ، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت جۇڭگونىڭ زامانىۋىلىققا يۈزلىنىشىگە توسقۇنلۇق قىلىدىغان مۇھىم ئامىل دەپ قارالغاچقا، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنى ئومۇمىي جەھەتتىن ئىنكار قىلىدىغان خاھىش يېتەكچى ئورۇننى ئىگىلىگەن. گەرچە 80 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا بەزىلەر مەدەنىيەت جەھەتتىن بىرىكىش ئۇقۇمىنى ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ، ئوتتۇرىدىكى ئۆزئارا مۇناسىۋەت ۋە ئۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالقىما قىممەتنى قېزىپ چىقىشنى «جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ مەدەنىيەت» مەيدانىدا تۇرۇپ تەپەككۇر قىلمىدى. ھالبۇكى يەر شارىلىشىش قەدىمى يېتىپ كېلىشى بىلەن، پۈتكۈل جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى پەۋقۇلئاددە تەخىرسىز ئۇسۇل بىلەن بىزنىڭ ئالدىمىزغا قويۇلدى.

2

مانا بۇ ئارقا كۆرۈنۈشتىن «غەربىي دىيار ئەدەبىياتى»غا نەزەر سالىدىغان بولساق، غەربىي دىيار ئەدەبىياتى ئۈستىدىكى ئىزدىنىشلىرىمىزنىڭ تولىمۇ چالا ئىكەنلىكىنى بايقايمىز.

غەربىي دىيار ئەسلىدە بىر جۇغراپىيىلىك ئىلىم مەنىسىدىكى ئۇقۇم بولۇپ، جۇڭگو خەرىتىسىدىكى غەربىي جەنۇب، غەربىي شىمال دېگەن جايلار غەربىي دىيارغا تەۋەدۇر. تېخىمۇ چوڭ جەھەتتىن ئېيتساق، ئادەتتە بىز ئېيتىۋاتقان 12 ئۆلكە ئاپتونوم رايون، غەربىي دىيار دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ جاي مەدەنىيەت ھالەتلىرىگە ئىنتايىن باي، بولۇپمۇ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتى بىلەن چېگرا رايوندىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر مەدەنىيىتى ئۆزئارا قوشۇلۇپ ئاجايىپ مەنىدىكى بىر مەدەنىيەت ھادىسىسىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن. جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى شەكىللەندۈرۈش جەريانىدا ناھايىتى نۇرغۇن ئالاھىدىلىكلەرنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، مول ئىلھاملار بىلەن تەمىن ئەتكەن. بىراق، ئەدەبىيات جەھەتتىكى غەربىي دىيار ئادەتتە غەربىي شىمالدىكى بەش ئۆلكە ئاپتونوم رايوننى كۆرسىتىدۇ. بۇ يەردىكى مەقسەت، ئەلۋەتتە رايون جەھەتتىكى چەكلىمىلا بولۇپ قالماي، بەلكى مەدەنىيەت ھالىتىنى ئاددىيلاشتۇرۇشقا قولايلىق يارىتىش ئۈچۈن، «كۆچمەن چارۋىچىلىق مەدەنىيىتى»نى غەربىي دىيار

2006.4

ئەدەبىياتىدىكى «ئاساسىي رەڭ»، «ئاساسىي مۇقام» دېگەننى تەكىتلەپ، مىڭ يىللاردىن بۇيانقى تارىخىي تىندۇرمىغا ئەھمىيەت بېرىپ، يېقىنقى 100 يىلدىن بۇيانقى غايەت زور ئۆزگىرىشنى نەزەردىن ساقىت قىلىش.

جۇڭگو ئەدەبىياتى بولسا بۇ خەرىتىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى. سەن بۇ ئەدەبىيات خەرىتىسى بويىچە ماڭمىساڭ «شىمالنى تاپالماسلىقىڭ» ھەتتا سېنىڭ ئەدەبىيات سەپىرىڭ ئىنتايىن جاپالىق، قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىشى مۇمكىن. بۇ خەرىتىنى سىزىپ چىققانلار غەربىي دىياردىكى يازغۇچىلار ئەمەس بەلكى مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئاساسلىقى غەربىي دىياردىكى يازغۇچىلار سىزىپ چىقمىغان، بۇنى ئەدەبىياتنىڭ ئاساسىي سۆز ھوقۇقىنى ئىگىلەپ تۇرغان ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ئوبزورچىلىرى، مۇھەررىرلىرى، يازغۇچىلار ۋە ئەدەبىيات تەشكىلاتچىلىرى بىرلىكتە تاماملىغان. مېنىڭ جۇڭگو ئەدەبىيات خەرىتىسىنى سىزىپ چىققۇچىلارنى «ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ئەدەبىيات مەركەزچىلىكى» دەپ ئاتىغۇم كېلىدۇ. بۇ خۇددى ياۋروپا مەركەزچىلىكىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. ئۇلار بۇ خەرىتىنى سىزىپ چىقىش ئۈچۈن، ناھايىتى ئۇزاق يىللارنى باشتىن كەچۈردى، گەرچە ئوخشىمىغان تارىخىي مەزگىللەردە، بۇ خەرىتىنىڭ رەڭلىرى ئاز - تولا تەڭشەلگەن بولسىمۇ، بىراق ئاساسىي رەڭ يەنىلا ئۆزگەرمىدى. ئەدەبىياتتىكى غەربىي دىيار قاقاس، نامرات، قالاق، ئىپتىدائىي، جاپالىق، ياۋايى، سىرلىق، ئاجايىپ - غارايىپلىقلار بىلەن تولغان، كۆچمەن چارۋىچىلىق مىللىتى ئولتۇراقلاشقان غەربىي شىمالدىكى بەش ئۆلكە، ئاپتونوم رايون ئاساسلىقى دەشت - باياۋاندىكى قۇم - بوران، ئات ئۈستىدىكى ئېلىشىش، يايلاق، قۇم بارخانلىرىدىكى ھاياتىي كۈچنىڭ جەۋلان قىلىشى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. غەربىي جەنۇبتىكى ھەرقايسى ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلارنىمۇ غەربىي دىياردىكى ئەدەبىيات خەرىتىسىنى ئىشلىگۈچىلەرگە مەنسۇپ دېگۈچىلەرمۇ ئۆزلىرىگە ئالاھىدە رەڭ بەرگەن. مەسىلەن، يۈننەننىڭ ئاي نۇرى ئاستىدىكى راۋاقلىرى، لەرزان ئۇسسۇللىرى، ئاجايىپ - غارايىپ مەنزىللىرى، رەڭگارەڭ مىللىي ئۆرپ - ئادەتلىرى، قالاق مەۋجۇتلۇق ھالەتلىرى، غەيرىي ھاياتلىق شەكلى قاتارلىقلار.

ئەدەبىيات خەرىتىسىدىكى غەربىي دىيارنىڭ بۇ خىل رەڭلىرى ئالدى بىلەن غەربىي دىياردىكى مەلۇم رايونلارنىڭ مەلۇم مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكىدىن كەلگەن، ئۇنىڭدىن باشقا غەربىي دىيار ئەدەبىياتىدىكى بەزى تارىخىي ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلىش ئامىللىرى بار. غەربىي دىيار يازغۇچىلىرى ئەڭ يۈزەكىي شەكىل بىلەن غەربىي دىيار بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ كۆزگە ئاسانلا چېلىقىدىغان پەرقىنى سۈرەتلەپ چىققاندا، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى ئەدەبىيات خەرىتىسىنى سىزىپ چىققۇچىلار ئۇلارغا ناھايىتى ۋاقتىدا قىزغىن ئالقىش ياغدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە چىقىدىغان چوڭ گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلدى. مۇكاپات ئېلىش سەھنىلىرىدە كىشىلەر توپىدا ئەلەڭلەپ تۇرغان غەربىي دىياردىكى يازغۇچىلارنىڭ سىماسى پات - پات كۆزگە چېلىقىدىغان بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن غەربىي دىياردىكى بىر مۇنچە يازغۇچىلار ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيەت مەركەزچىلىكىنىڭ سەممىمىي نەزەرىگە نائىل بولدى. ئەنە شۇنداق ئۇزاق يىللار مابەينىدە توختىماي چېلىنىپ تۇرغان چاۋاكلاردىن غەربىي دىياردىكى بىر مۇنچە يازغۇچىلار ئۆزلىرىنىڭ قانداق يازغاندا تېخىمۇ ياڭراق چاۋاك ئاۋازلىرىنى ئاڭلىغىلى بولىدىغانلىقىنى بارغانسېرى ھېس قىلىپ يەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار تولۇپ - تاشقان قىزغىنلىق بىلەن جۇڭگو ئەدەبىياتىنىڭ خەرىتىسىنى سىزىشقا كىرىشىپ، بىر مۇستەقىل غەربىي دىيار ئەدەبىيات يازغۇچىسىدىن جۇڭگو ئەدەبىيات خەرىتىسىنى بىرلىكتە سىزىپ چىقىشقا قاتنىشىدىغان سالاھىيەتنى ھازىرلىدى. ھازىر ئەدەبىيات خەرىتىسىدىكى غەربىي دىيارنىڭ ئەدەبىيات رېڭى بارغانسېرى قېنىقلىشىپ، ئەڭ ئاخىرى قاتماللاشقان، ھەرقايسى رايونلار ئۆز ئالدىغا نامايان قىلالايدىغان ئوخشاش خۇسۇسىيەتتىكى يەككە رەڭلەرنى ۋۇجۇدقا كەلتۈردى.

بۇ رەڭ تۇرمۇشتىكى غەربىي دىيار ئەمەلىيىتىدىن بارغانسېرى يىراقلىشىپ ئىجادىيەتتە غەربىي دىيارنىڭ ھەقىقىي تۇرمۇش مەنزىرىسىگە سەل قاراش خاھىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئادەت خاراكتېرلىك قىممەت بويىچە بېكىتىش، قاتماللاشقان غەربىي دىيار ئەدەبىيات رېڭى، غەربىي دىياردىكى بىر تۈركۈم يازغۇچىلارنى ئۆزلىرىنىڭ ھەقىقىي تۇرمۇش مەنزىرىلىرىگە سەل قارايدىغان، غەربىي دىياردىكى كۆپ خىللاشقان قىممەت يۈزلىنىشىگە سەز-

گۈرلۈك بىلەن قارىمايدىغان، بولۇپمۇ چېگرا ياقىسىدىكى مىللىي رايونلاردا يۈز بەرگەن ۋە يۈز بېرىۋاتقان ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەرگە بىپەرۋار قارايدىغان، ئۆز ئەتراپىدىكى يەرلىك مەدەنىيەتكە تەپەككۇر يۈرگۈزمەيدىغان، ئۆزى تۇرۇۋاتقان رايون مەدەنىيىتىگىمۇ چوڭقۇر پىكىر يۈرگۈزمەيدىغان قىلىپ قويدى. ئەدەبىيات تەسۋىرىدىكى ئوخشاش گىنلىق خاھىشى ئىنتايىن روشەن بولۇپ كەتتى. بىر روشەن پاكىت: غەربىي دىياردا شەھەر تۇرمۇشىنى يازىدىغان يازغۇچىلار تولىمۇ ئاز، شەھەر تۇرمۇشىنى يېزىشنى تەبىئىي ھالدا، ھەقلىق يوسۇندا شەرقىي شىمالدىكى يازغۇچىلار بىلەن بېيجىڭ، تيەنجىن، شاڭخەي، گۇاڭدۇڭلۇق يازغۇچىلارغا ئىككى قوللاپ ئۆتكۈزۈپ بېرىۋەتتى. ئەجەبا غەربىي دىياردا شەھەرلەر يوقمۇ؟ بولۇپمۇ يېقىنقى 20 يىلدىن بۇيان غەربىي دىياردىكى شەھەرلەردە يۈز بەرگەن ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەر غەربىي دىيار ئەدەبىياتىدا ئۈنۈملۈك ئىپادىلەنمىدى. غەربىي دىياردىكى يازغۇچىلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك شەھەردە ياشايدۇ. شەھەر تۇرمۇشىنى يازىدىغان بارماق بىلەن سانىغۇدەكلا بىر قانچە يازغۇچىلارمۇ غەربىي دىياردىكى كىشىلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىنى غەربىي دىيارنىڭ شەھەر، رايونلارنىڭ مەدەنىيەت نۇقتىسىدىن تەتقىق قىلمىدى. غەربىي دىياردىكى ئون نەچچە ئۆلكە ئاپتونوم رايون، شەھەرلەردىن مەخسۇس شەھەر تۇرمۇشىنى يازىدىغان ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە يازغۇچىلارنى تاپقىلى بولمايدۇ. شەھەرلىشىش جەريانىدا ئۇلاردا شەھەرلەرنىڭ يەرلىك مەدەنىيىتىگە بولغان چۈشەنچىسى يۈزەكى بولغاچقا ئۆزى تۇرۇۋاتقان يەرلىك مەدەنىيەت بىلەن جۇڭخۇا مىللىي مەدەنىيىتىنىڭ ئورتاق سىستېما مۇناسىۋىتىنى قانداقمۇ چۈشەنسۇن؟ قانداقمۇ جۇڭخۇا مىللىي مەدەنىيىتىنىڭ بىرىكىش جەريانىدا ئۈنۈملۈك ئاۋازىنى چىقىرالسۇن؟ يەر شارىلىشىش مۇساپىسىدە ئۆزلىرىنىڭ تۇرۇۋاتقان ئورنىنى قانداقمۇ چۈشىنەلىسۇن؟

غەربىي دىياردا قاتماللاشقان، سۈپىتى ئۆزگەرگەن غەربىي دىيار رىتىمى بىلەن ھەقىقىي غەربىي دىيار رېئاللىقى بىرىككەن ئەسەرلەر مەيدانغا كەلگەندە، ئەدەبىيات خەرىتىسىنى سىزىپ چىققۇچىلارنىڭ ئەڭ بۇرۇن كاللىسىدىن كېچىدىغىنى: بۇ غەربىي دىياردىكى مەلۇم ئۆلكىدە يېزىلغان ئەسەرمىدۇ؟ دېگەنلەر بولىدۇ. بۇ گۇمان بۇ ئەسەر ئېھتىمال شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتىنىڭ دىققەت نەزەرىدىن چۈشۈپ قېلىشى مۇمكىن دېگەن بىلەن نەتىجىلىنىدۇ. داۋاملىق چاۋاك سادالىرىنى ئاڭلاش ئۇلارنىڭ ئەللىق مېھرىگە نائىل بولۇش ئۈچۈن، ئۇلار ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيەت مەركەزچىلىكىنىڭ ئۆزلىرىگە ياندىن ئورۇن بېرىشكە، بەلگىلەپ بەرگەن ئەدەبىيات خەرىتىسى بويىچە مېڭىشقا مەستانە بولۇشىدۇ. داغدۇغىلىق «شەرققە يۈرۈش قىلىش»، «شىمالغا يۈرۈش قىلىش» قەلبىتىكى ساختا «شىمالنى تاپالماسلىق» ئارزۇسىنى يوشۇرۇپ قالالمايدۇ. بۇ يەردىكى «شىمال» ھەقىقىي مەنىدىكى شىمالنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيەت مەركەزچىلىكىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئۇلار بۇ يەردىن ئەللىق نەزەرگە ئېرىشىشنى، ماختاشلارغا نائىل بولۇشنى ئارزۇ قىلىشىدۇ. ئەمما، غەربىي دىيار ئەدەبىياتى رىتىمى بىلەن جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئەدەبىيات مۇناسىۋىتى بۇ ئىككىسىنى بىر گەۋدە قىلىش — قىلماسلىق، ئۇنىڭغا قايسى يېڭى ئالاھىدىلىكلەر قوشۇلدى، جۇڭخۇا مىللىي مەدەنىيىتىنى شەكىللەندۈرۈشتە قانداق تۆھپىلەرنى قوشتى دېگەنلەر توغرىسىدا ئويلىنىدىغانلار تولىمۇ ئاز.

غەربىي دىيار ئەدەبىيات رىتىمىنى قاتماللاشتۇرۇش بىلەن بىرگە، غەربىي دىيار ئەدەبىياتىدىن ئىبارەت مەنىۋى قىممەتلەر ئىچىدە دۇنياۋى قىممەت ئۈستىدە ئىزدىنىشلەر ناھايىتى كەمچىل بولۇۋاتىدۇ. غەربىي دىيار ئەدەبىيات رىتىمىنى قاتماللاشتۇرۇش ناھايىتى ئۇزاق ۋاقىتلارنى باشتىن كەچۈرگەچكە، ئادەت خاراكتېرىدىكى ئېستېتىكا شەكلى نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ كاللىسىدىن ئورۇن ئالدى. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتىدىكى يېتەكچىلەر بىلەن غەربىي دىيار يازغۇچىلىرى شېرىكچىلىك مۇناسىۋىتىنى شەكىللەندۈردى. غەربىي دىياردىكى بىر مۇنچە يازغۇچىلار تۆۋەن قاتلامدىكى تۇرمۇش ماھىيەتلىرىنى يېزىشتىن ئىبارەت مەجبۇرىيەت ۋە مەسئۇلىيەتتىن ۋاز كېچىپ، تارىخىي كەچمىشلەر ئىچىدىن غەربىي دىياردىكى خەلقلەر ئاللىبۇرۇن شاللىۋەتكەن مىللىي ئۆرپ — ئادەتلەرنى قېزىش بىلەن مەستۇ — مۇستەغرەق بولۇپ كەتتى. ھەتتا مىللىي ئۆرپ — ئادەتلەرنى ئويدۇرۇپ چىقىشتىن ئايانمىدى. نۆۋەتتىكى ھەقىقىي مىللىي ئۆرپ — ئادەتلەرنى چىنلىق بىلەن يېزىپ چىققان ئەسەرلەر ھەممىشە

يۈزەكىي تەسۋىرلەر بىلەنلا چەكلىنىپ قېلىپ، چوڭقۇرلاپ ئىزدىنىشتىن مەھرۇم قالدى.

ئۇزاقتىن بۇيان ئېيتىلغان، كىشىلەرنىڭ كەمدىن كەم گۇمانىنى قوزغايدىغان گەپ ــ سۆزلەر بۇ ئەدەبىيات خەرىتىسىنى سىزىپ چىقىشنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسى بولۇپ قالدى. بۇ «قانچە مىللىيلىككە ئىگە بولسا شۇنچە دۇنياۋىلىققا ئىگە بولىدۇ» دېگەنلىكتۇر. ئەمما سەللا تەپەككۇر يۈرگۈزىدىغان بولساق، بۇ مەسىلىنىڭ بىر تەرەپلىملىكىنى سېزىۋالالايمىز. كونا زاماندا ئاياللارنىڭ پۇتىنى تېڭىپ يۈرۈشى مۇتلەق خەنزۇ مىللىتىنىڭ ئۆرپ ــ ئادىتى، ئۇ ھەرگىزمۇ دۇنياۋىلىققا ئىگە بولالمايدۇ. چۈنكى بۇ ئىنسان تەبىئىتىگە، ئىنسانپەرۋەرلىككە خىلاپ، مىللىيلىكنىڭ دۇنياۋىلىققا ئايلىنىشىدا، چوقۇم دۇنياۋى قىممەتكە ئىگە بولۇش، ئىنسانىيەتنىڭ مەنىۋى قىممىتىنىڭ يۈكسەكلىكى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە ئىگە بولۇش كېرەك. بۇ مەسىلىدە لۇشۈن ئەپەندىنىڭ مۇنداق بىر سۆزىنى نەقىل كەلتۈرىمەن. لۇشۈن 1934 ــ يىلى، چېڭ يىڭچاۋغا يازغان بىر پارچە خېتىدە مۇنداق دېگەن: «ھازىرقى ئەدەبىياتىمۇ ئوخشاشلا يەرلىك تۈس بار، ئاسانلا دۇنياۋىلىققا ئايلىنالىغان نەرسىلەر باشقا دۆلەتلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغىيالايدۇ». («لۇشۈن ئەسەرلىرى» 12- توم، 391 ــ بەت). لۇشۈننىڭ بۇ سۆزى ئىلمىي ماقالە تەرىقىسىدە يېزىلغان بولماي سالام خەت تۈسىدە يېزىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئىنتايىن ئەتراپلىق ئېيتىلغان. «ئاسانلا دۇنياۋىلىققا ئايلىنالايدىغان» نەرسىلەرنىڭ دۇنياۋىلىققا ئىگە بولۇشى ناتايىن.

لۇشۈن يەنە: «باشقا ئەللەرنىڭ دىققىتىنى قوزغايدىغان» دەپ ئالاھىدە چەك قويغان. پەقەت باشقا ئەللەرنىڭ دىققىتىنى قوزغاش دېگەنلىك دۇنياۋى قىممەتكە ئىگە بولغان بىلەن باراۋەر دېگەنلىك ئەمەس. بىز ئاز ــ تولا تەھلىل قىلىپ كۆرىدىغان بولساق شۇنى بايقايمىزكى، لۇشۈننىڭ سۆزىدىن نەقىل ئېلىنغان مەسىلە ھەقىقەت چېگرىسىدىن ھالقىپ كەتكەن، ھەقىقەت ئالدىغا بىر قەدەم ئىلگىرىلىسە سەپسەتىگە ئايلىنىدۇ. ئەپسۇسكى بىز نۇرغۇن يىللاردىن بۇيان سەپسەتىنى ھەقىقەت دەپ تونۇپ كەلدۇق. بۇ سۆز ھەم لازىم، ھەم ئۇنى ئۆزگەرتىشىمىز كېرەك. لۇشۈننىڭ ئەسلىي مەقسىتىدىكى گېپىگە قايتساق: «قانچە مىللىيلىككە ئىگە بولسا شۇنچە دۇنياۋىلىققا ئىگە بولىدۇ».

غەربىي دىياردىكى خېلى نۇرغۇن يازغۇچىلار مۇشۇ مەسىلىنىڭ يېتەكچىلىكىدە يېزىقچىلىق قىلىدۇ. ئاجايىپ ــ غارايىباتلارنى توپلاپ، مىللىي ئۆرپ ــ ئادەت توغرىسىدىكى گەپلەرنى قانائەت تاپقۇزىدۇ، تېخى قاتلىمى جەھەتتىن باشقىلارنىڭ دىققىتىنى قوزغاپ، ئۇنى «دۇنياۋى قىممەت»كە ئىگە بولغاندەك كۆرسىتىدۇ. مىللىي ئۆرپ ــ ئادەت، تۇرمۇش ھادىسىلىرى پەقەت مەنىۋى قىممەتنىڭ ژانىرى، ئۇلار مەنىۋى قىممەت ئۈستىدە چوڭقۇر ئىزدىنىش ئېلىپ بارمايلا، ئۆزگىچە ئۇسلۇبىتىكى نادىر ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلدى. تارىخىي كەچۈرمىشلەر ۋە ساختا مىللىي ئۆرپ ــ ئادەت تەسۋىرلەنگەن ئەسەرلەرنى دېمەي، كۆز ئالدىمىزدىكى غەربىي دىيارنىڭ نامرات، قالاق تۇرمۇش ئەھۋاللىرى يېزىلغان ئەسەرلىرىنى تەسۋىرلەپ يېزىشتىمۇ پەقەت تۇرمۇش ھادىسىلىرىنىڭ سىرتقى يۈزىنى تەسۋىرلەپ يېزىش بىلەنلا توختاپ قالغان، نامرات، قالاقلىق ئەھۋاللىرى ئۈستىدە چوڭقۇرلاپ ئىزدىنىش كەمچىل. غەربىي دىيار تەمىنلىگەن ھادىسە خاراكتېرلىك تېمىلار مولل وق جەھەتتە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن ئۆزگىچە ئورۇندا تۇرىدۇ، بۇلارنى يېزىشقا ئۇلگۇرەلمىگەن يەردە مەنىۋى قىممەت ئۈستىدە چوڭقۇر ئىزدىنىشكە نەدىمۇ زېھىن كۈچ بولسۇن؟ شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بارا ــ بارا ئۆزىدىكى مەنىۋى ئېنېرگىيىنى جۇغلاشتىن مەھرۇم قېلىپ، ئۇلاردا ئارمانغا چۈشلۈق دەرمان قالمىغان. ھەتتا بىر مۇنچە ئىقتىسادشۇناس ۋە جەمئىيەتشۇناسلارنىڭ غەربىي دىيارنىڭ نامرات، قالاقلىق توغرىسىدىكى نەزەرىيىۋى تەپەككۇرلىرىنى بىلىشنىمۇ خالىمايدۇ، تۇرمۇشقا ئىلھام ئاتا قىلىدىغان مەنىۋى ئارقا كۆرۈنۈشلەرنى بېيىتىپ، ئۆز ئەسەرلىرىنىڭ سالمىقى ۋە چوڭقۇرلۇق دەرىجىسىنى ئاشۇرۇشنىمۇ ئويلىمايدۇ.

مىللىي ئۆرپ ــ ئادەت، ھادىسىلەر تەسۋىرلەنگەن غەربىي دىيار ئەدەبىياتى جۇڭگو غەربىي دىيار ئەدەبىيات خەرىتىسىنى سىزغۇچىلارنىڭ نەزەرىدە شۇ جايدىكى رايون ئالاھىدىلىكىنىڭ ھەقىقىي يوسۇندا قايتا ئىپادىلىنىشى دەپ قارىلىۋاتىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ ئەسەرلەر رايون ئېڭىنى مول ۋە چوڭقۇر ئىپادىلەشكە توسقۇنلۇق قىلغان. غەربىي دىيار ئوبزورچىلىرىنىڭ نەزەرىدە ھېچقانداق قىممىتى يوق ئەسەرلەر، ھەتتا ئۆرپ ــ ئادەت، ھادىسىلەر

تەسۋىرلەنگەن، خىلمۇ خىل يېتەرسىزلىكلەر ساقلانغان، خاتا، ساختا ئەسەرلەر ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە يۇقىرى باھاغا ئېرىشكەن. مىللىي ئۆرپ ـ ئادەتلەرگە ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى يوق ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ئوبزورچىلىرى ئەسەرلەرگە ئەڭ ئاخىرىدا ھۆكۈم چىقارغۇچى مۇنەۋۋەر كېسىمچىلەرگە ئايلىنىپ قالدى. ئادەت خاراكتېرىدىكى قىممەت ئۆلچىمى، قاتماللاشقان ئەدەبىيات خەرىتىسىدىكى يوللار، رايون ئەدەبىياتى ئۈستىدىكى چوڭقۇر تەپەككۇرنى بوغۇپ قويدى، غەربىي دىيارنىڭ كۆپ خىللاشقان قىممەت يۈزلىنىشكە بولغان سەزگۈرلۈك كەملەپ كەتتى. رايون مەدەنىيىتىدە بارلىققا كەلگەن يېڭى ئالاھىدىلىك ۋە ئۆزگىرىش پسىخىكا جەھەتتە رەت قىلىنىشقا ئۇچراپ، ئەدەبىيات خەرىتىسىدىكى غەربىي دىيار ئەدەبىياتى رايون مەدەنىيىتىنى ئىپادىلەشتە ئاق قالدى.

يەر شارىلىشىش ئۇقۇمى بىلەن بىزنىڭ نەزەرىمىزگە چېلىققان يەنە بىر مۇھىم ئۇقۇم «كۆپ خىللىشىش»دۇر. بەزى يازغۇچىلار، بىر مۇنچە ئوبزورچىلار، مەنىۋى قىممەت ئۈستىدە ئىزدەنگۈچىلەر «كۆپ خىللىشىش»نى ساقلاپ قېلىش شوئارى ئاستىدا، شۇ جايدىكى مىللىي مەۋجۇتلۇقنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجىغا پۈتۈنلەي سەل قارىدى، شۇ جايدىكى خەلق مۇقەررەر يوسۇندا شاللىۋەتكەن مىللىي ئۆرپ ـ ئادەت، تۇرمۇش ئۇسۇللىرىنى مەڭگۈ ساقلاپ قېلىشقا جېنىنىڭ بارىچە ئۇرۇندى، شۇ جايدىكى خەلقنىڭ ھەقىقىي تۇرمۇش تەسىراتلىرىغا پەرۋا قىلماي، ئۇلارنىڭ قالاق ئادەتلىرىنى ۋە تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرىنى ئەسەرلىرىدە شېئىرىي تىللار بىلەن پەردازلىدى. كىچىك ماشىنىلاردا ئولتۇرۇپ، پايانسىز دەريادىكى كۆۋرۈك ئۈستىگە سېلىنغان يۇقىرى سۈرئەتلىك يوللاردىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ پىيادە يول مېڭىشىدەك «كۆپ خىللاشقان» مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش شەكلىدىن زوقلاندى. بۇ ئىنسان تەبىئىتىمۇ؟ بۇ تارىخ ھېسابلىنامدۇ؟ ئىنسانىيەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش تەرەققىياتىغا 100 مىڭ يىلدىن ئاشتى. دېمەك ئۇلارنىڭ قەلبىدە ئاددىي، ئېنىق ئېيتقىلى بولمايدىغان، مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ھالىتىدىكى ئورتاق قىممەت شەكىللەنگەن، قانداق تۇرمۇش ئىنسان تەبىئىتىگە تېخىمۇ ماس كېلىدۇ؟ بۇنىڭ جاۋابى ئوخشاش بولمىسا كېرەك. بىراق ئورتاق يۈزلىنىش بار، مانا بۇ دۇنياۋى قىممەت. غەربىي دىيار يازغۇچىلىرى غەربىي دىيارنىڭ كەڭ رايونلىرىدىكى ھەقىقەتلىرىنى يازغاندا، چوقۇم قەلبىدە دۇنياۋى قىممەت مەيدانى ھازىرلاپ ئۇنى تەسۋىرلەشتە قىممەت قالايمىقانچىلىقى كېلىپ چىقىشتىن ساقلىنىش كېرەك.

3

غەربىي دىيار ئەدەبىياتىنىڭ جۇڭگو ئەدەبىيات خەرىتىسىدىكى ھەقىقىي ئورنىغا توغرا مۇئامىلە قىلىپ، قاتماللىشىپ كەتكەن غەربىي دىيار ئەدەبىياتىنىڭ تاشقى قىياپىتىنى تونۇپ يېتىپ، مىللىي ئۆرپ ـ ئادەت قاتارلىق تېمىلارنىڭ قاتلىمىدىن ھالقىپ، غەربىي دىيار ئەدەبىيات تارىخى بىلەن رېئال مول، رەڭگارەڭ مەنىۋى قىممەتنى قېزىپ، يېڭىچە غەربىي دىيار ئەدەبىيات خەرىتىسىنى سىزىپ چىقىش غەربىي دىيار يازغۇچىلىرى بىلەن ئوبزورچىلىرىنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى، بۇ ئەدەبىياتنىڭ مۇقەررەر تەلىپى بولۇپلا قالماي جۇڭخۇا مىللىي مەدەنىيىتىنى قايتا قۇرۇپ چىقىشنىڭ مۇقەررەر ئېھتىياجى.

بۇ جەرياندا، غەربىي دىيار ئەدەبىياتى نېمىلەرگە نەزەر سېلىشى كېرەك؟

رايون ئەدەبىياتىغا نەزەر سېلىش. جۇڭخۇانىڭ كەڭ مۇنبەت تۇپرىقىدا 1 مىليارد 300 مىليون ئادەم ياشايدۇ. ھەرقايسى رايونلار ئۆزگىچە مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكىنى نامايان قىلىپ تۇرىدۇ. ھەرقايسى رايونلاردا ئوخشىمىغان ئەدەبىيات ئامىللىرى بار، بۇنىڭ بىلەن ھەرقايسى رايونلارنىڭ ئوخشىمىغان ئەدەبىيات قىياپىتىنى نامايان قىلغان. ئەدەبىي تەنقىد نۆۋەتتە رايون ئەدەبىياتىنى تەھلىل، تەتقىق قىلىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشى، ئۇنىڭدىكى ئۆزگىچىلىكنى سىزىپ، بۇنىڭ ئىچىدىن ھەرقايسى مىللەتلەر ئورتاق ئېتراپ قىلىدىغان مەدەنىيەت قىممىتىنى قېزىپ چىقىش كېرەك. بىر تەرەپتىن، ھەرقايسى رايون، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ، ئۇنىڭ ئۆزگىچىلىكىنى بايقاش بۇنىڭ ئىچىدىن ھالقىملىققا، دۇنياۋىلىققا ئىگە قىممەتنى قېزىپ چىقىش، يەنە بىر تەرەپتىن، ھەرقايسى رايون، ھەرقايسى مىللەت مەدەنىيىتىنىڭ ئۆزئارا تەسىرى، ئۆزئارا مۇناسىۋىتىنى جۇڭخۇا مىللىي مەدەنىيىتىنىڭ نەزەرىدە چۈشىنىپ، بىر تەرەپ قىلىپ، جۇڭخۇا مىللىي مەدەنىيىتىنى بىرىكتۈرۈش ۋە يېڭىۋاشتىن قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن سىستېمىلىق تەپەككۇر يولىنى ئوتتۇرىغا قويۇش.

ئەپسۇسلىنارلىقى، نۆۋەتتە نەزەرىيە تەنقىدچىلىك ساھەسى رايون ئەدەبىياتىنى تەتقىق قىلىشقا خېلىلا نامرات. «غەربىي دىيار»، «شەرقىي قىسىم» ئەدەبىيات تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار بارماق بىلەن سانىغۇدەكلا. بىر ئۆلكە، بىر شەھەر ۋە رايون ئەدەبىياتىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىشتىن تېخىمۇ سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. چەكلىك تەتقىقات قاتماللاشقان ئەدەبىيات خەرىتىسىنىڭ رېڭگىنى قېنىقلاشتۇرۇشنى چەكلەپ قويدى. ھەتتا مۇقىم «غەربىي دىيار رېڭى» غەربىي دىيارنىڭ مول، رەڭگارەڭ رايون ئەدەبىياتىنى ئاددىيلاشتۇرۇۋېتىلدى، تارىختا قىزغىن بولۇپ، رېئاللىقتا سەل قارالدى، كونا ئۆرپ ـ ئادەتلەر ئالقىشلىنىپ يېڭى ئالاھىدىلىكلەرگە بىپەرۋا مۇئامىلە قىلىندى.

غەربىي دىياردىكى شەھەر ئەدەبىياتىغا نەزەر سېلىش. جۇڭگونىڭ غەربىي قىسمىدا 12 ئۆلكە، ئاپتونوم رايون بار بولۇپ، كۆپ ساندىكى چېگرا رايون ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن بولغان ئارىلىقى خېلىلا يىراق. قاتماللاشقان غەربىي دىيار ئەدەبىياتىنىڭ رېڭى يېزا ـ كەنت، تاغ ئېدىرلار، ئورمانلار، قارلىق دالىلار، جىلغىلار، قۇم بارخانلىرى، يايلاقلاردىن كېلىدۇ، قىسقىسى بۇنىڭدا شەھەرنىڭ ئامىللىرى يوق دېيەرلىك. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتىنىڭ غەربىي دىيار ئەدەبىياتىغا بولغان دىققەت نەزەرى ئۇزاقتىن بۇيان چەت ـ چېگرا جايلار بىلەن مىللىي ئالاھىدىلىك جەھەتتە توختاپ قالدى، يېزا ـ كەنتلەرنى بايان قىلىش بىلەنلا چەكلەندى. شەھەر تۇرمۇشىنى يېزىش ئېيتىشلارغا قارىغاندا غەربىي دىيار يازغۇچىلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى بولماي بەلكى بېيجىڭ، شاڭخەي ۋە شەرقىي قىسىمدىكى يازغۇچىلارنىڭ ئالاھىدە ئىمتىيازىمىش. بەزى يازغۇچىلار غەربىي دىياردىكى شەھەرلەردە نەچچە ئون يىل ياشىدى، بەزى يازغۇچىلار نەچچە ئون يىلدىن بېرى شەھەردىن ئايرىلىپ باقمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار «نەق مەيدان»نى يېزىشتىن ۋاز كېچىپ، ئۆزلىرىگە ئانچە تونۇشلۇق بولمىغان تارىخنى، يېزا ـ كەنتلەرنى قەلەمگە ئېلىپ، ئاجايىپ ـ غارايىپ ياتلاشقان ئۆرپ ـ ئادەتلەرنى قېزىش يولىغا مېڭىپ، ھەتتا «ساختا مىللىي ئۆرپ ـ ئادەت»لەرنى توقۇپ چىقتى، ئىجادىي مۇددىئادا قەلب بىلەن ئۆزى ياشاۋاتقان شەھەر تۇرمۇشىنى دەڭسەپ بېقىشقا سەل قاراپ بارا ـ بارا شەھەر تۇرمۇشىغا بولغان سېزىمىنى يوقاتتى.

غەربىي دىياردىكى شەھەرلەر دەل ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتى رادىئاتسىيە كۆرسىتىدىغان ئۆتەڭ، شۇنداقلا خەنزۇ مەدەنىيىتى بىلەن چېگرادىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر مەدەنىيىتى ئۇچراشقان جاي. مەدەنىيەتتىكى بۇ خىل قوشۇلۇش ۋە ئۇچرىشىشنى غەربىي دىياردىكى بىر مۇنچە مەركىزىي شەھەرلەر باشتىن كەچۈرگىلى نەچچە مىڭ يىل بولدى. مانا بۇ شەھەرلەر جۇڭخۇا مىللىي مەدەنىيىتىدىكى يېڭى ئالاھىدىلىكلەرنى ئاپىرىدە قىلىدىغان جاي، غەربىي دىياردىكى شەھەر ئەدەبىياتىغا نەزەر سېلىش مۇشۇ نۇقتىدىن پەۋقۇلئاددە ئەھمىيەتكە ۋە قىممەتكە ئىگە. يېقىنقى 20 يىلدىن بۇيان غەربىي دىيارنىڭ شەھەر تەرەققىياتى پۈتكۈل جۇڭگوغا ئوخشاش ناھايىتى زور ئىلگىرىلەشلەرنى قولغا كەلتۈردى. بىر مۇنچە ۋىلايەت، ئوبلاستلارنىڭ مەركىزىي شەھەرلىرىدىمۇ كىشىنى تاڭ قالدۇرىدىغان ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىپ، بۇ جايلار شەھەر ئەدەبىياتى كۆكلەيدىغان مۇنبەت تۇپراققا ئايلاندى.

شۇڭا، غەربىي دىياردىكى شەھەر ئەدەبىياتىغا يېڭىچە قاراش بىلەن نەزەر سېلىش كېرەك. مەسىلەن، ئاز سانلىق مىللەتلەرنى تەتقىق قىلىشتا، ئادەتتە تېپىك تاغ قەلئەلىرى ۋە مىللىيلار ئولتۇراقلاشقان رايونلارنى ئىزدەيمىزيۇ، شەھەرلەردىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنى ئۇنتۇپ قالىمىز. ئەمما ئۇلار شەھەرلەر زامانىۋى جەمئىيەتكە قەدەم قويغاندا، خەنزۇ مەدەنىيىتى بىلەن قوشۇلۇش ۋە ئۇچرىشىشتا، مۇرەككەپ پسىخىكا ھالەت مۇقەررەر ھالدا غەربىي دىياردىكى شەھەرلەر ئالاھىدىلىكىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىغا ئايلىنىپ قالدى. بىراق، بىز شەھەرلەردىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنى كەمدىن كەم ئىپادىلىدۇق، ئۇلارنىڭ شەھەرلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى، بۇ شەھەرنىڭ خاراكتېرى، مەنىۋى تەسىرىنى، جۇڭخۇا مىللىي مەدەنىيىتىنى شەكىللەندۈرۈشتىكى رولىنى تەھلىل قىلمىدۇق ۋە ئۇنىڭغا باھا بەرمىدۇق.

ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتىغا نەزەر سېلىش. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى جۇڭخۇا مىللىي مەدەنىيىتىنىڭ تۇپرىقىنى تېخىمۇ مۇنبەتلەشتۈردى. ئۇزاقتىن بۇيان ئوبيېكتىپ جەھەتتە ھەرقايسى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئالماشتۇرۇش ۋە بىرىكىش، مەدەنىيەتتىكى ياتلىشىش بىلەن قوشۇلۇشقا شارائىت ھازىرلاپ

بەردى. بۇ يەردە ھەرقايسى مىللەتلەر ئورتاق ئېتىراپ قىلىدىغان قىممەتلىك مەدەنىيەت قىممىتى يوشۇرۇنۇپ ياتماقتا. ئەدەبىي تەنقىدنىڭ ۋەزىپىلىرىدىن بىرى، ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ مەدەنىيەت قىممىتىنى قېزىپ چىقىش. بىراق ئۇزاقتىن بۇيان، ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ساھەسى ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرىنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلىرىگە ئېلىپ بارغان تەتقىقاتتا كۆپىنچە ئەسەرلەردە ئەكس ئەتكەن مۇشۇ مىللەتنىڭ ئۆزىدىكى مىللىي ئالاھىدىلىككىلا ئەھمىيەت بەردى. جۇڭخۇا مىللىي مەدەنىيىتى مەيدانىدا تۇرۇپ، ئۇنىڭ جۇڭخۇا مىللىي مەدەنىيىتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە كەمدىن كەم نەزەر سالدى. مېنىڭچە، ئەدەبىي تەنقىد ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتىگە نەزەر سالغاندا، مۇنداق ئىككى خىل ئەھۋالغا ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەك. بىرى، ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرى خەنزۇ تىل يېزىقىدا يېزىقچىلىق قىلغاندا، ئۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان مەدەنىيەت مەنىسى، پسىخىكا، مەدەنىيلىك جەھەتتىكى ئەھۋاللار؛ ئىككىنچىدىن، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا ياشىغان خەنزۇ يازغۇچىلار (ياكى باشقا مىللەت يازغۇچىلىرى) يازغان شۇ يەردىكى مىللەتلەرنىڭ تۇرمۇشى يېزىلغان ئەسەرلەر؛ ئاشۇ تۇرمۇش مۇھىتىدا، بۇ يازغۇچىلار «ئاز سانلىق» مىللەتكە ئايلىنىپ قالغان ـ دە، ئۇ بېكىتكەن مەدەنىيەت قىممىتى بىلەن ئۇلار ياشىغان جايدىكى مەدەنىيەت قوشۇلۇپ مول ئالاھىدىلىكنى بارلىققا كەلتۈردى.

كەڭ زېمىندىن كەلگەن يېزىقچىلىققا نەزەر سېلىش، ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى ۋىجدان ۋە مەسئۇلىيەت يازغۇچىلاردىن ئۆزى مەۋجۇت بولۇپ ياشاپ تۇرۇۋاتقان زېمىننىڭ تومۇرى بىلەن تەڭ نەپەس ئېلىشنى، كەڭ زېمىندىن كەلگەن كۈچلۈك ساداغا قۇلاق سېلىشنى، زېمىندىكى مول ئوزۇقلۇقلارنى قوبۇل قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەدەبىي ئىجادىيەت تەبىئەتنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ، ئەدەبىياتتىكى ئىدراكىي چوڭقۇرلۇق ۋە ھېسسىي چوڭقۇرلۇققا ماڭغان بولىدۇ، ئاندىن جۇڭخۇا مىللىي مەدەنىيىتىنى يېڭىۋاشتىن قۇرۇپ چىقىشنى ئۈنۈملۈك قىممەت بىلەن تەمىنلىگەن بولىدۇ. ۋەھالەنكى، باش تارتىپ بولمايدىغان پاكىت شۇكى، يېقىنقى يىللاردىن بېرى، ئەدەبىي ئىجادىيەت تەبىئەتتىن سەل چەتنەپ، يازغۇچىلارنىڭ تۇرمۇش نەق مەيدانىدىن يىراقلاشقان يېزىقچىلىققا ئايلىنىپ قالدى، ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى ئۆزلىرىنىڭ ياشاش مۇھىتى بىلەن مۇناسىۋەتسىز بولۇپلا قالماي، ئۆزلىرىنىڭ مەنىۋى مۇھىتى بىلەن تېخىمۇ ماس كەلمەيدىغان بولۇپ قالدى. بۇ خىل ئەھۋالنىڭ كېلىپ چىقىشىنى مەلۇم مەنىدە تەنقىدچىلەر ساھەسىنىڭ قىممەت يۆلىنىشىدىن قايتا ئويلىنىش كېرەك، 80 ـ يىللاردىن بۇيان، نەزەرىيە تەنقىدچىلىك ساھەسىنىڭ مەنىۋى جەھەتتە يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارى ئاجىزلاپ كەتتى، تەنقىدىي ماقالىلەردىكى ئىبارىلەرمۇ غەرب مودېرنىزمى ۋە كېيىنكى مودېرنىزمدىكى خىلمۇخىل شەكىل، ئۇسۇللارغا ئۆزگىرىپ كەتتى. تېمىلارنىمۇ مەۋجۇدىيەتچىلىك، قوبۇل قىلىش ئېستېتىكىسى، كېيىنكى قۇرۇلمىچىلىق، ئاياللار ھوقۇقى، كېيىنكى مۇستەملىكىچىلىك دېگەندەك پۈتۈنلەي غەرب سۆز ئاتالغۇلىرى بېسىپ كەتتى. تەنقىدچىلەر ئاسماندىن چۈشكەن بۇ نەزەرىيىلەر بىلەن زېمىندىكى بۇ يازغۇچىلارنىڭ ئىجادىيىتىنى چۈشەپ قويدى. بۇ نەزەرىيىلەرگە باب كەلگەن ئەسەرلەرگە ئالقىش ياڭراتتى، بۇ نەزەرىيىلەرگە مۇناسىپ كەلگۈدەك ئېلېمېنتلارنى تاپالمىغان ئەسەرلەرگە پەرۋامۇ قىلىپ قويمىدى. بارا ـ بارا، بىر مۇنچە يازغۇچىلار قانداق يازغاندا تەنقىدچىلەرنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقىنى چۈشەندى، شۇنىڭ بىلەن تەنقىدچىلەرنىڭ چاۋىكىغا ئالاھىدە نەزەر بىلەن قارايدىغان يازغۇچىلار ئۆزلىرى ياشاۋاتقان زېمىننىڭ چەكسىز ھاياتىي كۈچكە ئىگە جانلىق تەجرىبىلىرىنى يېزىشتىن ۋاز كېچىپ، مەشھۇر شەخسلەرنىڭ كىتابلىرىدىن لوگىكىنىڭ ئالدىنقى شەرتىنى ئىزدەشتۈرۈپ، تەنقىدچىلەرنىڭ ئېيتقانلىرىغا ماس كېلىدىغان ئەسەرلەرنى تاللاش بىلەن بولۇپ كەتتى. ۋەھالەنكى، بۇ ئەسەرلەر ۋە تەنقىدلەر جۇڭخۇا مىللىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى قانچىلىك ئۈنۈملۈك قىممەت بىلەن تەمىنلىگەندۇ دېگەنگە كىشىنىڭ گۇمانى قوزغىلىدۇ.

خەلق ئارىسىدىن كەلگەن ئىجادىيەتكە نەزەر سېلىش. «خەلق» دېگەن بۇ ئۇقۇمنىڭ مەنىسى مۇشۇ يىللاردا بەك قالايمىقانلىشىپ كەتتى، بۇ يەردىكى دېيىلگەن خەلق ئىجادىيىتى ئەسلىدىكى مەنىنى بىلدۈرىدۇ، يەنى ئەدەبىي ئىجادىيەتنى ۋەزىپە قىلمايدىغان، بارلىق جانلىق مەۋجۇداتلار ئارىسىدا ياشاپ، يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك غېمىدە ھەر تەرەپكە پېتىراپ يۈرگەن، يېزىق بىلەن

ئىدىيىۋى ھېسسىياتنى ئىپادىلەيدىغان ئىجادىيەتچىلەرنىڭ ئىجادىيىتىنى كۆرسىتىدۇ. 4 ـ ماي ھەرىكىتىدىكى پېشىۋالار خەلق ئىجادىيىتىگە نەزەر سېلىش توغرىسىدا چۇقان كۆتۈرگەن، نەچچە مىڭ يىللىق تارىخىي جەريانىدا، ئۇ ئېغىز ئەدەبىياتى شەكلىدە خەلق ئارىسىدا مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن، سانائەتلەشكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقى خىرىسقا دۇچ كەلدى، ئۇچۇر دەۋرىنىڭ يېتىپ كېلىشى بىلەن يەنە ئۇنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنى يېڭى پۇرسەتلەر بىلەن تەمىنلىدى. ئېغىز ئەدەبىياتى تورغا يۆتكەلدى، مېنىڭچە تور ئەدەبىياتى ھازىرقى زامان جەمئىيىتىدىكى خەلق ئەدەبىياتىدۇر، گەرچە تارقىلىش شەكلى ئېغىز ئارقىلىق تورغا تارقالغان بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ ئەركىن يېزىش ۋە ئېلان قىلىشتىن ئىبارەت ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكى ئۆزگەرمىدى. ئۇ ھاياتتىكى ماھىيەتلىك تەسىرلەرنى يىلتىز قىلىش، ھېسسىي كەيپىياتلارغا رەڭ بېرىش، ئويۇنچۇق خاراكتېرىنى ئېلىشتەك ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ئەسلىي تەبىئىتىنى يوقاتمىدى.

بۇ خىل ئىپتىدائىي ھالەتتىكى ئەدەبىي ئىجادىيەت، خۇددى نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيانقى ئېغىز ئەدەبىياتى ئىسپاتلىغانغا ئوخشاش، ئۇ مۇرەككەپ، مول، چەكسىز ھاياتىي كۈچكە ئىگىدۇر. بۇنىڭ ئىچىدىن «ھومىر داستانلىرى»غا ئوخشاش بۈيۈك ئەسەرلەر مەيدانغا كەلگەن. بولۇپمۇ بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيەت روھى ھامان خەلق ئىجادىيىتىگە يوشۇرۇنغان بولىدۇ، ئۇ ئەركىن ئالماشتۇرۇش ۋە ئۇچرىشىشتا، توغرا يۆنىلىشلىك قىممەت داۋاملىق تېخىمۇ كۆپ كىشىلەر تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنىپ قوبۇل قىلىنىپ، بىلىندۇرمەي تەسىر كۆرسىتىش رولىنى جارى قىلدۇرۇۋاتىدۇ. جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق ئېتىراپ قىلىدىغان مەدەنىيەت قىممىتىنى قېزىپ چىقىشتا، ئىپتىدائىي ھالەتتىكى توردىكى خەلق ئىجادىيىتىگە نەزەر سالماي بولمايدۇ. ئەمما نۆۋەتتە تەنقىدچىلىك ساھەسىنىڭ تور ئەدەبىياتىغا قارىتا ئېلىپ بارغان تەنقىد ۋە تەتقىقاتى تولىمۇ ئاز، توردىكى نۇرغۇن ئىجادىي ئەسەرلەرنى نىسبەتلەشتۈرگىلى بولمايدۇ.

يەر شارىلىشىشنىڭ جىددىي قەدەم ئاۋازى ئىچىدە جۇڭخۇا مىللىي ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى ئۈستىدە يېڭىۋاشتىن ئويلىنىش ۋە پارلاق نەتىجىلەرنى يارىتىش زامانىۋى قۇرۇلۇشنىڭ ئىچكى تەلىپى. بۇ جەرياندا، قاتماللىشىپ كەتكەن غەربىي دىيارنىڭ ئەدەبىيات رامكىسىنى بۇزۇپ تاشلاپ، جۇڭخۇاغا تەۋە مول رەڭگارەڭ مىللىي مەدەنىيەتنى تەكىتلەپ، ئەدەبىيات ئارقىلىق شۇ تۇپراقنىڭ مەنىۋى بايلىقلىرىنى قېزىپ چىقىپ، ھەر مىللەت ئورتاق ئېتىراپ قىلىدىغان مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكىگە ئىگە جۇڭخۇا مىللىي مەدەنىيىتىنى يېڭىۋاشتىن قۇرۇپ چىقىش ئۇچۇن ئۆز تۆھپىسىنى قوشۇش ئەدەبىي تەنقىدنىڭ نۆۋەتتىكى جىددىي ۋەزىپىسى.

بىرىكتۈرۈش، قايتا قۇرۇپ چىقىشنى چوقۇم ئەركىن تەتقىقات، ئەركىن ئىپادىلەش، ئەركىن ئالماشتۇرۇش، ئەركىن مۇھاكىمە قىلىش تىل مۇھىتىدا تەسىس قىلىش كېرەك، مەدەنىيەتتە يېڭىلىق يارىتىشنى پەقەت ئەركىن تىل مۇھىتىدا ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بارغىلى بولىدۇ. خەلقتىن ئايرىلغان ھەر قانداق شەكىلدىكى يۇقىرى كۈچ ئۇنۇملۈك قىممەتنى قايتا قۇرۇپ چىقىشنى نابۇت قىلىدۇ، جۇڭخۇا مىللىي مەدەنىيىتىنى قايتا قۇرۇپ چىقىش، ئىچكى جەھەتتە سۆزلىشىش بىلەن ئالماشتۇرۇش جەريانى بولۇپلا قالماي، بەلكى سىرتقى مەدەنىيەتكە قارىتا قەلب دېرىزىسىنى ئۇلۇغ ئېچىۋېتىپ، يېڭىلىقنى قوبۇل قىلىش جەريانىدۇر. ئۇ ھەم مەدەنىيەت قۇرۇش قانۇنىيىتىگە رىئايە قىلىشى، ھەم خېلى بىر ئۇزاق جەرياننى باشتىن كەچۈرۈشى كېرەك. يەر شارىلىشىشنىڭ تېز سۈرئەتتىكى قەدەم ئاۋازى قەلب تارىمزىنى چەكمەكتە، مانا بۇ بىز دۇچ كېلىۋاتقان قىيىنچىلىق!

(بۇ ماقاله 2005 ـ يىلى 11 ـ ئايدا كۈنمىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر تولپار ئەدەبىيات مۇكاپاتى يىغىنىدا ئوقۇلۇپ، كۈچلۈك ئالقىشقا ئېرىشكەن).

**شۆھرەت مۇھەممەدى تەرجىمىسى**

## تۈزىتىش

2006 ـ يىلى 3 ـ سان مۇقاۋىنىڭ 2 ـ بەتتىكى رەسىملەرنى مۇساجان ۋاھاپ سىزغان. ژۇرنالدا «ئىسمائىل ئىسھاق» دەپ خاتا ئېلىنىپ قالغان. شۇ مۇناسىۋەتتە بىز كەڭ ئوقۇرمەنلەر ۋە ئاپتوردىن سەممىي كەچۈرۈم سورايمىز.

**«مىراس ژۇرنىلى» تەھرىر بۆلۈمى**

www.uyghurkitap.com

# ۋەتەنگە بولغان مۇھەببەت
# قانچە پۇلغا يارايدۇ

يېقىندا، بىر ئوتتۇرا مەكتەپتە «ۋەتەنگە مۇھەببەت» دېگەن تېمىدا نۇتۇق سۆزلىگەنىدىم. نۇتۇق ئاياغلىشىپ، ئەركىن سوئال سوراش پەيتىدە بىر ئوقۇغۇچى: «ۋەتەنگە بولغان مۇھەببەت قانچە پۇلغا يارايدۇ؟» دەپ سوراپ قالدى. مەن تۆۋەندە ئولتۇرۇپ، ماڭا تىكىلگەن نەچچە مىڭ كۆزلەرگە قاراپ «جاھاندىكى بىرىنچى قىلىچ» توغرىسىدىكى مۇنداق بىر ھېكايىنى سۆزلەپ بەردىم.

1992 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا، مەركىزىي ھەربىي ئىشلار دائىمىي كومىتېتىنىڭ قارارى بويىچە، قۇرۇقلۇق، دېڭىز، ھاۋا ئارمىيىلىرىدىن تەركىب تاپقان ئۈچ قىسىمنىڭ ھۆرمەت قاراۋۇللىرىنىڭ خەلق ئارمىيىسىنىڭ جەڭگىۋار ئوبرازىنى تىكلەش ئۈچۈن، مۇراسىم قوماندانلىق قىلىچى ئېسىشنى قارار قىلدى. بىراق، تەتقىقات يۇرتىدىكى تەتقىقاتچى خادىملار مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى نوپۇزلۇق ھەربىي سانائەت كارخانىلىرى ۋە پىچاق ئىشلەپچىقىرىش زاۋۇتلىرىنى ئىزدىگەن بولسىمۇ، بۇ تەلەپنى قاندۇرۇپ، مۇراسىم قوماندانلىق قىلىچىنى ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىپىسىنى ئورۇندىيالايدىغان بىرمۇ كارخانا تېپىلمىدى. «لۇڭچۈەن ئېسىل شەمشەرلىرى» يۇرتىدا تۇغۇلغان، جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ چىڭيۈەن ناھىيىسىدىكى چېن سۇڭچى «جاھاندىكى بىرىنچى قىلىچ»نى لايىھىلەش، ياساش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى. 10 ـ قېتىم بېيجىڭغا بېرىش، يەتتە قېتىم ئۆزگەرتىشتىن كېيىن، بۇ قىلىچنىڭ ئاخىرقى نۇسخىسى بېكىتىلدى. 1992 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى، بۇ قىلىچ ئۈچ قىسىمنىڭ ھۆرمەت قاراۋۇللىرى مەخسۇس ئىشلىتىدىغان مۇراسىم قوماندانلىق قىلىچىغا ئايلاندى. شۇ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى دۆلەت بايرىقىنى قوغداش ئەترىتى تيەنئەنمېن مەيدانىدىكى بايراق چىقىرىش مۇراسىمىدا رەسمىي يوسۇندا بۇ مۇراسىم قوماندانلىق قىلىچىنى ئىشلەتتى. مۇراسىم ئىجرائىيە كوماندىرىنىڭ قولىدىكى ساپاق مۇراسىم قوماندانلىق قىلىچىغا ئالماشتۇرۇلۇپ، ئارمىيىمىزنىڭ مۇراسىم قوماندانلىق قىلىچى ئىشلىتىش تارىخىنىڭ باشلىنىشى بولۇپ قالدى.

بۇ «جاھاندىكى بىرىنچى قىلىچ»نى ياسىغان چېن سۇڭچىنىڭ داڭقى ھەر تەرەپكە تارقالدى. بىر كۈنى، ئامېرىكىلىق بىر سودىگەر ئۇنى ئىزدەپ كېلىپ، ئۇنى ئۆگزىسى پاكار، ئاددىيغىنە ئىشخانىسىدىن تاپتى. ئامېرىكىلىق سودىگەر 10 مىليون دوللارغا «جاھاندىكى بىرىنچى قىلىچ»نىڭ تۇنجى نۇسخىسىنى سېتىۋېلىش ئۈمىدىنىڭ بارلىقىنى، ئەگەر چېن سۇڭچى قوشۇلىدىغانلا بولسا، ئۇزاققا قالماي چاڭئەن كوچىسىغا سېلىنىدىغان ئەڭ ئېگىز بىنا بولمىش «جاھاندىكى بىرىنچى بىنا» پۈتكەن ھامان، ئۇنىڭغا بىر قەۋەتنى پۈتۈنلەي ھەقسىز سوۋغا قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. مىليونلاپ دوللار ئالدىدا، پۈتۈن بىر قەۋەتلىك ئېسىل ئۆي ئالدىدا، نۇرغۇن ئادەملەر ئېرىشىش پۇرسىتىگىمۇ ئېرىشەلمەيدىغان مۇشۇنداق تېپىلغۇسىز پۇرسەت ئالدىدا چېن سۇڭچى ھېچ ئىككىلەنمەي ئۇنى رەت قىلدى. ئۇنىڭ كۆرسەتكەن سەۋەبى ناھايىتى ئاددىي ئىدى. ئۇ پەقەت ئۆزىنىڭ جۇڭگولۇقلۇقىنى، «جاھاندىكى بىرىنچى قىلىچ»نىڭ يات ئەللەرگە چىقىپ كېتىشىنى خالىمايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. 2003 ـ يىلى، دۆلەت ئىچىدىكى ئىككى كارخانا «جاھاندىكى بىرىنچى قىلىچ»نىڭ ئۈلگە نۇسخىسىنى قولغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن قاتتىق تالاشتى. ئاخىر بىر تەرەپ 18 مىليون خەلق پۇلى چىقىرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. بۇ چاغدا، جۇڭگو دۆلەتلىك مۇزېيدىكى مۇناسىۋەتلىك خادىملار چېن سۇڭچىنى تېپىپ «جاھاندىكى بىرىنچى قىلىچ»نىڭ بىرىنچى نۇسخىسىنى قىممەتلىك ئاسارئەتىقە سۈپىتىدە مۇزېيدا ساقلايدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ قىلىچقا باھا قويۇپ بېرىشىنى، ئۆزلىرىنىڭ ساقلاش ئۈمىدىنىڭ بارلىقىنى ئېيتتى. چېن سۇڭچى ياسىغان «جاھاندىكى بىرىنچى قىلىچ»نىڭ باھاسى ئۆرلەپ ۋايىغا يەتتى. بۇ توغرىسىدىكى پاراڭلارمۇ قىزىپ كەتتى. بۇ نەچچە مىليون مەبلەغ چېن سۇڭچىنىڭ شىركىتىنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىۋېلىشى ئۈچۈن تولىمۇ ياخشى پۇرسەت ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، كىمگىلا سېتىپ بېرىشتىن قەتئىينەزەر، ئۇلار بۇ قىلىچنىڭ چەت ئەللىكلەر قولىغا چۈشۈپ كەتمەسلىكىگە كاپالەت بېرىشكەنىدى. بىراق، چېن سۇڭچى كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرىدىغان بىر قارارغا

2006.4

كەلدى. ئۇ «جاھاندىكى بىرىنچى قىلىچ»نىڭ تۇنجى نۇسخىسىنى جۇڭگو دۆلەتلىك مۇزېيىنىڭ ساقلىشىغا تاپشۇرۇپ بەردى. «قېنى ئېيتىڭلارچۇ؟ ۋەتەنگە بولغان مۇھەببەت قانچە پۇلغا يارايدىكەن؟» زال ئىچى تىمتاس بولۇپ كەتتى. ھېچكىم بۇنىڭغا جاۋاب قايتۇرمىدى. نەچچە سېكۇنتتىن كېيىن زال ئىچىنى گۈلدۈراس ئالقىش قاپلىدى. بىلىپ تۇرۇپتىمەنكى، بۇ ئالقىش ماڭا چېلىنمىغان، بەلكى چىن سۆزچىنىڭ ۋەتەنگە بولغان باھاسىز مۇھەببىتىگە چېلىنغانىدى.

ھايات ھېكمىتى: قېنى ئېيتىڭلارچۇ؟ ۋەتەنگە بولغان مۇھەببەت قانچە پۇلغا يارايدىكەن؟ ۋەتەنگە بولغان مۇھەببەت باھاسىزدۇر.

**قەھرىمان**

بىر قېتىم، مەن جەنۇبىي قۇتۇپقا ئىلمىي تەكشۈرۈشكە بېرىپ كەلگەن بىر ئالىمنى زىيارەت قىلدىم، مەن تولۇپ - تاشقان ھاياجان بىلەن ماقالىنى يېزىپ بولۇپ، ئۇنىڭغا ماقالىنى كۆرۈپ بېقىشقا بەردىم. ماقالەمنىڭ قالتىس ياخشى يېزىلغانلىقىغا ئىشەنچىم كامىل ئىدى. ئۇ ماقالەمنى كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن، ئاساسىي جەھەتتىن رازى بولغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، پەقەت بىر يېرىگە ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈش تەكلىپىنى بەردى، يەنى ئۇ مېنىڭ ماقالەمدە ئۆزىنى «قەھرىمان» دەپ ئاتىشىمنى رەت قىلدى. مەن چۈشەنمىدىم. ئۇنى قايىل قىلىش ئۈچۈن: «سىز جەنۇبىي قۇتۇپتىكى بىر يىللىق تەكشۈرۈش جەريانىدا نۇرغۇن مۇشەققەتلەرنى چېكىپسىز، قىممەتلىك پەن - تەتقىقات نەتىجىلەرگە ئېرىشىپسىز، سىزنى قەھرىمان دەپ ئاتاشقا ھەقلىقسىز»، دېدىم. ئۇ گېپىمنى بۆلۈۋەتتى، ناھايىتى سالماقلىق بىلەن ماڭا مۇنۇ ھېكايىنى سۆزلەپ بەردى:

1910 - يىلى، ئەنگلىيە دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ ئوفىتسېرى سكوت بىلەن نورۋېگىيىنىڭ ئېكسپېدىتسىيىچىسى ئامونسون بىر مەيدان «دو»غا، يەنى كىمنىڭ جەنۇبىي قۇتۇپقا ئەڭ بۇرۇن بارالايدىغانلىقىغا «دو» تىكىپتۇ. ئۇنىڭدىن ئىلگىرى دۇنيادا بىرمۇ ئادەم جەنۇبىي قۇتۇپقا بېرىپ باقمىغانىدى. ئۇ يەر بەك سوغۇق بولغاچقا، كىشىلەرنىڭ نەزەرىدە جەنۇبىي قۇتۇپ ئۆلۈم دېگەنلىك بىلەن باراۋەر ئىدى. بۇ ئىككىيلەننىڭ دو تىكىشى كۆپچىلىكنىڭ نەزەرى ۋە دىققىتىنى قوزغايدۇ.

1910 - يىلى 6 - ئايدا، سكوت «تارانوۋا» نامىلىق كېمىگە ئولتۇرۇپ يولغا چىقىدۇ. يول ئۈستىدە ئۇ ئاموندسوننىڭمۇ جەنۇبىي قۇتۇپقا قاراپ يولغا چىققانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ سۈرئىتىنى تېزلىتىدۇ. بىراق، شىۋىرغان كۈچەيگەنسېرى يول يۈرۈش شۇنچە قىيىنلىشىدۇ. 1912 - يىل 1 - ئاينىڭ 13 - كۈنى، سكوت تۆت شېرىكى بىلەنلا سەپەرنى داۋاملاشتۇرۇشنى قارار قىلىدۇ. 1912 - يىل 1 - ئاينىڭ 17 - كۈنى، ئۇلار ئاخىر جەنۇبىي قۇتۇپقا يېتىپ كېلىدۇ. چارچاپ ھالىدىن كەتكەن ھەم خۇشاللىقىدىن قىن - قىنىغا پاتماي قالغان سكوت نورۋېگىيە بايرىقىنىڭ لەپىلدەپ تۇرغانلىقىنى كۆرىدۇ. ئۇ ئامونسوننىڭ ئۆزىدىن 33 كۈن بۇرۇن جەنۇبىي قۇتۇپقا يېتىپ كەلگەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، تولىمۇ ئەپسۇسلۇق ئىچىدە قايتىش سەپىرىگە ئاتلىنىدۇ. قايتىش سەپىرىدە بىر ھەمراھى يارىلىنىپ قازا قىلىدۇ. ئاۋسىقىمۇ يەنە بىر قېتىم قاتتىق ئۈششۈك تېگىپ يارىلىنىدۇ. ھەممىسىنىڭ كۆڭلىدىكى غەم - غۇسسە ھەسسىلەپ كۆپىيىدۇ. شۇ كۈنى كەچتە بۇ بىر نەچچەيلەن چېدىرنىڭ ئىچىدە تۈگۈلۈپ ئولتۇرۇپتۇ، بىر نەچچە كۈنگىلا يەتكۈدەك قالغان يېمەكلىك، چېدىر سىرتىدا ھۇشقىيتىپ چىقىۋاتقان شىۋىرغان ئاۋازىدىن ئۇلار ئۆلۈمنىڭ يېقىنلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغاندەك بولىدۇ - دە، زۇۋان سۈرمەيدۇ. ھەممەيلەن ئۇخلاپ قالغاندا، ئېغىر ئۈششۈك تەگكەن ئاۋس ئۆزىنىڭ ھەممە كىيىم - كېچەكنى ئاستاغىنە سېلىپ، ھەمراھلىرىغا يېپىپ قويۇپ، چېدىردىن چىقىپ، شىۋىرغاندا غايىب بولىدۇ. ئۇ ئىللىق ھارارەتنى ھەمراھلىرىغا قالدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ بۇ قەھرىتان سوغۇقتىن ئامان - ئېسەن ئۆتۈۋېلىشىنى ئارزۇ قىلغانىدى، ئۇ ئۆزىنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرىپ، ھەمراھلىرىنىڭ ئائىلىسىگە تىرىك قايتىپ كېتىشىنى ئۈمىد قىلغانىدى. ئەمما، قالغان ئۈچەيلەنمۇ يەنىلا پېشكەللىكتىن قۇتۇلالمايدۇ. 1912 - يىل 3 - ئاينىڭ 29 - كۈنى، سكوت قاتارلىق ئۈچەيلەن چېدىردىن نەچچە مىڭ مېتىر يىراقلىقتىكى يەردە توڭلاپ ئۆلىدۇ. 1912 - يىلى 11 - ئايدا بىر ئىزدەش ئەترىتى سكوت قاتارلىق ئۈچ ئادەمنىڭ جەسىتىنى ۋە سكوتنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسىنى تېپىپ، بۇ ئېچىنىشلىق ھېكايىدىن خەۋەردار بولىدۇ.

بىر بىنا ئۇنىڭ ئەڭ ئۈستىدىكى بىر تال خىش بىلەن ئەمەس، بەلكى ھەر بىر خىش بىلەن قەد كۆتۈرىدۇ.

باشقىلارنىڭ مۇرىسىگە دەسسەپ تۇرۇپ يۇلتۇز ئۈزۈۋاتقان ۋاقتىمىزدا ھەرگىزمۇ زېمىندىكى مۇرىسىگە دەسسەتكۈچىنى ئېسىمىزدىن چىقارماسلىقىمىز كېرەك.

**گۈلشات تەلئەت تەرجىمىسى**



### بالدۇر بىلگەن بولسام

ئاپىسى بەش ياشلىق ئوغلىغا ئەڭ ئاددىي ھېسابلاش ئۇسۇلىنى ئۆگىتىپتۇ.

— ئوغلۇم، ئۈچ شاكىلاتقا ئىككى شاكىلاتنى قوشسا نەچچە بولىدۇ؟

— بەش بولىدۇ.

— توغرا. ئەقىللىق بالام بۇنىڭ ئۈچۈن ساڭا بۇ بەش دانە شاكىلاتنى مۇكاپات بېرىمەن. — دەپتۇ.

— ۋاھ! بالدۇرراق بىلگەن بولسام ئون بولىدۇ دېمەيتتىممۇ.

### پاك قۇلاق

مۇھەببەتلىشىۋاتقان بىر جۈپ ياش سەيلە قىلىۋېتىپ بىر كىيىم دۇكىنىنىڭ ئالدىغا كەپتۇ. قىز دۇكاننىڭ ئالدىدا بىر ھازا تۇرۇۋېتىپ يىگىتكە دەپتۇ:

— سىز ماڭا ئاۋۇ 200 يۈەنلىك سوكنو پەلتونى ئېلىپ بېرىڭە؟

— ھە! نېمە دەيسىز؟ مېنىڭ سول قۇلىقىم تازا ياخشى ئاڭلىمايدۇ. ماياققا كېلىپ گەپ قىلىڭە!

قىز يىگىتنىڭ ئوڭ تەرىپىگە ئۆتۈپتۇ.

— سىز 500 يۈەن خەجلەپ ماڭا ئاۋۇ خۇرۇم پەلتونى ئېلىپ بېرەمسىز؟





— ھە، خاپا بولماڭ، پەقەت ئاڭلىيالمىدىم، يەنىلا سول تەرىپىمگە كېلىپ گەپ قىلىڭە.

### تاپشۇرۇق ئىشلەش

ئايگۈل كەچلىك تاماقنى يەپ بولۇپلا تېلېۋىزورنىڭ ئالدىدىن قوپماي ئولتۇرۇپتۇ. ئاپىسى خاپا بولۇپ:

— تېلېۋىزور كۆرۈپ ئولتۇرماي، بېرىپ تاپشۇرۇقىڭىزنى ئىشلەڭ! — دەپتۇ.

— ئاپا، مەن ھازىر دەل تاپشۇرۇق ئىشلەۋاتىمەن. مانا، قاراڭ! — دەپ تاپشۇرۇق دەپتىرىنى ئاپىسىغا كۆرسىتىپتۇ.

ئاپىسى ئايگۈلنىڭ تاپشۇرۇق دەپتىرىنى ئېلىپ، پەقەت: «مەن ئاپام بىلەن تېلېۋىزور كۆرۈۋاتىمەن» دېگەن جۈملىنىلا كۆرۈپتۇ.




### بېسىم بەك چوڭ

تەكرار ۋاقتىدا تۇيۇقسىز «ۋ-غارس» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ ئەلىنىڭ ئورۇندۇقىنىڭ پۇتى سۇنۇپ كېتىپتۇ.

ئەلى ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ھەي، ھازىر ئوقۇغۇچىلارنىڭ بېسىمى ھەقىقەتەن ئېغىر جۇمۇ، شۇنچە مۇستەھكەم ئورۇندۇقمۇ كۆتۈرەلمەيۋاتسا...

### نالە قىلىش

بىر ئەر قەبرە بېشىغا كېلىپ ئېچىنىشلىق يىغلاپتۇ:

— نېمىشقا ئۇنى ماڭا تاشلاپ كەتكەنسەن، ئەگەر ھايات بولغان بولساڭ نەقەدەر ياخشى بولاتتى ـ ھە!

يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىرى ئۇنىڭ نالىسىنى ئاڭلاپ:

— بەك ئازابلىنىپ كەتمەڭ، تۈگەپ كەتكىنى ئاتا-ئانىڭىزمۇ ياكى قېرىندىشىڭىزمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ياق، ئۇ ئايالىمنىڭ بۇرۇنقى يولدىشى ئىدى.

### مەنمۇ ھازىر كەلگەن

بىر مەست ئېھتىياتسىزلىقتىن ئىككىنچى قەۋەتتىن

2006.4

دوملاپ چۈشۈپ كېتىپتۇ ـ دە، يېنىك يارىلىنىپتۇ. بۇنى كۆرگەن بىر ساقچى ئولتۇشۇالغانلارنىڭ ئارىسىدىن ئۆ- تۈپ، يەردە ياتقان مەستتىن:

—نېمە ئىش بولدى؟—دەپ سورىغانىكەن، مەست:

— ئۇقمىدىم، مەنمۇ هازىر كەلگەن،—دەپتۇ.



## ئەڭ قەدىمكى چالغۇ

ئوقۇتقۇچى:

ـ ئەڭ قەدىمكى چالغۇ قايسى؟

ئوقۇغۇچى:

—ئاككوردىيون

ئوقۇتقۇچى:

—نېمشقا؟

ئوقۇغۇچى:

— قارىماسىز ئۇنىڭغا، قېرىپ قورۇلۇپ كەتكىنىنى.

## چۈشەندۈرۈش

بىر ياش شوپۇر سۈرئەتنى ئاشۇرۇۋەتكەنلىكتىن قاتـ- ناش ساقچىسى تەرىپىدىن توسۇۋېلىنىپتۇ. شوپۇر ئىنتايىن مەيۈسلەنگەن هالدا ساقچىغا:

—نۇرغۇن شوپۇرلار سۈرئەتنى ئاشۇرۇۋەتسە، ئۇ- لارنى تۇتماي، ئارىسىدىن مېنىلا توسامسىز؟—دەپتىكەن، ساقچى:

—سەن بېلىق تۇتۇپ باققانمۇ؟—دەپ سوراپتۇ.

—بۇ ئىشنىڭ بېلىق تۇتۇش بىلەن نېمە مۇناسىۋىتى بار؟—دەپتۇ شوپۇر تېرىكىپ.

—ئەلۋەتتە، بۇ شۇنداق بېلىق تۇتقاندەكلا ئىش، سەن بىر يەمچۈك بىلەن سۇدىكى بېلىقنىڭ هەممىسنى تۇتالامسەن؟—دەپتۇ ساقچى.

## تاشپاقا بىلەن پىكاپ

بىر تاشپاقا بالىسنى دۈمبىسگە مىندۈرۈپ، ئۆملەپ مېڭىپ ئاخىرى نىشانغا كەپتۇ. بۇ چاغدا تاشپاقا بىلەن تەڭ يولغا چىققان پىكاپمۇ يېتىپ كەپتۇ. بۇنى كۆرگەن تاشپاقىنىڭ بالىسى هەيران بولۇپ ئاپىسىغا:

—ئاپا، پىكاپ شۇنچە تېز ماڭىدىغان تۇرۇپ، بىزنىڭ كەينىمىزدە قاپتۇغۇ؟—دەپ سوراپتۇ. ئاپىسى كۈلۈپ تۇرۇپ:

—بالام، چۈنكى بىز يېرىم يولدا ئۆچىرەت تۇرۇپ ماي قاچىلىمايمىز ـ دە!—دەپتۇ.

## قايسى جاي ئەڭ سوغۇقكەن

ئىككى ئېكسپېدىتسىيچى پو ئېتىشىپتۇ:

بىرى:

—مەن بارغان جاي بەك سوغۇق بولۇپ، ئوتمۇ توڭلاپ قالىدىكەن،—دەپتىكەن، يەنە بىرى:

—بۇ قانچىلىك سوغۇقتى، مەن بارغان جاي بەكمۇ سوغۇق بولغاچقا گەپ قىلساق توڭلاپ قېلىپ، گەپنى ئېرىتكەندىن كېيىن نېمە دېگەنلىكىنى ئۇقاتتۇق،—دەپتۇ.

## تونۇيالماسلىق

لىۇ مۇئەللىمنىڭ چاچ ـ ساقىلىنى ئالدۇرمىغىنىغا بىر قانچە يىل بولۇپ قالغاچقا، ئۇ بىر كۈنى چاچ ـ ساقـ- لىنى ئالدۇرۇپ، سىنىپقا باشقىچە قىـ- ياپەتتە كىرىپ بالـ- لارنى هەيران قالـ- دۇرماقچى بوپتۇ ـ دە، چاچ ـ ساقىلىنى پاكىز ئالدۇرۇپ، سىنىپ ئالدىغا كېـ- لىپ، خۇددى بىرسىنى ئىزدەپ كەلگەن قىياپەتتە:



—سىلەرنىڭ سىنىپ مۇدىرىڭلار لىۇ مۇئەللىم كەلدىـ- مۇ؟— دەپ سوراپتىكەن، بىر بالا مەكتەپ مۇدىرىنىڭ يېنىغا ئۇچقاندەك كىرىپتۇ—دە:

—مۇدىر، چاتاق بولدى. لىۇ مۇئەللىم چاچ ـ ساقـ- لىنى ئالدۇرۇپلا، ئۆزىنى تونۇيالماس بولۇپ قاپتۇ،— دەپتۇ.

خۇرسەنئاي مەمتىمىن تەرجىمسى



ئۇيغۇر كىتاب تورىستىنى www.uyghurkitap.com



# ئۇيغۇر خەلق رىۋايەتلىرىدىكى قەھرىمانلىق روھ توغرىسىدا

گۈلنۇر تالىپ

رىۋايەت خەلق ئېغىز ئىجادىيىتىنىڭ باشقا ساھەلىرىگە ئوخشاش خەلقنىڭ ئۆتمۈشتىكى ئۇزاق تارىخقا زىچ باغلانغان بولۇپ، باشقا ژانىرلاردىن ئۆزىگە خاس ئالاھىدە خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن پەرقلىنىدۇ.

ئۇيغۇر خەلق رىۋايەتلىرىدە مەلۇم بىر ۋاقىت، ئورۇن ۋە تارىخىي ئەھۋاللار بەلگىلىك تارىخىي پاكىتلار ئاساسىدا بايان قىلىنىدۇ، ئەمما ئۇنىڭ تۈپ ماھىيىتىدىن ئېيتقاندا، ئۇ يەنىلا خەلقنىڭ سەنئەت ئىجادىيىتى ھېسابلانغاچقا، رىۋايەتلەردىكى ۋەقەلىك ئۈزلۈكسىز پىششىقلاپ ئىشلىنىپ، ئەسلىي مەنىسىدىن خېلى يىراقلاشقان بولىدۇ، چۈنكى رىۋايەتلەر تۈپ خۇسۇسىيەت جەھەتتىن تارىخىي پاكىتلارغا تايانسىمۇ، ئۇ كىشىلەر ئارىسىدا ئېقىپ يۈرگەن ھېكايە بولغاچقا، داۋاملىق كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي كۆز قارىشىنى ۋە سەنئەت ئارزۇسىنى ئۆزىگە سىڭدۈرۈپ ماڭىدۇ. چۈنكى رىۋايەت تارىخنىڭ كۆلەڭگىسى، ئۆتمۈشنىڭ ساداسىدىن ئىبارەت.

بۇ ھەقتە رۇس ئاكادېمىكى گىركوفنىڭ «رىۋايەت — خەلق ئۆزى ئېيتىپ بەرگەن تارىخ» دېگەن سۆزلىرى يۇقىرىقى قاراشلىرىمىزنى تېخىمۇ ئېنىق دەلىللەپ بېرىدۇ. رىۋايەتلەر تارىخنىڭ گۇۋاھچىسى بولغانلىقتىن بۈگۈنكى كۈندە ئۇنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىش ئەدەبىياتنىڭ مەنبەسى ۋە تەرەققىيات ئەھۋالىنى ئېنىقلاشتا ھەمدە قەدىمكى جەمئىيەت كىشىلىرىنىڭ تۇرمۇشى، ئىدىيىسى ۋە مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە، بولۇپمۇ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى داستانچىلىقنىڭ تەرەققىياتىنى بىز رىۋايەتتىن ئايرىپ قارىيالمايمىز. رىۋايەتلەر ئېغىزدىن ئېغىزغا، قۇلاقتىن قۇلاققا، ئەۋلادتىن ئەۋلادقا كۆچۈپ ئۇلۇغلىنىپ، ساقلىنىپ كېلىۋاتقان بەددىئىي تارىخ بولۇپ، بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ ئۆتمۈش تارىخى ۋە ۋەتىنىمىزنىڭ تارىخىي ۋەقەلىكلىرى، تارىختىكى كىشىلىرى، ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش، مەدەنىيەت، ئۆرپ ـ ئادەت، دۇنيا قاراش ۋە ئۆز مۇھىتلىرىدا ئۇچرىتقان تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي ھادىسە، كەچۈرمىشلىرىنى رىۋايەت شەكلى بىلەن بىزگە مىراس قالدۇرۇپ كەتكەن.

رىۋايەتلەر مەزمۇن جەھەتتىن ئۆز رايونىنىڭ تارىخىنى ماتېرىيال قىلىپ، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ ۋە جەمئىيەتكە تۆھپە قوشقان ئالاھىدە شەخسلەرنى مەدھىيىلەيدۇ.

«ھەقىقىي ۋەتەنپەرۋەرلىك نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان، ئەجدادلار ياشاپ كەلگەن ۋەتەننى، ئۆز خەلقىنى، ئۆز تىل ـ يېزىقىنى ۋە ئۆز مىللىتىنىڭ مۇنەۋۋەر ئەنئەنىسىنى قىزغىن سۆيۈشتۇر.»

ئۇيغۇر خەلقى ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى ئۆزىنىڭ

ئېغىز ئەدەبىياتى ئارقىلىق يورۇتۇش ۋە ئەۋلادلىرىنى شۇ روھ بىلەن تەربىيىلەشكە ئەزەلدىن ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن. ئۇيغۇر خەلق رىۋايەتلىرىدە ۋەتەنپەرۋەرلىك روھ خىلمۇخىل نۇقتىلاردىن ئىپادىلەنگەن، بولۇپمۇ، قەھرىمانلىق رىۋايەتلىرىدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك ئالغا سۈرۈلگەن ئىدىيە كۆپىنچە ئۆز زېمىنىنى ياتلارنىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلاش، ياۋلارغا باش ئەگمەسلىك، ۋەتەن، خەلق يولىدا ئۆز ھاياتىنى قۇربان قىلىش جەھەتلەردە ئىپادىلىنىپ كەلدى.

ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا كەڭ تارقالغان تۇمارىسنىڭ باسقۇنچى كەيفداۋ بىلەن بولغان ھايات ـ ماماتلىق جېڭىدىكى مەردانە سەركەردىلەرگە خاس يۈكسەك روھ ـ پەزىلىتى تەسۋىرلەنگەن «تۇمارىس رىۋايىتى»، ئۆزىنىڭ ياش ھاياتىنى قۇربان قىلىش بەدىلىگە قەبىلىداشلىرىنى خەۋپتىن قۇتقۇزۇپ، دۈشمەننى ھالاكەتكە يولىغان ۋىجدانلىق يىگىت شىراقنىڭ ئۇلۇغۋار ئەخلاقى مەدھىيىلەنگەن «شىراق رىۋايىتى»، «باتۇر تەڭرىقۇت رىۋايىتى»، «بۆكۇخان رىۋايىتى»، ئۇيغۇر ئورخۇن خانلىقىنىڭ ئاخىرقى تراگېدىيىلىك تەقدىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان «كۆچ ـ كۆچ رىۋايىتى» قاتارلىق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ بىر تالاي نادىر نەمۇنىلىرى بىزگە مىللىتىمىزنىڭ ئۇزاق تارىخىي ئىزلىرىدىن مەلۇمات بېرىدۇ. بۇ رىۋايەتلەرنىڭ ھەممىسىدە ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسى خۇددى بىر قىزىل يىپقا ئوخشاش باشتىن ئاخىر جۇلالىنىپ تۇرىدۇ.

قەھرىمانلىق رىۋايەتلىرىدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك تۆۋەندىكىدەك ئىككى جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ:

1) تارىخىي شەخسلەرنىڭ يارىلىشىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىپادىلىنىدىغان رىۋايەتلەر. مەسىلەن، «ئوغۇز رىۋايىتى»، «بۆكۇخان رىۋايىتى» قاتارلىقلار.

«ئوغۇزخان رىۋايىتى» ئوغۇزخاننىڭ تۇغۇلۇشىدىن باشلىنىدۇ.

«كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئاي قاغاننىڭ كۆزى يورۇپ بىر ئوغۇل تۇغدۇ، بۇ ئوغۇلنىڭ چىرايى كۆك، ئاغزى چوغدەك قىزىل، كۆزلىرى ھال، چاچلىرى، قاشلىرى قارا بولۇپ، ھۆر ـ پەرىلەردىنمۇ گۈزەل ئىدى. بالا ئانىسىنىڭ كۆكسىدىن ئوغۇز سۈتىنىلا ئېمىپ، ئىككىنچىلەپ ئەممەيدۇ. ئاش ـ تاماق، خام گۆش ۋە شاراپ بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ، 40 كۈندە چوڭ بولۇپ بالاغەتكە يېتىدۇ. ئۇنىڭ قىياپىتى ئاجايىپ بولۇپ، ئايىغى ئۆكۈزنىڭ ئايىغىغا، بېلى بۆرىنىڭ بېلىگە، يەلكىسى يىلپىزنىڭ يەلكىسىگە، كۆكسى ئېيىق كۆكسىگە ئوخشايتتى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە شۇ ئاجايىپ ئادەم ئوغۇزخان ئوۋغا چىقىپ، يىلقىلارنى ۋە ئادەملەرنى يەپ كەتكەن، خەلق بېشىغا ئاپەت بولغان ۋەھشىي ھايۋان قىئاتنى ئۆلتۈردى»، دەپ تەسۋىرلەنگەن.

«بۆكۇخان رىۋايىتى»دە قاراقۇرۇم تاغلىرىدىن ئېقىپ ئۆتىدىغان تۇغلا، سېلىنگا دەريالىرىنىڭ قوشۇلىدىغان جايىدا «قۇمىلانجۇ» دېگەن جاي بولۇپ، بۇ يەردە بىر ـ بىرىگە ياندىشىپ ئۆسكەن ئىككى دەرەخ بار ئىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە، بۇ ئىككى دەرەخ ئوتتۇرىسىدا بىر دۆڭ پەيدا بولۇپتۇ ۋە كۈنسېرى يوغىناشقا باشلاپتۇ. دۆڭنىڭ ئۈستىدە تاڭ ئاتقۇچە شام يېنىپ تۇرىدىكەن، ئۇيغۇرلار بۇ دۆڭگە كېلىپ ئۇنىڭغا ئېھتىرام بىلدۈرىدىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە دۆڭدىن ئۇشتۇمتۇتلا ئىشىك ئېچىلىپتۇ، دۆڭنىڭ ئىچىدە بەش ئېغىز ئۆي بولۇپ، ھەربىر ئۆيدە بىردىن ئوغۇل بوۋاق بار ئىكەن. بوۋاقلار ھاۋا بىلەن ئۇچراشقاندىن كېيىن ھەرىكەتلىنىپ سىرتقا چىقىپتۇ. ئۇيغۇرلار ئىنىك ئانىلارنى تەيىنلەپ بوۋاقلارنى ئېمىتكۈزۈپتۇ، بوۋاقلار تىلى چىققان ھامان ئاتا ـ ئانىلىرىنى سۈرۈشتۈرۈپتۇ. كىشىلەر ئۇلارغا ئىككى تۈپ دەرەخنى كۆرسىتىپتۇ، بەش ئوغۇل دەرھال دەرەخكە چوقۇنۇپتۇ، دەرەخ تىلغا كىرىپ ئۇلارغا ئەخلاقلىق، پەزىلەتلىك ئادەم بولۇش ھەققىدە ۋەسىيەت قىپتۇ. بۇ بەش ئوغۇلنىڭ ئەڭ كىچىكى بۆكە تېكىن ئىنتايىن چىرايلىق، ئەقىللىق، تالانتلىق بولۇپ، نۇرغۇن دۆلەتنىڭ تىلىنى بىلىدىكەن، شۇڭا كىشىلەر ئۇنى خاقان قىپتۇ.

دېمەك، بۇ ئىككى رىۋايەتنىڭ بېشىدىلا بىزگە ئىككى باش قەھرىماننىڭ باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان ئۆزگىچە تۇغۇلۇشىنى بايان قىلىش ئارقىلىق، ئاجايىپ بىر قەھرىماننىڭ دۇنياغا كېلىدىغانلىقىدىن ئالدىن بېشارەت بەرگەن. ئوغۇزخاننىڭ خەلققە بالايىئاپەت ئېلىپ كېلىۋاتقان قىئاتنى ئۆلتۈرۈشى ھەقىقەتەن ئۇنىڭ بىر ۋەتەنپەرۋەر، ئالىيجاناب روھقا ئىگە قەھرىمان ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

ئوغۇزخان بىلەن بۆكۇخان ھەر ئىككىسى ئەتراپتىكى ئۇششاق قەبىلىلەرنى بىرلەشتۈرۈپ، بىرلىككە كەلگەن

قۇدرەتلىك ئەل قۇرۇش ئۈچۈن ئۇزاق يىل كۈرەشلەرنى ئېلىپ بارىدۇ ۋە ئاخىرقى ھېسابتا پۈتۈن ئەلنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، خەلققە ئاسايىشلىق ۋە پاراۋانلىق بەخش ئېتىدۇ.

«ئوغۇزخان» ۋە «بۆكۈخان» رىۋايەتلىرىدىكى ئۇلارنىڭ ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىمۇ بىر ۋەتەنپەرۋەر قەھرىمان روھىنىڭ ئىپادىلىنىشىدۇر.

دېمەك، قەھرىمانلىق رىۋايەتلىرىدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك روھ ئىپادىلەنگەن قەھرىمانلارنى بىز ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزەتسەك، بۇ قەھرىمان كىشىلەرنىڭ بەزىلىرى تۇغۇلۇشىدىن ياكى يارىلىشىدىن تارتىپلا بىر خىل قاۋۇل، سېھىرلىك، ئالاھىدە جىسمانىي تۈزۈلۈشكە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرەلەيمىز. يەنە بەزىلىرى ئالاھىدە بىر خىل شارائىتتا، ئالاھىدە بىر خىل ئېتىقاد شەكىللىرى ئارىلاشقان تىلسىملىق مۇھىتنى ئاساس قىلىپ يارىتىلىدۇ.

خەلقىمىز ئۆزلىرىنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئانا يەرنى ئۇلۇغلاش ئىدىيىسىنىڭ ئىپادىسى بولغان ۋەتەنپەرۋەرلىك روھنى ئادەملەرنىڭ ۋۇجۇدىدا تەدرىجىي شەكىللىنىدىغان خىسلەت دەپ قاراشنىڭ ئورنىغا ئۇنى ئەڭ ئاۋۋال ئۆزلىرى ياراتقان قەھرىماننىڭ يارىلىش روھى بىلەن بىرلەشتۈرۈۋەتكەن.

2) ۋەتەن ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان كۈرەشلەر تەسۋىرلىنىش ئارقىلىق ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىپادىلىنىدىغان رىۋايەتلەر، مەسىلەن، «تۇمارىس رىۋايىتى»، «شىراق رىۋايىتى» قاتارلىقلار.

ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە قەھرىمانلىقتىن ئىبارەت يۈكسەك غايىنى ئۆزىگە خاس مۇناسىۋەتلىك تارىخىي ۋەقەلەر ئاساسىدا جانلىق ۋە ئوبرازلىق يورۇتۇپ بەرگەن مەشھۇر «تۇمارىس رىۋايىتى» ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغۇچى قەبىلە ۋە مىللەتلەر ھەم ئۇيغۇرلار ئەدەبىيات تارىخىدا ئىنتايىن مۇھىم سالماقنى ئىگىلەپ كەلگەن. بۇ مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 6 ـ ئەسىردە بىر نەچچە ئەلنى بېسىۋېلىپ ئۇلارنىڭ بېشىغا بالايىئاپەتلەرنى ئېلىپ كەلگەن زالىم پادىشاھ كەيفىداۋ بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغۇچى ماسساگىتلار خاقانى تۇمارىس ئوتتۇرىسىدىكى ھايات ـ ماماتلىق جەڭ تەسۋىرلىنىدۇ.

رىۋايەت بەلگىلىك دەرىجىدە فانتازىيىلەشتۈرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن تارىختىكى رېئال ۋەقەلەر بەدىئىي يول بىلەن ئېلىنغان. رىۋايەتنى ئوقۇيدىغان بولساق، بىز تۇمارىسنىڭ ۋۇجۇدىدىن ۋەتەنپەرۋەر قەھرىمانغا خاس بولغان خەلققە بولغان مۇھەببەت، ئەلنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان مەردانىلەرچە كۈرەش، دۈشمەنگە قارشى غەزەپ ـ نەپرەت، ئادىللىق، مەردلىك قاتارلىقلارنى كۆرۈۋالالايمىز.

تۇمارىس كەيفىداۋنىڭ ئۇرۇش قىلىشقا تەييارلىق قىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا: «ئەگەر سەن ئۇرۇش قىلىشنى خالىساڭ كۆۋرۈك ياسايمەن، دەپ ئاۋارە بولما. بىز ئۈچ كۈنلۈك يىراققا كۆچۈپ كېتىمىز. سەن قوشۇنلىرىڭنى باشلاپ دەريادىن بىمالال ئۆتىۋال، ئۇنىڭدىن كېيىن يۈزمۇ يۈز تۇرۇپ ئۇرۇشىمىز، ئەمما نامەردلىك قىلما» دەيدۇ. لېكىن، كەيفىداۋ ھىيلە ـ مىكىر ئىشلىتىپ تۇمارىسنىڭ ئوغلىنى ئەسىرگە ئېلىۋالىدۇ، بۇ پۈتكۈل تۇمارىس قەبىلىسىدىكىلەرنى قاتتىق غەزەپلەندۈرىدۇ، تۇمارىس قەبىلىسىنىڭ مەنپەئىتىنى جان دىل بىلەن قوغداپ، ئۇرۇش قىلىپ ئاخىر كەيفىداۋنى ئۆلتۈرىدۇ ۋە ئۇنىڭ بېشىنى قان بىلەن تولدۇرۇلغان تۇلۇمغا سېلىپ: «ئەي نامەرد، سەن جەڭدە نامەردلىك قىلىپ بىر ئايالنى پەرزەنت داغىدا كۆيدۈردۈڭ، مەن قەسىمىمگە ئەمەل قىلىپ سېنىڭ بېشىڭنى قان بىلەن سۇغاردىم. بىر ئەلنىڭ يۇرتىغا زوراۋانلىق بىلەن باستۇرۇپ كىرگەنلەرنىڭ جازاسى ئەنە شۇ.» دەيدۇ.

ئايال پادىشاھ تۇمارىسنىڭ ھاياتىنىڭ خەۋپ ـ خەتەرگە قارىماي ئۆز ئېلىنى قوغداش ئۈچۈن، دۈشمەنگە قارشى جەڭ قىلغانلىقى ئۇنىڭ يۈكسەك ۋەتەنپەرۋەرلىكىنىڭ ئىپادىسى. ئۇنىڭ كەيفىداۋغا دەريادىن ئۆتۈشكە مۆھلەت بېرىپ، كەينىگە چېكىنگەنلىكى ئۇنىڭ ئاجايىپ مەرد ئايالىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇنىڭ بۇ مەردانىلىقلىرى كەيفىداۋنىڭ جەڭدە قىلغان نامەردلىكلىرى بىلەن روشەن سېلىشتۇرما بولۇپ، ئۇنىڭ ئوبرازىنى تېخىمۇ يارقىنلاشتۇرغان.

ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ بۈيۈك نەمۇنىسىنى تىكلىگەن يەنە بىر قەھرىمانلىق رىۋايىتى «شىراق رىۋايىتى» بولۇپ، «ئىران پادىشاھى ئىسكەندەر دارا نۇرغۇن يەرلەرنى تاجاۋۇز قىلىپ بېسىۋېلىپ، شۇ يەردە ياشىغۇچى كىشىلەرگە ئېغىر زۇلۇم سالىدۇ، دەل مۇشۇنداق قىيىن پەيتتە، ئاددىي پادىچى يىگىت شىراق كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىدۇ ۋە ئۆزىنىڭ بۇرۇن ـ قۇلاقلىرىنى كېسىپ تاشلاپ، پۈتۈن بەدىنىنى قانغا بوياپ، دارا قوشۇنىنى ئالداپ، ئۇ-

لارنى چۆلگە ئاپىرىپ، ھەممىسىنى بىر يولىلا ھالاك قىلىپ تاشلايدۇ.

رىۋايەتنىڭ باش قەھرىمانى شىراق ئۆز قەبىلىسىنىڭ ئەركىنلىكىنى جېنىدىن ئەزىز كۆرىدىغان ئاددىي پادىچى بولۇپ، ئۇ ئېگىلمەس ـ سۇنماس ئىرادىگە، يۈكسەك ۋەتەنپەرۋەرلىك روھقا، پاك ۋىجدانغا ئىگە بولغان غايىۋى قەھرىماننىڭ ئوبرازى.

ئۇنىڭ ئۆلۈم ئالدىدا قاقاقلاپ كۈلۈپ تۇرۇپ، دۈشمەن قوشۇنىغا قىلغان: «مەن يەڭدىم، ئۆزۈم يالغۇز پۈتۈن زور قوشۇننى يەڭدىم، جانجان قەبىلەم ساكىلارنىڭ ۋە ئانا تۇپرىقىمنىڭ بېشىغا كەلگەن بالايىئاپەتلەرنى يېڭىپ، ئۇلارنى ھالاكەتكە گىرىپتار قىلدىم» دېگەن سۆزلىرى ئەركىنلىك دۈشمەنلىرىنىڭ يۈرىكىنى تىترىتىۋېتىدۇ، ئۇ دۈشمەن قىلچى بېشىغا چېپىلىش ئالدىدىمۇ ئۆز غۇرۇرىنى يوقاتماي مەردانىلىق بىلەن يۇقىرىقى سۆزلەرنى قىلىدۇ.

شىراق گەرچە قۇربان بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ سان ـ ساناقسىز دۈشمەن ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدۇ، مانا بۇ ۋەتەنپەرۋەر خەلق قەھرىمانىنىڭ رىۋايەتلەردىكى ئۆلمەس ئوبرازى.

خۇددى ئاخۇندوۋ ئېيتقاندەك: «ۋەتەنپەرۋەر ئۆز ۋەتىنىنىڭ كامالەتكە يېتىش يولىدا ئۆز خەلقىگە بولغان مۇھەببەت سەۋەبىدىن پۈتۈن گۈزەللىكىنى خەلقنىڭ ئازادلىقى، پاراۋانلىقى ئۈچۈن قۇربان قىلغۇچى ئىنساندۇر».

دېمەك، قەھرىمانلىق رىۋايەتلىرىدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك بىر تەرەپتىن تارىخىي شەخسلەرنىڭ يارىلىشىنى چۈشەندۈرۈش ئارقىلىق يورۇتۇپ بېرىلسە، يەنە بىر تەرەپتىن ۋەتەن ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان كۈرەشلەر ئارقىلىق ئېچىپ بېرىلىدۇ.

ۋەتەنپەرۋەرلىك تېمىسى ئەنئەنىۋى ۋە قەدىمكى تېمىلارنىڭ بىرى، گوركىينىڭ «ئېغىز ئەدەبىياتى يازما ئەدەبىياتنىڭ سۈت ئانىسى» دېگىنىدەك يازما ئەدەبىياتىمىزدىكى بۇ خىل ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىلىرى بىزنىڭ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكىنىمىزدەك قەدىمكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ رىۋايەتلەردىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك تەشەببۇسلىرىنىڭ تەسىرىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.

بىز رىۋايەتلەردىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىلىرىنى تەتقىق قىلغان ۋاقتىمىزدا ۋە ئۆگەنگەنىدە بۇ خىل ئىدىيىنىڭ ئەينى دەۋرلەردىكى قەبىلىلەرنى بىرلەشتۈرۈش، كىشىلەرنى قۇدرەتلىك بىرلىك ئاستىغا ئۇيۇشتۇرۇش جەھەتتىكى ئوينىغان رولىنى كۆرۈش بىلەن بىرگە، يەنە كىشىلەرنى ئەۋلادتىن ئەۋلادقا ئۆز ئېلىنى سۆيۈش، ئۆز خەلقىنى سۆيۈشتەك ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسى بىلەن تەربىيىلەپ، ئۆز خەلقىنى، ئۆز ۋەتىنىنى گۈللەندۈرۈشكە مەڭگۈ دەۋەت قىلىدىغان مەڭگۈلۈك چاقىرىق ئىكەنلىكىنىمۇ تونۇپ يېتەلەيمىز.

ئاپتور: غۇلجا شەھەر 7 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ، تىل ـ ئەدەبىيات گورۇپپىسىدىن.


## ماقالە قوبۇل قىلىش توغرىسىدىكى بىلدۈرگۈ

ژۇرنىلىمىز نەشر قىلىنىپ بۈگۈنگە قەدەر ئوقۇرمەنلەر، ئاپتورلار ۋە ھەرقايسى ساھەدىكى قېرىنداشلىرىمىزنىڭ قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىشىگە ئېرىشىپ كەلدى. ژۇرنىلىمىزدا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۆرپ ـ ئادەت، كىيىم ـ كېچەك، يېمەك ـ ئىچمەك، خەلق ناخشىلىرى، مۇقام، خەلق ئويۇنلىرى، مەشرەپلىرى، قول ھۈنەر ـ سەنئەت، دىنىي ئېتىقادىغا ئائىت ئەسەرلەر ئېلان قىلىنىدۇ.

ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنغان ماقالىلەر ئۇنۋان باھالاشتا ئېتىراپقا ئېرىشىدۇ. شۇڭا ئاپتورلارنىڭ بىز بىلەن يېقىندىن ئالاقە قىلىشىنى قىزغىن قارشى ئالىمىز.

ھۆرمەت بىلەن: «مىراس» ژۇرنىلى تەھرىراتى

تېلېفون نومۇرى: (0991) ــ 4554017

www.uyghurkitap.com

# فولكلور مەدەنىيەت تەتقىقاتىدىكى تۆھپىكار



ئەجدادلىرىمىز ئۇزاق تارىختىن بۇيان ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت ساھەسىدە قىممەتلىك بايلىقلارنى ياراتقان. بۇ بايلىقلار دەۋرلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت ساھەسىدە قىممەتلىك مەدەنىيەت مىراسلىرىغا ئايلىنىپ، جاھان ئەھلىنىڭ دىققىتىنى تارتىپ كەلگەن. بۇ مەدەنىيەت مىراسلىرى ئۆز نۆۋىتىدە يەنە مۇشۇ ساھەدە ئۈن ـ تىنسىز جاپالىق ئىزدىنىپ كەلگەن كىشىلىرىمىز تەرىپىدىن تەتقىق قىلىنىپ يورۇقلۇققا چىقىپ، بىزنىڭ قەدىمكى فولكلور مەدەنىيەت مىراسلىرىمىزنى بىلىۋېلىشىمىزدا مۇھىم رول ئويناپ كەلگەن. بۇ نۇقتىدا، قەدىمكى فولكلور مەدەنىيەت مىراسلىرىمىز بىز ئۈچۈن قانچىلىك قىممەتلىك ۋە ئەھمىيەتلىك ھېسابلانسا، بۇلارنى تەتقىق قىلىپ، قېزىپ بىزگە يەتكۈزۈپ بەرگەن ئەۋلادلارنىڭ بۇ تارىخنى بىلىۋېلىشىغا زېمىن ھازىرلاپ بەرگەن مۇتەخەسسىس ـ ئالىملىرىمىز، تەتقىقاتچىلىرىمىزمۇ بىز ئۈچۈن شۇنچە قەدىرلىك سانىلىشقا ھەقلىقتۇر. ئۇلار ھاياتىنى ئەھمىيەتلىك ئىشلار بىلەن ئۆتكۈزگەن ئادەملەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ جەھەتتە ئۇلارنىڭ تۆھپىسىنى ئۇنتۇپ قېلىشقا بولمايدۇ. بۇلارنى ئۇنتۇپ قالغانلىق تارىخنى ئۇنتۇپ قالغانلىق بىلەن باراۋەردۇر. بىزنىڭ دىيارىمىزدا ئەقىل ـ پاراستىنى، بارلىقىنى مانا شۇنداق خاسىيەتلىك ئىشلارغا بېغىشلىغان تۆھپىكارلار بار، ئەنە شۇ تۆھپىكارلارنىڭ بىرى خوتەن ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت ئىدارىسىنىڭ سابىق مۇئاۋىن باشلىقى مەمتىمىن سابىر ئەپەندىدۇر. ئۇ ماددىي فولكلور ۋە مەنىۋى فولكلور بايلىقىمىزنى تەتقىق قىلىش جەھەتتە زور مېھنەت ـ ئەجىر سىڭدۈرۈپ، مەدەنىيەت مىراسلىرىمىزنى قۇتقۇزۇپ قېلىش جەھەتتە، بولۇپمۇ ماددىي فولكلور بايلىقىمىزنى تەتقىق قىلىشتا ئۆچمەس تۆھپىلەرنى كۆرسەتتى.

ئۇنىڭ تەتقىقاتى 1980 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدا باشلانغان بولۇپ، «‹ھ› فونېمىسىنىڭ خوتەن دىئالېكتىدىكى ئورنى»، «ئۇيغۇرلاردا دېھقانچىلىق مەدەنىيىتى ۋە ئاشلىق ـ ياغ پىششىقلاپ ئىشلەش قول ھۈنەرلىرى» قاتارلىق ئەسەرلىرى ۋە ئىلمىي ماقالىلىرى «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى، «تىل ۋە تەرجىمە»، «شىنجاڭ ياشلىرى»، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمى» ژۇرنىلى، «خوتەن ئالىي سىفەن تېخنىكوم ئىلمى» ژۇرنىلى، «مىراس» ژۇرنىلى قاتارلىق مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىندى.

ئۇ كېيىنكى مەزگىللەردە زېھنىنى ئاساسلىقى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى توپلاش، رەتلەشكە، ئۇيغۇرلارنىڭ قول ھۈنەرۋەنچىلىك مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشقا قاراتقان بولۇپ، بۇ جەھەتتە نۇرغۇن خەلق قوشاقلىرىنى توپلىغان. بۇنىڭدىن بىر قىسمى «مىراس» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان. «دامكۇ ھەققىدە رىۋايەت»، «چۇلاقنىڭ سېيى ھەققىدە رىۋايەت»، «قاشتېشى رىۋايىتى» قاتارلىق ئەپسانە ـ رىۋايەتلەرنى توپلاپ بىر قىسمىنى ئېلان قىلدۇردى. ئۇ يەنە خەنزۇ تىلىدا ئىجادىيەت، تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىش ئىقتىدارىغا ئاساسەن «خوتەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ مەززىلىك تائاملىرى»، «خوتەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئۆزگىچە كىيىم ـ كېچەكلىرى»، «قاراقاش پىچىقى» قاتارلىق ماقالىلىرىنى خەنزۇ تىلىدا يېزىپ چىقتى. ئۇ ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت ئىدارىسىدە ئىشلىگەن مەزگىلدە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى قېزىش، توپلاش، رەتلەش، نەشر قىلىش خىزمىتىگە مەسئۇل بولۇپ، خوتەن ۋىلايىتىنىڭ بۇ جەھەتتىكى خىزمىتىنىڭ نەتىجىلىك ئىشلىنىشىگە مۇناسىپ كۈچ چىقارغان. دۆلەتنىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن 8 ـ بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ھەرقايسى ناھىيىلىرىدە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى توپلاش، نەشر قىلىش خىزمىتى ئىشلىنىپ، پۈتۈن ۋىلايەت بويىچە «ئۈچ توپلام» بويىچە 22 كىتاب نەشر قىلىنغان. بۇلاردىن ھەرقايسى ناھىيە، شەھەرلەر نەشر قىلدۇرغان خەلق قوشاقلىرى توپلاملىرىدا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى ئىچىدىكى مۇزىكىلىق ئەسەرلەرنىڭ تېكىستىنى قۇتقۇزۇپ «10 ـ بەش يىللىق پىلان» مەزگىلىدە، مەمۇرىي مەھكىمە خەلق مۇزىكىلىق ئەسەرلىرىنىڭ مۇزىكا ـ ئاھاڭىنى خاتىرىلەپ قۇتقۇزۇش، رەتلەش خىزمىتىنى كۆنتەرتىپكە كىرگۈزدى ھەمدە

مەخسۇس كۆچ تەشكىللەپ «خوتەن خەلق ناخشا ـ كۈيلـــرى»
ناملىق كىتابنى تۈزۈش، نەشر قىلىش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى.
مەمتىمىن سابىر مەزكۇر كىتابنى تۈزۈش تەھرىر ھەيئىتى ئىشخانى-
سىنىڭ ئىشخانا مۇدىرلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ، ئالاقىدار خادىملار
بىلەن بۇ خىزمەتنىڭ نەتىجىلىك ئىشلىنىشىگە ھەسسە قوشتى. نەتى-
جىدە، 2003 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ نەشر قىلىشى بى-
لەن «خوتەن خەلق ناخشا ـ كۈيلىرى» دېگەن چوڭ ھەجىملىك
ئەسەر كىتابخانىلار بىلەن يۈز كۆرۈشتى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مەمتىمىن سابىر خوتەننىڭ يىپەك-
چىلىك، گىلەمچىلىك مەدەنىيىتى ۋە قەدىمكى دەۋر مەدەنىيىتى
توغرىسىدا ئىزدىنىپ «خوتەن يىپەكچىلىكى»، «خوتەن گىلەمچى-
لىكى» (باشقىلار بىلەن بىللە)، «خوتەن مەدەنىيەت خەزىنىسىدىن
تەرمىلەر» قاتارلىق فولكلور تەتقىقات ماقالىلىرىنى يېزىپ چىقتى.
بۇ ماقالىلەر خوتەن ئالىي سىفەن تېخنىكومىنىڭ پروفېسسورى،
شائىر ئابدۇللا سۇلايمان تۈزگەن «دۇنيادا بىرلا خوتەن بار»
ناملىق كىتابنىڭ 3 ـ ، 4 ـ قىسمىغا كىرگۈزۈپ ئېلان قىلىندى.

مەمتىمىن سابىرنىڭ پۈتكۈل تەتقىقات نەتىجىسىگە ۋەكىللىك
قىلىدىغان ئەسىرى 2002 ـ يىلى 10 ـ ئايدا قەشقەر ئۇيغۇر نەش-
رىياتى نەشر قىلغان «ئۇيغۇر قول ھۈنەرۋەنچىلىكى» نـامـلــىق
چوڭ ھەجىملىك يىرىك ئەسىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئاپتور ئۇي-
غۇر قول ھۈنەر ـ سەنئىتى ھەققىدىكى ئۇزاق يىللىق تەتقىقاتى
ئاساسىدا يېزىپ چىققان بۇ يىرىك ئىلمىي ئەسەردە، قـەدىــمـدىن
تارتىپ ھازىرغىچە بولغان ئۇيغۇر قول ھۈنەر تۈرلىرى، ئۇلارنىڭ
كېلىپ چىقىشى، تەرەققىيات، خام ئەشيالارنىڭ چىقىش ئورنى ۋە
خۇسۇسىيىتى، قول ـ ھۈنەرۋەنچىلىكتە ئىشلىتىلىدىغان قورال ـ
سايمان، ئۈسكۈنىلەر، ئۇلارنىڭ تۈزۈلۈشى، ئىش پرىنسىپى، قول
مەشغۇلاتى، مەھسۇلاتلارنىڭ نۇسخا، رەڭ تۈرلىرى، سەنئەت ئا-
لاھىدىلىكى، ئىستېمال ئالاھىدىلىكى قاتارلىقلار بىر قەدەر تەپسى-
لىي بايان قىلىنغان. كىتابتا يەتتە چوڭ تۈر بويىچە 60 خىلدىن
ئارتۇق قول ھۈنەر كەسپى ۋە بۇ كەسىپلەر ئارقىلىق ئىشلەپ چى-
قىرىلىدىغان تەخمىنەن 3000 خىلدىن ئارتۇق نۇسخا، رەڭ تۈرى-
دىكى مەھسۇلات تونۇشتۇرۇلغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە كىتابتا يەنە
ئۇيغۇر قول ـ ھۈنەرۋەنچىلىكىنى نەزەرىيە جەھەتتىن شەرھلەپ،
بەزى قول ھۈنەر تۈرلىرى، بەزى مەھسۇلاتلارنىڭ كېلىپ چى-
قىش ـ تەرەققىيات ئەھۋالى، ئايرىم ئاتالغۇلارنىڭ ئېتمولوگىيىسى
توغرىسىدا خېلى ئەترالىق تەتقىقات ئېلىپ بېرىلغان. بۇ كىتاب
ئۇيغۇر قول ـ ھۈنەرۋەنچىلىكىنىڭ تارىخىي مەنبەسى، جۈملىدىن
ئۇيغۇر قول ھۈنەر مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىش، شۇنداقلا ئۇيغۇر
قول ھۈنەرۋەنچىلىكى بىلەن باغلىنىشلىق بولغان ئۇيغۇر ئېت-
نوگرافىيىسىنى، جۈملىدىن ئۇيغۇر تىلىنى تەتقىق قىلىشتا مۇئەييەن
تارىخىي، ئىلمىي پايدىلىنىشچانلىق قىممىتىگە ئىگە ئەسەر بولۇپ
ھېسابلىنىدۇ. بۇ كىتاب نەشر قىلىنغاندىن كېيىن، 2003 ـ يىلى 11 ـ
ئايدا دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتى بىلەن مەملىكەتلىك ئاخبا-
رات ـ نەشرىيات باش مەھكىمىسى تەرىپىدىن ئۆتكۈزۈلگەن 6 ـ
نۆۋەتلىك جۇڭگو مىللىي كىتاب مۇكاپاتىنى باھالاش پائالىيىتىدە
2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 2003 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ئاپتونوم رايون-
لۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، ئاپتونوم رايونلۇق ئاخبارات ـ
نەشرىيات ئىدارىسى تەرىپىدىن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى
بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن 4 ـ نۆۋەتلىك كىتاب مۇكاپاتى باھالاش پا-
ئالىيىتىدە 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن. 2005 ـ يىلى 1 ـ
ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 6 ـ نۆۋەتلىك ئىجتىـمـائـىي
پەنلەر بويىچە نادىر ئەسەرلەرنى باھالاش ـ مۇكاپاتلاش پائالىيى-
تىدە مۇنەۋۋەر ئەسەر مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. مەمتىمــىن سـابــىر
2005 ـ يىلى 3 ـ ئايدا شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتىنىڭ «شىنجاڭ
مىللەتلەر خەلق گۈزەل ـ سەنئەت تەتقىقات ئورنى»غا تەتقىقات-
چىلىققا تەكلىپ قىلىنغان.

ئاپتور بۇلار بىلەنلا قانائەتلىنىپ قالماي، 2005 ـ يىلى شى-
جاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئاز سانلىق مىللەتلەر
فولكلور مەدەنىيىتى تەتقىقات مەركىزىنىڭ ھاۋالىسىگە ئاسـاسـەن
«خوتەن مەشرەپلىرى» ناملىق يىرىك ئىلمىي ماقالىسىنى يېزىپ
پۈتكۈزدى. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشر قىلدىغان «ئـۇيـغـۇر
مەشرەپلىرى» ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلىدىغان 100 مىڭ خەتتىن
ئارتۇق بۇ ماقالىدا خوتەن مەشرەپلىرى ئەترابلىق تەتقىق قىلىنغان
ۋە تەپسىلىي بايان قىلىنغان. ئۇنىڭ تەتقىقات ۋە ئىجادىيىتى كۆپ
قىرلىق بولۇپ يېقىندا خوتەن ناھىيىلىك مەدەنىيەت ـ تەنتەربىيە
ئىدارىسىنىڭ تەكلىپى بىلەن «خوتەن ناھىيە مەدەنىيەت تەزكىرى-
سى» ناملىق ماقالىسى ۋە «ئۇيغۇرلاردا پىلە ـ يىپەكچىلىك»،
«ئۇيغۇرلاردا چاي ئىستېمالى ۋە چاي مەدەنىيـــتى»، «ئـۇزاق
ئۆمۈر كۆرۈش ئىلمىنىڭ تەرەققىيات تارىخى ھەققىدە قىسقىچە با-
يان» قاتارلىق ماقالىلىرىنى يېزىپ پۈتكۈزدى. ھازىر ئۇ «ئۇيغۇر
قول ھۈنەرۋەنچىلىكى» ناملىق كىتابنىڭ 2 ـ ، 3 ـ قىسمىنى يې-
زىۋاتىدۇ.

ئاپتور: خوتەن مائارىپ ئىنستىتۇتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

# كۆڭۈل كۆڭۈلدىن سۇ ئىچەر

ئۇچۇرلارنىڭ كۆپ خىللىشىشى دەۋرىمىزنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى شىنجاڭ ۋالڭ تۇڭ خەۋەرلىشىش شىركىتى دەل مۇشۇنداق ئۇچۇرلاشقان دەۋردە مەيدانغا كەلگەن. شىنجاڭ ۋالڭ تۇڭ خەۋەرلىشىش شىركىتىنىڭ تورلۇك داڭلىق تېلېگراف مۇلازىمەتلىرى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت كىشىلىرىنىڭ قەلبىنى بىر ـ بىرىگە تۇتاشتۇرۇپ كەلمەكتە، شىنجاڭ ۋالڭ تۇڭ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى تورلۇك ئۇچۇر بىلەن يېتەكلىمەكتە.

ADSL / LAN كەڭ بەلۋاغ مۇلازىمىتى: جۇڭگو ۋالڭ تۇڭ خەۋەرلىشىش شىركىتى جاھاننى تۇتاشتۇرىدۇ. شىنجاڭ ۋالڭ تۇڭ خەۋەرلىشىش شىركىتى تەمىنلىگەن ADSL كەڭ بەلۋاغ مۇلازىمىتىنىڭ يەتكۈزۈش سۈرئىتى 8Mbps كە يېتىدۇ. تور ئويۇنلىرى، يىراقتىن دەرس بېرىش، سوفتلارنى چۈشۈرۈش تولىمۇ ئوڭاي. ئۇ ئەنئەنىۋى تېلېفون ئارقىلىق نومۇر بېسىپ تورغا چىقىشتىن سۈپەتلىك، سۈرئىتى تېز. شىنجاڭ ۋالڭ تۇڭ تەمىنلىگەن نۇر كابېلىغا بەش تورلۇك تور لىنىيە ئۇسۇلى بويىچە كەڭ بەلۋاغ كىرگۈزۈش تېخنىكا پىلانى ئىشلىتىلگەن ( LAN كەڭ بەلۋاغ كىرگۈزۈلگەن) بولۇپ 1000 مېگاگىرىسلىق نۇر كابېلى كىچىك ئولتۇراق رايوندىكى بىنالارغا، 100 مېگاگىرىسلىق نۇر كابېلى سېكسىيىلەرگە (كورپۇس) (دەنيۈەن) ئون مېگاگىرىسلىق نۇر كابېلى ئۈستەلگىچە يېتىپ بارالايدۇ.

مۇقىم تېلېفون: شىنجاڭ ۋالڭ تۇڭ ئىدارە ئورۇنلارنى، ئائىلىلەرنى قولاي ھەم تېز بولغان مۇقىم تېلېفون ئورنىتىش، نامىنى ئۆزگەرتىش، تىزىملىتىش، سىستېمىلىق باشقۇرۇش مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئابونتلار تېلېفون ئورناتماقچى بولسا، شىنجاڭ ۋالڭ تۇڭ ئىشىك ئالدىغىچە بېرىپ مۇلازىمەت قىلىدۇ. نەق مەيداندا مۇناسىۋەتلىك خىراجەتلەرنى تاپشۇرسا، شىنجاڭ ۋالڭ تۇڭ ئائىلىلەرگىچە بېرىپ تېلېفون ئورنىتىپ بېرىدۇ. ئەگەر بەلگىلەنگەن ۋاقىت ئىچىدە تېلېفون ئورنىتىلمىسا، 10060 غا تېلېفون قىلىپ ئەرز قىلسا بولىدۇ. تېلېفون بېرىپ تېلېفون ئورنىتىشنى ئىلتىماس قىلماقچى بولسا 10060 غا تېلېفون قىلسا، ئائىلىلەرگىچە بېرىپ تېلېفون ئورنىتىپ بېرىدۇ.

IP 17969.196 تېلېفون مۇلازىمىتى:

كارخانىلار ۋە ئائىلىلەرنىڭ دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئارا ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون، IP ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون ۋە دۆلەت ئىچىدىكى رايون ئاتلىغان يانفون ئېھتىياجىغا ئاساسەن، شىنجاڭ ۋالڭ تۇڭ كارخانا ۋە ئائىلىلەر ئۈچۈن مەخسۇس لايىھىلەنگەن IP 17969 مۇلازىمىتىنى يولغا قويدى. بۇ مۇلازىمەت ئابونتلارنى قولاي، ئەرزان ئېنىق IP ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەيدۇ. شىنجاڭ ۋالڭ تۇڭ 196 مۇلازىمىتى ئارقىلىق ئابونتلارنى تىزىملاتقان تېلېفونى بىلەن ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون قىلىش مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەيدۇ (بۇنداق ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون بەلگىلىمە بويىچە ئەرزان). ئابونتلار ۋالڭ تۇڭنىڭ كەسپىي ۋاكالەتچىلىرى ياكى بىۋاستە كەسپىي خادىملىرى ئارقىلىق تېلېفون ئورناتسا، تىزىملاتسا بولىدۇ. شۇنداقلا يەنە ئابونتلار مۇلازىمەت تېلېفونى 10060 غا تېلېفون قىلسا بولىدۇ.

IP 17968 كارتىسى تۈرىدىكى مۇلازىمەتلەر: ئابونتلار IP 17968 كارتىسىنى سېتىۋېلىپ، مۇقىم تېلېفوندا ياكى يانفوندا IP ئۇسۇلى بويىچە دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئارالىق ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون قىلسا بولىدۇ. ئابونتلار 17968 نى، ھېساب نومۇرنى، مەخپىي نومۇرنى كىرگۈزۈپ دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئارا ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون قىلسا بولىدۇ.

ئاممىۋى تېلېفون: شىنجاڭ ۋالڭ تۇڭ شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى مەركىزىي شەھەرلەردە قولايلىق ھەم تېز بولغان ئاممىۋى تېلېفون ئورنىتىش مۇلازىمىتىنى يولغا قويدى.

تېلېفونخانىلار: شىنجاڭ ۋالڭ تۇڭ شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى مەركىزىي شەھەرلەردە نۇرغۇن تېلېفونخانىلارنى ئاچتى. شىنجاڭ ۋالڭ تۇڭ تېلېفونخانا مۇلازىمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلارنىڭ شىنجاڭ ۋالڭ تۇڭ تېلېفونخانا مۇلازىمىتى سېپىگە قوشۇلۇشىنى قىزغىن قارشى ئالىدۇ.

16900 تار بەلۋاغدا تورغا چىقىش مۇلازىمىتى

شىنجاڭ ۋالڭ تۇڭ ئابونتلارنى كەڭ بەلۋاغ مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەشتىن سىرت يەنە كىرىش رەقىمى 16900 بولغان تار بەلۋاغدا تورغا چىقىش مۇلازىمىتى بىلەنمۇ تەمىنلەيدۇ.

شۈبھىسىزكى، شىنجاڭ ۋالڭ تۇڭ ئابونتلارنى مول مەزمۇنلۇق ئۇچۇر سۈپىسى بىلەن تەمىن ئېتىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى بىلەن بىرلىكتە رەڭگارەڭ، مول مەزمۇنلۇق چەكسىز ئۇچۇر دەۋرىگە بىرلىكتە قەدەم تاشلىغۇسى.

2006.4


كۆڭۈل ھۇزۇرى -جۇڭگو تور خەۋەرلىشىشى دۇنيانى قاپلىغان
10060: جۇڭگو تور خەۋەرلىشىشى ئابونتلار مۇلازىمەت قىزىق لىنىيىسى
客服热线 10060
ئابونتلار مۇلازىمەت قىزىق لىنىيىسى
كۆڭۈل قويۇپ ئەتراپلىق مۇلازىمەت قىلىدۇ، جۇڭگو
تورخەۋەرلىشىشى بىلەن ئابونتلار ئوتتۇرىسىدىكى كۆۋرۈك ۋە ۋاستە
Beijing 2008
CNC
中国网通
北京2008奥运会合作伙伴
10060 ئالاھىدە مۇلازىمەت نومۇرى تور خەۋەرلىشىش ئابونتلىرىغا ئۆز جايىدىكى تور دائىرىسىدە تېلېگراف ئىشلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك كەسپىي ئىشلاردىن مەسلىھەت بېرىدىغان، ئەرزلەرنى قوبۇل قىلىدىغان، توسالغۇلارنى ئوڭشاپ بېرىدىغان، بازار يۈرۈستى بىلەن تەمىنلەيدىغان، كۆڭۈلدىكىدەك مۇلازىمەت قىلىدىغان ئۇنىۋېرسال مۇلازىمەت سەھنىسى.
مۇلازىمەت تۈرلىرىمىز:
• كەسپىي ئىشلاردىن مەسلىھەت بېرىمىز
• ئەرزلەرنى قوبۇل قىلىمىز
• توسالغۇلارنى ئوڭشاپ بېرىمىز
• بازار يۈرۈستى بىلەن تەمىنلەيمىز
• كۆڭۈلدىكىدەك مۇلازىمەت قىلىمىز
ئابونتلار مۇلازىمەت قىزىق لىنىيىسى
客服热线 10060
جۇڭگو تور خەۋەرلىشىش گۇرۇھ شىركىتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شۆبىسى
中国网络通信集团公司新疆维吾尔自治区分公司



تارىمدىكى ئوۋچىلار يالقۇن ھابىل فوتوسى

# 美拉斯 مىراس

MIRAS (Heritage) of Uyghur Folk Culture


主管：新疆维吾尔自治区文学艺术界联合会
编辑：《美拉斯》杂志社（乌市友好南路22号文联14层） 电话：(0991)4554017
印刷：新疆日报社印务中心
发行：乌鲁木齐邮局
订阅：全国各地邮局
国内统一刊号：CN65—1130/I
国外统一刊号：ISSN1004—3829
代号：58—60 广告许可证号：6500006000040
E-mail：mirasuyghur@126.com
海外发行代号：1130BM
邮编：830001 定价：5.00元

CHINA NATIONAL PUBLICATIONS
IMPORT & EXPORT (GPOUP) CORPORATION.EXPORT DEPT.
16Gongti E.Road,Chaoyang District, P.O.Box88, Beijing 100020, PR China
E-Mail: exprt@cnpiec.com.cn or library@cnpiec.com.cn
Fax: 0086-10-6563069 Tel: 0086-65856781 0086-10-65004552

باشقۇرغۇچى: ش ئۇ ئا ر ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى
تۈزگۈچى: «مىراس» ژۇرنىلى تەھرىراتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى دوستلۇق جەنۇبىي يولى 22 ـ نومۇر، 14 ـ قەۋەت
Tel:0991-4554017
«شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى باسما ئىشلىرى مەركىزىدە بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى: CN65 - 1130 / I
خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN1004 — 3829
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 58 — 60 باھاسى: 5.00 يۈەن
E-mail: mirasuyghur@126.com
چەت ئەلگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: 1130BM
ئېلان ئىجازەتنامە نومۇرى : 6500006000040